ياقۇپ ئىسمائىل



# نەمەت خەلپەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




www.uyghurkitap.com

ياقۇپ ئىسمائىل

# نەمەت خەلپەت

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

纳麦提·海里帕提：维吾尔文/牙库甫·司马依著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.5
ISBN 978—7—228—10128—3

Ⅰ.纳…　Ⅱ.牙…　Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 047722 号

著　　者　牙库甫·司马依
责任编辑　依明江·艾木都拉
责任校对　阿布里孜·阿巴斯
封面设计　木拉丁·阿比提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆金版印务有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　10.125
版　　次　2007 年 7 月第 1 版
印　　次　2007 年 7 月第 1 次印刷
印　　数　1—4100 册
定　　价　21.00 元



ياقۇپ ئىسمائىل

# مۇندەرىجە


ئوغلۇمنى موللا قىلىمەن ........................................ 1
يامغۇر ياغلاق ........................................ 12
مەن بولسام كىتابنى ئالاتتىم ........................................ 17
لۈكچۈن شەھىرىدە ياغاچ كەممىدى ........................................ 23
بۈركۈت ئۇۋىسى ........................................ 29
داۋۇت ئاخۇننىڭ ئۆلۈمى ........................................ 34
دىلدا ئويغانغان ئارزۇ ........................................ 38
ئاھ، گۈزەل مۈرتۇق ........................................ 42
چىلڭ گاڭ غوجام چىللايدۇ ........................................ 48
ئەلنىڭ ئىپتىخارى ........................................ 57
سالام لۈكچۈن ........................................ 66
بۇ ھۇجرىدا نىزارى ھەزرەتلىرى تۇرغان ........................................ 75
لۈكچۈندە پارلىغان چولپان ........................................ 84
ئەل ئويغانغاندا ........................................ 100
«ئۇيغۇر» توغرىسىدا رىۋايەت ........................................ 110
دىغاردا بىر كۈن ........................................ 124
شائىرنىڭ ئايىغى ياراشتى ........................................ 131
پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ........................................ 139
ئىنقىلابچىلار ھەرىكەتتە ........................................ 149
پىچاندىكى چوڭ قىرغىن ........................................ 164
پىچانغا ھۇجۇم ........................................ 172

جىمسار پوتۇمى ........................ 187
پەتىۋا ........................ 207
ئەنسىز خىياللار ........................ 217
يىگىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كۈنلەردە ........................ 233
تۇرمىدىكى كۈرەش ........................ 244
تۇرمىدىن چىقىش ........................ 258
تۇرپان خەلقىدىن سالام ........................ 274
ئىلىدا ئۆتكەن كۈنلەر ........................ 291
ئىلىنىڭ يولتۇزى ئۆچتى ........................ 307
ئارمان كۈلگەن كۈنلەردە ........................ 316
ئاخىرقى سۆز ........................ 320

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوغلۇمنى موللا قىلىمەن

تۇرپان رايونىغا سۇلتان مامۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. ۋاقىلىقنىڭ ئاستانىسى لۇكچۇن شەھىرى 5 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا تونۇردەك قىزىشقا باشلىغان، شەھەر ئەتراپى، مەھەللە ئۆستەڭ بويلىرى ۋە ئېتىزلىق ئەتراپىدا ئۆسكەن يازنىڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان نېمىتى جۇجەملەر پىشىپ تۆكمە بولغان، ۋاقىلىقنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان ئورتاقچىلار ئىجارىگە ئالغان يەرلىرىدىكى كېۋەزلەرنى تاقلاش، قوغۇن مايسىلىرىنىڭ ھارام شاخلىرىنى ئېلىش ۋە ۋاقىلىققا تەۋە بولغان تەكلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى قىرقىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش پەيتلىرى ئىدى. لۇكچۇن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى نامراتلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى داۋۇت ئاخۇن بامدات نامىزىدىن يېنىپ، ئەل ـ جامائەت بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئالدىرىغىنىچە ئۆيىگە يېنىپ كەلدى ۋە ھويلىسىدىكى سۇپىدا، داق يەردىلا سۇنايلىنىپ يېتىپ قالغان ئايالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ئايىشخان، ھاشىخان، قىزلىرىم، قېنى سىزلەر؟

ئۇ قىزلىرىنى توۋلىغاچ ئۆيدىن بىر پارچە كىگىز ئاچىقىپ سۇپىغا سېلىپ ئورۇن راسلىغاندىن كېيىن، ئايالىنى كۆتۈرگىنىچە ئورۇنغا ياتقۇزدى. بۇ چاغدا ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى باغچىغا سېلىنغان ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قاينىتىۋاتقان قىزلىرى پەيدا بولدى.

— ئاتا، نېمە ئىش بولدى؟ نېمە، ئاپام تۇگۇلۇپ قاپتىغۇ، ئاپا... — ئۇلار قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، — كۆزۈڭنى ئاچ، ئاپا، ھو ـ ھو...

— يىغلىمىسىڭلار، قىزلىرىم، قورقمىسى-
ڭىزلەر ـ ھە، — داۋۇت ئاخۇن قىزلىرىنى بەزلىگەچ ئايالىنىڭ
پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قونۇۋالغان چې-
ۋىنلەرنى قورۇشقا باشلىدى، — ئايىسخان قىزىم، سىز چېپىڭىزنى
قايىنىتىۋېرىڭ، ھاشىخان، سىز چىقىپ پاتەمخان ئايلامنى چاقىرىپ
كىرىڭ. ئاپامنىڭ ۋاقتى توشۇپ قاپتۇ، دەڭ. چاپسان بولۇڭ،
قىزىم.

ئاتىسىدىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىشىتكەن قىزلار ئىشنىڭ
تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى ۋە بالىلارچە
ساددىلىقى بىلەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ چاۋاك چېلىشقا باشلى-
دى.

— ۋاي، ئەمدى بىزنىڭمۇ ئۇكىمىز بار بولىدىغان بولدى…

ھاشىخان چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھويلىغا مەھەللە
مىرابى كىرىپ كەلدى.

— ھە، داۋۇت ئاخۇن، بۈگۈن ئورتاققا ئالغان يېرىڭگە سۇ
كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بەخىرامان ئولتۇرىسەنغۇ؟

— ئايالىڭنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ،
شۇڭا…

— نېمە؟ يەنە تۇغامدۇ؟

لۈكچۈن شەھىرى ئەتراپىدىكى مەھەللە ـ كەنتلەر بىرقانچە
بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، سىركىپ بىر رايون، ئامانشا تەرەپ بىر
رايون، دېھقانسۇ تەرەپ بىر رايون بولۇپ، بۇ يەرلەرنى مەخسۇس
دورغىلار باشقۇراتتى. سىركىپكە ئاسقال قويۇلغان بولۇپ، شەھەر
ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ سۈيىنى ئوردا مىرابلىرى باشقۇراتتى.
داۋۇت ئاخۇننى سۆيلەپ كىرگەن مىراب ئوردا بەگلىرىدىن بىرىنىڭ
شىرەم تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، يېشى ئوتتۇزغا بارماي تۇرۇپلا ئىك-
كى قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلا خوتۇنىدىن بىرەرمۇ
پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن بولغاچقا، باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ
تۇغقىنىنى ئاڭلىغان ھامان يۈرىكى ھەسەتتىن پۇچىلىنىپ، قوقاس-

قا دەسسىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن داۋۇت ئاخۇننىڭ ئايالىنىڭ ئۈچىنچى پەرزەنتىگە كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ زادى چىداپ تۇرالمىدى.

— بەتتام قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا دېگەندەك، ساپلا ئور-تاقچىلارنىڭ بالىلىرى جىق، — ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى، — بالاڭ تۇغۇلسىمۇ يەنە نان دەيدىغاندۇر؟ چاپسان بېرىپ ئېتىزىڭغا جورۇق قىل، ئەتە - ئۆگۈن گاڭلىق ئامبارغا لەڭ تۆكىدىغان چاغدا بېزىرىپ قالما يەنە.

— قىزىم پاتەمخان ئايالمنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتكەن، شۇلار كىرسىلا ماڭىمەن.

— چاپسان بول - هە، سەن بولمىساڭمۇ تۇغۇۋېرىدۇ ئۇ دېگەن، جورۇقنى ياخشى قىلماي سۇ نۆۋىتىڭنى ئۆتكۈزۈپ قويساڭ ئۆز ئۆگالىڭ ئۆزۈڭگە.

مىراب دەرۋازىنى جالاقلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا هويلىغا كىرىپ كەلگەن پاتەمخان ئايلا داۋۇت ئاخۇننىڭ تاتارغان چىرايىغا قاراپ بىر ئىشنى سەزگەندەك تالاغا قاراپ تىل سالدى:

— يەپ تويماس جوهۇتلار، پۇقرالارنى قاقشىتىپ يۇرۇپ قارنىڭ يېرىلىپ ئۆلەرسەن، ئىلاهىم!

پاتەمخان ئىسمىلىك بۇ ئايال داۋۇت ئاخۇنلارنىڭ قوشنىسى بولۇپ، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك، قولى گۈل ئايال ئىدى. نامراتلار رايوندا باللارغا دائىم دېگۇدەك تۇغۇت ئانىسى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئايالنى هەممەيلەن هۆرمەتلەيتتى. ئۇ ئالدىراش كېلىپ سۇپىغا چىقتى ۋە داۋۇت ئاخۇننىڭ قولىدىكى لاتىنى ئال-دى.

— ئۇكەم، ئۆزلىرى ئېتىزلىقلىرىغا بېرىۋەرسىلە، جورۇقنى ئوبدان قىلماي، سۇ يولغا چىقىپ كەتسىمۇ، يەنە پۇل دەيدۇ بۇ زالىملار.

داۋۇت ئاخۇن پاتەمخان ئايلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، هويلىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ

ئىتىزلىققا قاراپ ماڭدى.
ئۇ ئىتىزلىققا يىتىپ كەلگەندە يەر قوشنىسىنىڭ ئىتىزىغا سۇ كىرىۋاتاتتى. «سۇ دىگەن ھەممىنىڭ جىنى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىز ئورتاقچىلار ئۇچۇن تىخمۇ شۇنداق». ئۇ ئىتىزىنىڭ ئىچقىنى ئاچقاندىن كىيىن ئىرىققا توغان سىلىپمۇ ئۇلگۇردى. بۇ چاغدا يەر قوشنىسى سادىق ئاكا ۋارقىرىدى:
— داۋۇت ئاخۇن، ھاي داۋۇت ئاخۇن، بۇگۇن جىمىپلا كىتىپسەنغۇ، يا سالىمىڭ يوق، يا ناخشاڭ. سالام قىلمىساڭمۇ مەيلى، ناخشا ئىيتمىساڭ ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالىدىكەن.
داۋۇت ئاخۇن كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۇيدۇرماسلىق ئۇچۇن ئۆزى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىيتىدىغان لوكچۇننىڭ يەرلىك ناخشىلىرىدىن «ھەيرانىڭمەن» نى باشلىدى:

ماڭا بىر تون پىچىپتۇرلەر،
ئىتەك - ياقاسى يوقتۇرلەر...

ناخشا توگىگەندىن كىيىن سادىق ئاخۇن رازى بولمىدى:
— بۇگۇن ساڭا نىمە بولدى، ئاغىنە، ئۇنۇڭ تىترەپ ناخشاڭ ھىچبىر قاملاشمايدىغۇ. ئۆز گاختىدا رەھمەتلىك موللا زەيدىن ئاكام بىلەن توي - تۆكۇنلەردە ناخشا ئىيتىپ سورۇنلاردىن چاڭ چىقىراتتىڭ. ئەمدى ئاۋازىڭ پۇتۇپ قىلىۋاتامدۇ؟— سادىق ئاخۇن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى،— ئەگەر ئاۋازىڭ پۇتۇپ قالغان بولسا بىزنىڭكىدە تونۇرغا چۇشۇپ كەتكەن كۆيۇك نان دىگەن جىق. كۆيۇك ناننى كىكىرگۇچە يەۋالساڭ، كاۋا چىچىكىدەك ئىچىلىپلا كىتىسەن...
داۋۇت ئاخۇننىڭ لەقىمى «كاۋا» بولغاچقا بۇ چاقچاق تازا جايىدا كەلگەندى. ئەگەر باشقا چاغلار بولسا ئىدى، داۋۇت ئاخۇنمۇ بوش كەلمەي سادىق ئاخۇننىڭ «قاپاق» لەقىمىنى كەلتۇرۇپ چاقچىقىغا جاۋاب قايتۇرار ئىدى. بىراق بۇگۇن ئەھۋال باشقىچە،

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئايالىدا قالغان بولغاچقا، سادىق ئاخۇن-نىڭ چاقچىقىغا جاۋابمۇ قايتۇرماي چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ قالدى. «ھەي يوقسۇزلۇق، ھەي يوقسۇزلۇق، مۇشۇ يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن ئايالىمنىڭ تۇغۇت كۈنىدىمۇ بېشىدا بولالمىدىم. بىچارە مەزلۇم قانچىلىك قىيىنىلىپ كېتىۋاتقاندۇر ـ ھە...»

— ناخشا ئېيتساڭمۇ ئاۋازىڭ يىغلاڭغۇ باللارنىڭ ئاۋازىدەك چىقىپ يا قاملاشمايدۇ، چاقچاق قىلسامۇ تىلىڭنى قاغا چوقۇۋالغاندەك جىملا تۇرىسەن. ئۆيۈڭدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ يا، — سادىق ئاخۇن يېقىنلاپ كەلدى.

— مەزلۇمنىڭ كۈنى توشۇپ قالغان، — دېدى داۋۇت ئاخۇن بوش ئاۋازدا، — شۇڭا ئەنسىرەپ...

— يېنىدا پاتەمخان ئايلام يوقمىدى؟

— قىچقىرىپ قويۇپ كەلگەن.

— ۋاي، ئۇنداقتا نېمە غەم، — دېدى سادىق ئاخۇن يەنە، — قورسىقىڭ ئېچىپ دۇتار چېلىپ كەتكەندۇر ھەرقاچان، مەن سۈنى چوڭ ئېتىزغا باشلاپ قويدۇم. توشقۇچە ئانچە ـ مۇنچە جۇجەم يەپ كەلمەيمىزمۇ، يۇرە، ئاداش...

— پاتەمخان ئايلام كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك، قولى گۈل ئايال، — دېدى سادىق ئاخۇن جۇجەملىككە قاراپ مېڭىۋېتىپ، — ھېلىمۇ خۇدايىم بىزگە شۇ ئايالنى نېسىپ قىپتىكەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلۇردۇقكىنتاڭ.

— شۇ ئەمەسمۇ...

ئىككى ئاغىنە ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سۆزلەشكەچ ئېتىزلىقنىڭ سەل نېرىسىدا سايە تاشلاپ بولۇق ئۆسكەن جۇجەملىككە يېتىپ كەلدى ۋە جۇجەملەرگە نەزەر سالدى.

— ساپلا قارا جۇجەمغۇ بۇ، — دېدى سادىق ئاخۇن خۇددى جۇجەملىككە تۇنجى كەلگەن كىشىدەك، — خوتۇن تالاقنىڭ زامانىسىدا جۇجەملەر قارىغا ئۆزگىرىپ كەتكىلى تۇرغانمۇ نېمە؟

داۋۇت ئاخۇن جۇجەمدىن بىر تالنى ئەمدى ئاغزىغا ئېلىپ

بىرنۇىدى، مەھەللە تەرەپتىن ئايسخان چىقىپ كەلدى.

— ئاتا، ئاتا، سۆيۈنچە...— ئۇ ئۆيدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكتىن تەرلەپ، ھۆمۈدەپ كەتكەنىدى،— ئاپام ... ئۇ... ئۇ...

— ئالدىرىماي سۆزلەڭ، قىزىم،— سادىق ئاخۇن ئايسخاننىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا داۋۇت ئاخۇن ئاللىقاچان يولغا چىقىپ بولغان بولۇپ، كەينىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— سادىق ئاداش، ئىنىزىم ساڭا قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ قىلغىنىڭنى ياندۇرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار!...

*　　　　*

داۋۇت ئاخۇن ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئايالىنىڭ يېنىدا ئاپئاق رەخت بىلەن زاكىلانغان بۇدرۇقفىنە بىر بوۋاق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، داۋۇت ئاخۇن،— دېدى پاتەمخان ئايلا ئۇنىڭغا قاراپ،— ئەمدى ئىرىق - ئۆستەڭدىكى تاشلار خۇشال بولىدىغان بولدى.

ئۇ پاتەمخان ئايلىنىڭ سۆزىدىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمدى. خەلق ئارىسىدا «بالا ئوغۇل تۇغۇلسا، ئىرىق - ئۆستەڭدىكى تاشلار، قىز تۇغۇلسا تاھارەت ئالىدىغان ئۆرىق خۇشال بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئوغۇللار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ يۇرتنى گۈللەندۈرىدۇ. قىزلار ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئۆي جاھازلىرىنى پاكىز تۇتۇپ، ئائىلىگە بەرىكەت ياغدۇرىدۇ . بۇمۇ نوقۇل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى مەلۇم مەنىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەھمىيەتلىك سۆزلەر ئىدى.

داۋۇت ئاخۇن كۆلۈمسىرەپ ياتقان ئايالىغا رازىمەنلىك بىلەن مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدە باققاندىن كېيىن، ئوغلىنى قولىغا ئالدى ۋە مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— مەم، مەم، مەم.

— يەۋالمىسىلا يەنە، — دېدى بىر چەتتە ئۇلارغا قاراپ تۇرغان پاتەمخان ئايلا چاقچاق قىلىپ، — تۇغۇتنىڭ بىر جەڭلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئايالى ئېڭراپ ياتسا يىراققا قاچىدۇيۇ، غەلىبە قىلغاندا قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ.

— ئۆزلىرىدەك قومـانـدان تۇرغـان يەردە ماڭا نېمـە غەم، — دېدى كۆڭلى جايىغا چۈشكەن داۋۇت ئاخۇنىنىڭمۇ چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ، — ئوغلۇم چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنى دوراپ بىرەر قوماندان بولۇپ قالامدۇ تېخى.

— ئۇنداق كۆنلەرنى خۇدايىم هارام قىلسۇن، — دېدى پاتەمـ خان چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — خۇدايىمدىن تىنچ ـ ئامان قوشۇلۇپ، قېتىلىپ ئۆتۈشنى تىلىسىلە، ئۇكەم.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن داۋۇت ئاخۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن چۆچۈپ كەتكەن بوۋاق قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىما، قوزام، — دېدى داۋۇت ئاخۇن يـەنە ئۇنـى قـولـىغا ئېلىپ، — سەن يىغلىساڭ بولمايدۇ.

ئۇ ئوغلىنى ئەركىلىتىپ مەڭزىگە يەنە بىرنى سۆيگەندىن كېـ يىن ئايالىغا بەردى. ئايالى ئېمىتكەندىن كېيىن بالا يىغلاشتىن توختىدى.

— يەۋالمىسىلا يەنە، — دېدى پاتەمخان، — مۇشۇكمۇ ئامراقـ لىقىدىن بالىسىنى يەۋالىدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

— يوقسۇ، پاتەمخان ئايلا، يـوقسـۇ، — دېـدى داۋۇت ئـاخـۇن كۈلۈپ، — هېلىمۇ خۇدايىم ماڭا بىر ـ بىرىدىن چىرايـ

لىق ئىككى قىز ئاتا قىلىپ، دىلىمنى يورۇتقانىدى. ئەمدى بۇ ئوغۇلنى بىرىپ دىلىمنىلا ئەمەس، ئۆي ئىچىنىمۇ يورۇتتى. خۇدا-يىم بۇيرۇسا ئوغلۇمنى يەۋىلىش ئۆياقتا تۇرسۇن، مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇپ رەھمەتلىك موللا زەيدىن ئاكامغا ئوخشاش بىلىملىك كى-شىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— خۇدايىم دېگەنلىرى كەلسۇن، ئوغۇللىرى موللا زەيدىنگە ئوخشاش خەلقپەرۋەر، ئىنساپلىق كىشى بولسۇن، — پاتەمخان ئايلا پىخىلداپ كۆلگىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى، — مەن ئۆيگە چىقىپ ئاززاق سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماق ئېتىپ ئەكىرەي، ئۇگالىنىڭ كۆزى يورۇغۇچىلىك بەك قىينىلىپ كەتتى.

* *

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ بوۋاققا ئات قويۇش مۇراسىمى ئۆت-كۈزۈلدى. مەھەللە ئىمامى ھامۇتقارىي بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ بىرمۇنچە ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن:

— ئىسمىڭىز نېئمەت بولسۇن. ئىسمىڭىزنى ئاڭلىغان ھەر-بىر كىشى خۇداۋەندە كەرىم بىز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نازۇ نېمەتلىرىنى يادىغا ئالسۇن. چوڭ بولغاندا ئەجرىڭىزدىن يەرۇ زې-مىن گۈلگە تولسۇن. ھەرقاچان، ھەر زامان ئادالەت سىزگە يار بولسۇن، — دېگىنىچە بالىغا «نېئمەت» دەپ ئات قويدى.

ئىمام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن داۋۇت ئاخۇن ئۆينىڭ ئىسلى-شىپ كەتكەن قىبلە تەرەپتىكى تېمىغا «ئاززۇلۇق ئوغلىمىز نەمەت-قارى مىلادىيە 1888 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، يەنى جۈجەم پىششىقىدا دۇنيايى پانىيغا تەۋەللۇت بولدى» دېگەنلەرنى يېزىپ قويدى.

نەمەت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايىغى ياراشتىمۇ داۋۇت ئاخۇننىڭ ئىشلىرى ئوڭدىن كېلىشكە باشلىدى. ئورما مەزگىلى

بولغان چاغدا ئۇ ئىتىزلىقتىكى بوغدايلارنى ئورۇپ خامانغا ئېلىپ بېرىپ تېپسۇندى، يەر، سۇ پۇللىرىنى ۋە ئۆتكەن يىلى ئورىدىن ئالغان قوناق①قەرزلىرىنى تۆلەپ، يەنە بىرمۇنچە ئېشىنچا ئاشلىققا ئىگە بولدى. قىزلىرىمۇ ئۇكىسىغا قەۋەتلا ئامراق بولۇپ، دائىم ئۇنى كۆتۈرۈپلا يۈرەتتى. كىچىك نەمەتمۇ زېھنى ئۆتكۈر، ئىخلاس-مەن بالا بولۇپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئاتىسى ئېتىزلىققا ماڭغاندا چۈچۈك تىلى بىلەن «ئاتا، مەنمۇ بايمەن…» دېگىنىچە پۇتىغا ئېسىلاتتى، ئېتىزلىقتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە بولسا پىلتىڭ-لاپ ماڭغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاتتى، ئەگەر نامازغا بېرىش ئۈچۈن تاھارەت ئالغىلى ئىشۈرىقنى تۇتسا، «مەنمۇ تەيەت ئېلىپ، نامازغا بايمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا دىلى سۆيۈنگەن داۋۇت ئاخۇن ئايالىغا قارايتتى:

— دېمىدىممۇ، خوتۇن، بۇ بالىدا بىر خىسلەت بار دەپ. خۇدايىم بۇيرۇسا جېنىملا بولسا ئوغلۇمنى چوقۇم موللا قىلىمەن.

… ئارىدىن ئاي، يىللار ئۆتۈپ نەمەتمۇ بەشىنچى يېشىغا قاراپ ماڭدى. بۇ كۈز ئايلىرىنىڭ ئالدىراش پەيتى بولۇپ، ئورتاقچىلار ئېتىزلىقلىرىدىكى ھوسۇلنى يىغىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى، لېكىن بۈگۈن داۋۇت ئاخۇن ئېتىزغا ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئۇستىرىنى ئېلىپ، سا-قال - بۇرۇتىنى ياساشقا باشلىدى. ئېرىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران بولغان ئانا سۆز قاتتى:

— نېمە بولدى ئەمدى ئۆزلەگە، قېرىغاندا قېرى تارتۇق، دېگەندەك ئېتىزغا بارىدىغان نېمىلىرىگە تويغا بارىدىغاندەك جابدۇ-نۇپ.

— بۈگۈن ئېتىزغا بارمايمەن، خوتۇن، — دېدى داۋۇت ئاخۇن ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ، — ھېيت - ئايەملەردە كىيىدى-غان كىيىملىرىمنى تەييار قىل. بۈگۈن دېگەن نەمەتقارىينىڭ تۆت ياش تۆت ئاي تۆت كۈنگە توشقان ۋاقتى. دېمەك، بۈگۈن ئۇنىڭ

① ئۇ چاغلاردا ئوردا پۇقرالارغا قوناق قەرز بېرىپ، ئورنىغا بۇغداي يىغىۋالاتتى.

ئۇچۇن خاسىيەتلىك بىر كۈندۇر. شۇڭا بۇگۈن ئۇنى مەدرىسىنى ئايلاندۇرۇپ، چوڭ بولغاندا موللا بولۇشنى تىلەپ باقاي دەيمىنا.
شۇ چاغدىلا ئايالى ئىبرىنىڭ تۇنۇگۈن كەچتە ئىتىزدىن كېلىپ ھېرىپ كەتكەنلىكىگىمۇ قارىماي نەمەتقارىينى يۇيۇندۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ پىسەڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

*　　　　　*

لۈكچۈن خەلقى ئارىسىدا «بالا تۆت ياش تۆت ئاي تۆت كۈنلۈك بولغاندا بىرەر مەرىپەت ئوچىقىنى ئايلاندۇرۇپ تىلەك تىلىسە، بالا چوڭ بولغاندا ئالىم بولىدۇ» دېگەن كۆز قاراش بولۇپ، داۋۇت ئاخۇن بۇ خىل قاراشنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىدىن ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گەرچە داۋۇت ئاخۇن تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئورتاقچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەل ئىچىدىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىغا قاتنىشىش جەريانىدا شۇ دەۋردىكى ئۆلىمالار بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلىغان، شۇنداقلا ئوغلى تۇغۇلۇشتىن سەككىز يىل ئىلگىرى قازا قىلغان شائىر، قىزىقچى موللا زەيدىن بىلەن سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغان، يەنە كېلىپ توي - تۆكۈن، بەزمە، مەشرەپلەردە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قان - ياشلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، ئەل ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ئىلىم سۆيەر كىشى بولغاچقا، ئوغلىنى موللا زەيدىندەك، ياق، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە زامان ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ئەخمەت خوجا نىياز ئوغلى قۇسۇرىدەك، زوھۇرىدەك، نىيازىدەك كاتتا ئۆلىما كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا ئۇ كۈنساناپ يۈرۈپ، ئۆزى كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلگەندە ئوغلىنى يېتىلەپ مەدرىسىنى ئايلاندۇرغىلى چىقتى. «لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە» نام - شۆھرەت جەھەتتە پۈتۈن شىنجاڭدىكى كاتتا مەرىپەت ئوچاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئالدىرىسى

لىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمانى كامىل، بىلىملىك مۇدەر-
رىسلەر دەرس ئۆتەتتى. تالىپلار لۈكچۈن، پىچان، تۇرپان، توق-
سۇنلاردىن ھالقىپ، قاراشەھەر، كورلا، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ،
مورى، جىمسار، قۇمۇل قاتارلىق قوشنا رايونلارغىچە كېلەيگەند-
دى. لۈكچۈن شەھىرىدىن كەلگەن تالىپلاردىن باشقا يىراق يۇرت-
تىن كەلگەن تالىپلارغا مەخسۇس ھۇجرا ۋە تاماق ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان بولۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى روناق تاپقان مۇنتىزىم
ئوقۇتۇش ئۇقتىلىرىدىن بىرى ئىدى.

— خۇدايىم بەختىڭنى بەرسە، سەنمۇ چوڭ بولغاندا مۇشۇ
مەدرىسىدە ئوقۇپ كاتتا ئۆلىما بولىسەن،— دەيتتى ئۇ ئوغلىغا
خۇددى چوڭ ئادەملەرگە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ،— «ئەقىل خورد-
ماس، بىلىم توزۇماس. پۇقرا بىلىملىك بولسا يۇرت روناق تاپۇر،
بەگلەر ئىمانسىز بولسا يۇرتنى قۇم باسۇر...»

ئۇ نەمەتنى يېتىلەپ مەدرىسە ئەتراپىنى چۆرگىلىتىپ، مەد-
رىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىپ توختىدى.

— كۆردۈڭمۇ، ئوغلۇم،— دېدى ئۇ مەدرىسىنىڭ ئېگىز قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان پەشتاق ۋە مۇنارلىرىنى شەرەتلەپ تۇرۇپ، —
ئادەم بىلىملىك ۋە توغرا سۆزلۈك بولسا ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى
ئاشۇ ئېگىز مۇناردەك مۇستەھكەم بولۇر.

كىچىك نەمەت ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ مەدرىسى-
نىڭ پەشتىقى ۋە مۇنارلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراشقا باشلىدى.
ئۇنىڭ سەبىي دىلىدا بۇ مەرىپەت ئوچىقىغا نىسبەتەن بىر خىل
ھەۋەس تۇيغۇسى ئويغانغان بولۇپ، كۆزىگە پۈتۈن مەدرىسە خۇددى
ئوت بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

# يامغۇر ياغلاق

لۇكچۇن شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يىلاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر قۇملۇق بار بولۇپ، كىشىلەر بۇ قۇملۇقنى «قۇمتاغ» دەپ ئاتايتتى. نورۇز كۈنلىرى لۇكچۇن خەلقى قۇمتاغ باغرىدىكى تۈپتۈز كەتكەن قۇمساڭغۇ سەينادا ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نورۇزنى تەبرىكلىسە، يامغۇر ياغقان ياز كۈنلىرى بۇ جاي توپ ـ توپ ئۇششاق بالىلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بالىلار مەھەللە ـ مەھەللىلەر بويىچە توپلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا بالىلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلاردىن «لاچىن كەلدى»، «ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك»، «مېھماندارچىلىق» ۋە «يامغۇرياغلاق» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئويىنىشىپ ئۆز مەنۇۋىيىتىنى بېيىتاتتى. كىچىككىنە نەمەت بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇپ، ئۆز مەھەللىسىدىن ئون ـ يىگىرمە يول يىراقلىقتا جايلاشقان قۇمتاغقا گاھىدا ئېشەكلىك بالىلار بىلەن بەسلىشىپ، گاھىدا بالىلارنىڭ ئېشەكلىرىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ دېگۇدەك يېتىپ باراتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي بۇ ئويۇننى ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ قورقۇمسىز، باتۇر، زېھنى ئۆتكۈر بالا بولغاچقا، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. نەمەتنىڭ ئاتىسى بولغان داۋۇت ئاخۇن ئۆز زامانىسىدا راست سۆزلۈك، ھەزىلكەش ۋە ئۇستا سازەندە كىشى بولغاچقا، كىچىكىدىنلا بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان نەمەتمۇ ئاددىي قوشاقلارنى توقۇيالايدىغان، ھازىر جاۋاب بالا بولۇپ يېتىلمەكتە ئىدى.

باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، كېچىدىن بۇيان تىنماي يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇر ئانا تەبىئەت قوينىنى پاكىزلاپ

گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەن، ھاۋا سەل سوغۇق بولسىمۇ ئەتراپتىكى پاكىزلىق كىشىنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بۇ كۈنى يەنە نەمەتلەر ئۆز مەھەللىلىكلىرى بىلەن قۇمتاغقا قاراپ يول ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوشنىلىرىنىڭ قىزلىرىمۇ بار بولۇپ، ئويناپ كېلىش ئۈچۈن ئوغۇللارنىڭ سېپىگە قوشۇلغانىدى. ئۇلار يول بويى قىي - چۇ كۆتۈرۈشۈپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ، ئېشەكلىرىنى تاشقىن ئېرىقنىڭ ئەتراپىدىكى بۇلۇق ئۆسكەن يانتاقلىققا باغلىغاندىن كېيىن، چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە يۇگۇرۇشۇپ، موللاق ئېتىشىپ، ئۆزئارا چېلىشىپ دېگۈدەك بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئوغۇللار بۇ ئويۇنلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چاغدا بىللە چىققان قىزلار قۇمدىن «سېپىل» سوقۇپ، «شەھەر» نىمۇ پۈتتۈرۈپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئويۇن تېمىسى «مېھماندارچىلىق» قا يۆتكەلدى. مېھماندارچىلىق ئويۇنى — بالىلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئويۇندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى، قولۇم - قوشنىلار ئارا ئۆم - ئىناقلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان شەھەر، قەلئەلەر، مەھەللە - مەھەللىلەر بويىچە توپلارغا بۆلۈنۈپ راسا كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقان چاغدا، ئاتلارنىڭ دۈكۈرلەشلىرى ئاڭلىنىپ شەھەر تەرەپتىن بايلارنىڭ بالىلىرى چىقىپ كېلىشتى.

— كارىمىز بولماي ئويناۋېرەيلى، — دېدى نەمەت ئۇلارغا قاراپ ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قالغان بالىلارغا قاراپ، — ھەي، سەمەت ئاداش، بىز سېنىڭ ئۆيۈڭگە مېھمان بولۇپ كەلدۇق. ئالدىمىزغا قويغۇدەك بىرنېمەڭ يوقمۇ؟

— بار، بار، — نەمەتنىڭ سۆزىدىن ئېسىگە كەلگەن سەمەت دېگەن بالا دەررۇ جاۋاب قايتۇردى، — ھەرقايسىلىرىنى كېلىدۇ دەپ ئېغىلدا بورداپ باققان بىر قويىمىز بار. دۇئا بېرىشسىلە، شۇنى سوياي.

— ئامىن، — شۇ ھامان بالىلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. بۇ چاغدا سەمەتمۇ قوينىڭ پۇتىنى چۇشەپ، گېلىغا پىچاق ئۇرغان كۆرۈنۈشلەرنى دوراپ بالىلارنى كۇلدۇرۇۋەتتى. ئويۇن شۇ دەرىجىدە قىزىغانىدىكى، بالىلار بۇ ئويۇننىڭ ئىچىگە بار ئىشقى بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنىدى.

بايلارنىڭ بالىلىرى ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا بىردەم قاراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلار ياسىغان شەھەر، قەلئە، مەھەللىلەرنى بۇزۇشقا باشلىدى. نەمەتلەر بىلەن بىرگە چىقىپ مەزكۇر ئويۇندا «ئانا» لىق رولىنى ئېلىۋاتقان ئايىسىماھ ئىسىملىك بىر قىز ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئۆيلىرىمىزنى بۇزماڭلار، ئويناغۇڭلار بولسا، سىلەرمۇ بىزگە قوشۇلساڭلارلا بولمامدۇ؟

— نېمە، بىز سىلەر بىلەن ئوينايمىزمۇ؟ نومۇس، نومۇس … — بىر بالا شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى.

— «ئانام» نى ئۇرما، — توپ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان نەمەت ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — ئۇرما دەيمەن…

مەگدەپ قالغان باينىڭ بالىسى يۇزىگە تەگكەن مۇشتىنىڭ ئاغرىقىدىن ئېسىگە كەلدى ۋە نەمەتكە تاشلاندى. بۇ چاغدا باشقا بالىلار ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى ئايرىپ جېدەلنى باستى. ئۆزىدىن كىچىك بولغان نەمەتتىن تاياق يېگەن باينىڭ بالىسى بىردەم سەكرەپ ئۇششۇقلۇق قىلغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى ـ دە، ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى:

— ھۇ پېسەندىلەر، نى ئات، نى نومۇس. تېخى موللامغا بارماي تۇرۇپلا بالىلىق بوپتۇ، ۋاي… ۋاي، ئايىسىماھنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ بالىسى بار ئىكەن. ئىزا تارتمايدىغان قەلەندەرلەر…

بايلارنىڭ بالىلىرى بىر تەرەپ، نامراتلارنىڭ بالىلىرى بىر تەرەپ بولۇپ تىللاشقاندىن كېيىن، نەمەت بىلەن بىرگە چىققانلار قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. چۈنكى بۇ چاغدا يامغۇر قاتتىق يېغىشقا

باشلىغان بولۇپ، يەنە ئازراق كېچىكسىلا تاشقىن ئېرىقنى بېسىپ باللار ئۇ قاتقا ئۆتەلمەي، قاچان يامغۇر توختاپ تاشقىن بېسىققۇچە قۇمتاغ باغرىدا ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. نەمەتلەرنىڭ قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بايلارنىڭ باللىرى «يامغۇر ياغ-لاق» ئويۇنىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقنى بۇزۇپ ئۇنلۇك توۋلاشقا باشلىدى:

يامغۇر ياغلاق، يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق، ئۆچكە ساغلاق.
مۇشۇ يەردە بىر قىز بالا بار،
ئەمچىكى يۇملاق، ئەمچىكى يۇملاق.

نەمەتلەرنىڭ جىم تۇرغانلىقىنى كۆرگەن باي باللىرى ئۇنى يەنە ئۆزگەرتتى:

يامغۇر ياغلاق، يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق، ئۆچكە ساغلاق.
مۇشۇ يەردىكى ئايسىماھنىڭ،
ئەمچىكى يۇملاق، ئەمچىكى يۇملاق...

بۇ قوشاقنى ئاڭلىغان ئايسىماھ ئىزا تارتقىنىدىن يۈزىنى ئەت-كىنىچە ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا نەمەتمۇ چاقچان كەلدى. ئۇمۇ ھەمراھلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ دەرھال «يامغۇر ياغ-لاق» توۋلىغىلى تۇردى:

يامغۇر ياغلاق، يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق، ئۆچكە ساغلاق.
ئۆزىنى سورىمىغان شۇم ئېغىزنىڭ،
ئاغزىغا قۇملاق، ئاغزىغا قۇملاق...

ئۆزلىرى تۇۋۇلغان قوشاققا جاۋابەن ئېيتىلغان بۇ قوشاقنى ئاڭلىغان بايلارنىڭ بالىلىرى: «خەپ نەمەت، شەھەرگە كىرگەندە بايلارغا دەپ سەندىن ئالالمىغان ئۆچىمىزنى ئاتاڭدىن ئالمايدىغان بولساق» دېيىشكىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. نامراتلارنىڭ بالىلىرى بولسا نەمەتنى ئارىغا ئېلىپ «... ئاغزىغا قۇملاق» دەپ ۋارقىراشقىنىچە قۇمتاغ باغرىنى چاڭ كەلتۈرگىنىچە قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

# مەن بولسام كىتابنى ئالاتتىم

مىلادىيە 1895 ـ يىلى باھار ئايلىرى نەمەت ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خۇشال كۈنلەر بولدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئاتىسى بىلەن نورۇز سەيلىسىگە قاتناشتى. ئۇنى ئەڭ خۇشال قىلغان يەنە بىر ئىش ئۇ جىلتىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە بارالايدىغان بولدى. نورۇز سەيلىسىدىن كېيىن ئاتىسى ئۇنى مەھەللە ئىمامى ھامۇتقارىي ئاچقان خۇسۇسىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى.

شۇ كۈنى ئۇ بېشىغا قىزىل گۈللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا ماتادىن تىكىلگەن چاپان كىيگەن بولۇپ، ئاپىسى كېچىچە تىكىپ بەرگەن جىلتىسىنى قولتۇقىغا چىڭ قىسقىنىچە ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كېتىپ باراتتى. ھامۇتقارىي ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشى بولۇپ، ياش چاغلىرىدا «لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە» دە ئىلىم تەھسىل قىلغان، بۇخارا، سەمەرقەنتلەرگىچە بېرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ يوقسۇزلۇق دەستىدىن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، ئۆز يۇرتىدا بالا تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىدى. ئۇ «لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە» دە ئۆگەنگەنلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنىمۇ تىرىشىپ ئەرەب تىلىدىن باشقا يەنە پارس، تۈركىي تىللارنىمۇ بىرقەدەر پىششىق ئىگىلىگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خەلقچىللىقى بىلەن ئەل ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىپ، نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆز ھىماتىغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ھامۇتقارىينىڭ داۋۇت ئاخۇن بىلەن كۆڭلى يېقىن بولغاچقا، ئۇلارنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

— بۇ شوخنى ئادەم قىلاي دەپتىلا ـ دە، — دېدى ئۇ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە باشلاپ، — ئوقۇيمەن دېسەڭ ئالا كۈچۈكلىرىڭنى تاشلىۋېتىپ كەل،

ئوغلۇم، ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلسەڭ بولمايدۇ.
— ئالا كۆچۈكلەرنى باشقىلارغا بېرىۋەتتىم، دېگىنە، ئوغلۇم،— دېدى داۋۇت ئاخۇنمۇ جاۋابەن، — دەرەخنى نوتا چېقىدىن باشلاپ ئەگ، دەيدىغان گەپ بارغۇ، ئىمام ئاخۇنۇم،— داۋۇت ئاخۇن رەسمىي گەپكە كۆچتى،— ئەمدى بۇ بالىنى بىرىنچىدىن ئاللا ئىگەمگە، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم. ئۇستىخىنى مېنىڭ، گۆشى ئۆزلىرىنىڭ...
ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئېغىلدىكى بىردىنبىر روزغارى بولغان سۇتلۇك ئۆچكىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا ئېلىپ تەييارلىغان تون، كەمزۇلنى هامۇتقارىينىڭ ئالدىغا قويدى.
— ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلارلا، ئاخۇنۇم، بىز بولغاندىن كېيىن، خىزمەتلىرىدە بولارمىز.

*　　　　　　　　*

شۇ كۈندىن باشلاپ نەمەت هامۇتقارىينىڭ تالىپلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. هامۇتقارىينىڭ ئۆيىدە 10 ـ 20 دەك تالىپ بولۇپ، نەمەت ئەڭ كىچىكى بولۇشىغا قارىماي، كۈندە بەرگەن ساۋاقلارنى كۈندە ئۆزلەشتۇرگەندىن سىرت، يەنە ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ئۆز ئىدىيىسىدە چۈشەنچە هاسىل قىلمىغۇچە زادى بولدى قىلمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىمۇ دانە ـ دانە هەم پاساهەتلىك بولۇپ، هەربىر سۆزلىرىدىن هەيران بولغان هامۇتقارىي ئىچىدە ئويلاپ قالاتتى: «خۇدايىم داۋۇت ئاخۇننىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدىمۇ نېمە، ئوغلى تۇغۇلغاندا، مەرهۇم موللا زەيدىن ئاكامدەك كاتتا شائىر، قىزىقچى، موللا قىلىپ تەربىيىلەيمەن دەپ يۈرەتتى. قارا بۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا قىلغان سۆزلىرىگە، خۇدايىم بۇيرۇسا مېنىڭ ئەجرىم بۇ بالىدا چېچەك ئاچىدىغان ئوخشايدۇ».
لۇكچۇن شەهىرى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان تۇرپان رايونىدا قۇرۇلغان خانلىق، بەگلىكلەرنىڭ ئاستانىسى بولۇپ كەلگەچكىمۇ،

خەلقى ئىلىمگە ھېرىسمەن، پاك دىل، باتۇر خەلق ئىدى. بۇ شەھەردە «خانلىق مەدرىسە» دىن باشقا يەنە ھامۇتقارىيغا ئوخشاش ئۆز ئۆيلىرىدە بالا ئوقۇتىدىغانلارنىڭ سانى ئوندىن ئاشاتتى. باشقا موللىلار ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىنى نوقۇل ئوقۇشلۇق قىلىپ، تالىپلارنى دىنىي بىلىملەرنى ئۆلۈك ھالدا يادلاشقا سالسا، ھامۇتقارىي ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋاقىت ئاجرىتىپ تالىپلار ئارىسىدا ئىلمىي مۇتائىلە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ يەنە «گۈلىستان»، «بوستان» لاردىن ئەستىلىكلەر ئېلىپ تالىپلارنى خەلقچىل، ھەققانىي بولۇشقا ئۈندەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا ئوقۇغانلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئوڭايلا يۈز ـ ئابرۇي تېپىپ، بىر قىسىم سوپى ـ ئىشانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قوياتتى. ھامۇتقارىي بۇ ئىشلارنى ئاڭلىمىغاندەك يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. نەمەت بۇ يەرگە كېلىپ ھازىرغىچە ئۈچ قېتىم ئىلمىي مۇتائىلە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھامۇتقارىي ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا تالىپلار ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاتا جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ جاۋابلىرى تۈزىتىلدى. توغرا جاۋاب بەرگەنلىرى رىغبەتلەندۇرۇلدى. مانا بۈگۈن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنى تۆتىنچى قېتىملىق ئىلمى مۇتائىلە سورۇنى بولۇپ، بۇ كۈنى ھامۇتقارىي تالىپلارنى ئىختىيارىي ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، سوئال ئۈچۈن مۇنداق بىر ھېكايىنى باشلىدى:

— يۇرتىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان قۇمتاغ، — دەپ قۇمتاغ تەرەپنى ئىما قىلدى ئۇ، — ئەسلىدە ئۇ كاتتا شەھەرلەردىن ئىكەن. پۇقرالىرى ئۆم ـ ئىناق بولۇپ، بۇ يۇرتتىن كۆتۈرۈلگەن ھىدايەت نۇرى پۈتۈن جاھاننى نۇرغا پۈركەيدىكەن. خەلقى بولسا ئىلىم خۇمار ئىكەن، مەھەللىلەرنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىدا مەخسۇس كۇتۇپخانىلار، قىرائەتخانىلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئېتىزلىقتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەنلەر ئۆيلىرىگە بېرىپ تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، پاكىز يۇيۇنۇپ ـ تارانغان ھالدا كۇتۇپخانا تامان چاپىدىكەن. كۇتۇپخانىدا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتابىي تىب، ئىلمىي نۇجۇم، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە جاھاننىڭ ئىشلىرى تەسۋىرلەنگەن ھەرخىل كىتابلار قويۇلغان بولۇپ، ھەر-كىم نىمىنى ئىختىيار قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە كىتاب كۆرىدىكەن. بۇ يۇرت تۇمەنمىڭ خىسلەتكە ئىگە بولۇپ، شۇ خىس-لەتلەرنىڭ تامچىسى قاتارىدا ئاسماندىن قار ئورنىدا ئۈن، ئۆستەڭ-لىرىدە بولسا سۇ ئورنىدا ماي ئاقىدىكەن. لېكىن ھېچكىممۇ بۇ خىل تەييار نىمەتلەرگە ھەمشىرىك بولۇشىنى راۋا كۆرمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەجىر مېۋىلىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەردىن ئايلار ياسى-لىپ شەيتان ئەلەيھى لەئىننىڭ بۇ يۇرتقا كۆزى چۈشۈپ، تۇمەنمىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىنى ئىشقا سېلىپ يۇرت ئىچىگە سوغۇقچىلىق ساپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇرتتا ئىمان نۇرى ئۆچۈپ ھىدايەت نۇرى تارقىلىشقا باشلاپتۇ. مېھنەتنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ، شەخسى-يەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك باش كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇلۇغلىرىمىزدىن بىرى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىنى تەكشۈ-رۈپ كەلمەك بولۇپ، ئايلىنا ـ ئايلىنا بۇ يۇرتقا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا ھەممە يەرنى غەپلەت باسقان، خالا جايلاردا ئەۋرەتنى سۇر-تۈپ تاشلىغۇدەتكەن پوشكال، نانلار پوق ـ سۈيدۈككە چىلاشقان ھالدا بىخسىپ تۇرغانىكەن. ئاللانىڭ نىمەتلىرىنىڭ بۇنچىلىك دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ غەزىپى تاشقان بۇ ئۇلۇغ زات دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاللاغا داد ئېيتىپ يۇرت ئەھلىنى قارغاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ دادۋەپەريادى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ ئاللاغا يەتكەندىن كېيىن، خۇداۋەندە كەرىم بۇ شەھەرنى دۇئايىبەت قىلىپ تىلسىم شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ، قۇم ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ-دىن باشلاپ بۇ يۇرت «تىلسىم شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. دەۋرىمىزدىكى پازىللارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ شەھەر ھازىرمۇ ئۇچراپ تۇرارمىش. ئەگەر كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاللانىڭ رەھمى-تى بىلەن بۇ شەھەر سىلەرگە ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، سىلەر كوچا ـ كويلاردا چېچىلىپ ياتقان ئالتۇننى ئالامسىلەر ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرت ـ قوڭغۇز دەستىدىن ۋاراقلىرى چىرىشكە باشلىغان كىتابنىمۇ؟

ھامۇتقارىي ھېكايىسىنى سوئال بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. بۇ چاغدا تالىپلار چوڭقۇر سۇكۇتكە چۆمگەن بولۇپ، بەزىلەر ئالتۇن ۋەسۋەسىسىدە ئەقىللىرىدىن ئازايلا دەپ قالغانىدى. «ئالتۇن... ئالتۇن... ئالتۇن بولسا ھەممە بولىدۇ. مۇنۇ سۇلتان ماموت گاڭ- نىڭ ئوردىسىدەك ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، سالا ـ سالا كەتكەن بىپايان ئېتىزلار، يەنە ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ئورتاقچىلار...» بالاغەتكە يەت- كەنلىرى بولسا چىرايلىق نازىنىنلارنىڭ غايىۋى ئوبرازىنى ئەسلەپ مەست بولۇپ كېتىشكەنىدى.

ئىنسان دېگەن شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنتىلگۈچى، يوققا، راھەت ـ پاراغەتكە ئىنتىلىدۇ. بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئۇنتۇشۇپ ئۆزلىرى ماڭغان ھىدايەت يولىدىن چەتلەپ ئاخىرى گۇمراھلىققا يۈزلىنىپ پۇشايمان ئىلكىدە باش قاشلىشىدۇ. پەقەت شەيئىلەرگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، قايسى- سى ھەقىقىي پاراغەتكە باشلايدىغان يول ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكۈ- چىلەرلا مەڭگۈ غالىبلاردۇر.

مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. كىچىكىدىن باشلاپلا بىر پارچە زاغرا نانغا خار بولۇپ چوڭ بولغان بۇ بالىلار ئالتۇننىڭ گېپى چىققۇدىلا بارلىقىنى ئۇنتۇشتى. ئالدىدا تۇرغىنى (ھامۇتقارىينى دېمەكچى) ئالتۇن بەرگۈچى تىلسىم شەھەردەك، ئۆزلىرى بولسا تىلسىم شەھەرگە ئۇچراپ قالغان تەلەيلىك يولۇچىدەك قوللىرىنى ھەر يان پۇلاڭلىتاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار ئالتۇننىڭ ئىگىلىرى ئىدى. بىراق تەقدىر چاقچاق قىلىپ ئالتۇننى ئۇلارغا بەرمىسە، ئەزەلدىن تۇمەننىڭ شۇكرى ئىسكەنجىسىدە چوڭ بولغان بۇ تالىپ- لارغا نېمە ئىلاج! ئۆز تالىپلىرىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن ھامۇتقارىينىڭ كۆڭلى بەكلا بىئارام بولدى. چۈنكى ئۇزۇندىن بۇيان سۆزلىگەنلىرىنىڭ شامالغا مۇشت ئاتقاندەك، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك تالىپلارغا يۇقمىغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرەر توغرا جاۋاب چىقىپ قالۇر، دېگەن ئۈمىد بىلەن ياندۇرۇپ سورىدى:

— قېنى ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر كىتابنى ئالامسىلەر ياكى ئال-تۇننى؟!

— ئالتۇن... ئالتۇن...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ ئاجايىپ بىر هال شەكىللەن-دى. تالىپلار ئۇنىڭغا قول سوزۇشاتتى. يەنە تېخى بەزىلەر ئېتەك-لىرىنى تۇتۇپمۇ ئۈلگۈرگەندى. بۇ چاغدا پەقەت كىچىك نەمەتلا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— موللام، مەن بىر دەپ باقاي...

هامۇتقارىي نەمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل ئۈمىدلەنگەندەك بولدى:

— سۆزلە، ئوغلۇم.

— مەن بولغان بولسام كىتابنى ئالاتتىم.

— نېمىشقا ئەمدى، راست گېپىڭنى قىل، ئوغلۇم.

— راست، موللام، — بۇ چاغدا نەمەتنىڭ ئاۋازى تىتى-رەپ كەتتى، — مېنىڭچە ئالتۇننىڭ يوقلۇقى راست، لېكىن ئالتۇنغا قارىغاندا بىلىم تېخىمۇ كەم. تېخى ئۆزلىرى ئوزا كۈن ئوقۇپ بەرگەن بىر كىتابتا ئېيتىلىشىچە، پەقەت بىلىم بولغاندىلا هەممە بولىدۇ. بىلىم بولغاندىلا راهەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشمۇ، ئالتۇن - كۈمۈشمۇ بولىدۇ، دېيىلگەن، موللام.

— هۇششەرە، ئوغلۇم، سېنى تۇغقان ئاپاڭغا رەهمەت، سېنى تاپقان ئاتاڭغا رەهمەت!

هامۇتقارىي ئورنىدىن تۇرۇپ نەمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پېشا-نىسىگە سۆيۈپ قويدى. بۇ چاغدا ئۆز هالىتىگە قايتقان تالىپلار خىجىللىقتىن باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# لۇكچۇن شەھىرىدە ياغاچ كەممىدى

نەمەت هامۇتقاري ئاچقان خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» نى يادلاپ بولۇپ «قاري» ئاتاقىغا ئىگە بولغىنىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەنە ئىسلامىيەتنىڭ ھەرخىل ئەھكاملىرىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە كۆيۈمچان ئۇستازى هامۇتقارىي-نىڭ هارماي ئۆگىتىشى نەتىجىسىدە ئەرەب تىلىدىن باشقا يەنە پارس، تۈركىي تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ساۋاتلىق ئىگە بولۇپ، شەرق كلاسسىكلىرىدىن شەيخ شەئدى، فۇزۇلى، نەۋائى ۋە مەشرەپلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ بۇ چاغلاردا 17 ـ 18 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۆسكىلەڭ كەلگەن، بۇرۇتى خەت تارتقان چىرايلىق يىگىتكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ كوچىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر:

— قاراڭلار! بىزنىڭ نەمەتقاري كېلىۋاتىدۇ، بويى نېمىدې-گەن مەزمۇت ـ هە، يەنە سەللا ئۆسىدىغان بولسا داۋۇت ئاكامدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك، — دېيىشەتتى.

— چىرايىدىكى نۇرنى دېمەمسىلەر تېخى، — دەيتتى كوچىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان ئاياللار، — ياراتقام ئىگەم يۈسۈپ ئەلەيهد-سالامغا بەرگەن نۇرنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغاندەكلا چىراي-لىق يىگىت بوپتۇ.

ئۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا يۈزى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ يەرگە تۆۋەن باققىنىچە ئۆتۈپ كېتەتتى.

— يۈزى ئېچىلمىغان قىز بالىدەك تارتىنچاق چوڭ بوپتىغۇ، خۇدايىم قايسى بەختى چوڭنى نېسىپ قىلار ئۇنىڭغا.

نەمەتقارىينىڭ ئەل ئىچىدىكى شۆھرىتى ئاشقانسېرى جەمئى-

يەتتىكى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى تۇرپان ۋاڭى سۇلتان مامۇت پاك ئەقىدىلىك ئۇيغۇر قىزى ئانانۇرخاننىڭ قولىدا جان تەسلىم قىلغىلى بىرنەچچە يىل بولغان بولۇپ، هازىر لۇكچۇنگە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ سەلتەنەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. گەرچە مىلادىيە 1902 ـ يىلى پىچاندا ناهىيە قۇرۇلۇپ، تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىق كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنى سو-راۋاتقان ياڭ زېڭشىن يەرلىكتىكى ۋاڭ ـ غوجا، سوپى ـ ئىشانلار-نىڭ هوقۇقىنى ساقلاپ قېلىپ، يەرلىكتىكى كىشىلەر ئارا «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» هىيلىسىنى ئىشلىتىۋاتقان بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئىمىن ۋاڭ «چىلىڭ گاڭ غوجا» نامى بىلەن هەددىدىن ئېشىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ ۋەهشىي-لىكتە ئۇچىغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپان ۋاڭلىرى كەلمى-شىدىنلا سوپى ـ سەئىدلەر ئەۋلادلىرىدىن بولغاچقا، يەنە كېلىپ هازىر سەلتەنەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئىمىن ۋاڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قى-لىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىلىمسىز، قورقۇنچاق ئادەم بولغاچ-قا سوپى ـ ئىشانلار باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. لۇكچۇن-دىكى توكۇر ئىشان سوپى ـ ئىشانلارنىڭ يول باشچىسى بولۇپ، ئۇ ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە نەمەتقارىينى هاقارەتلەپ يۈرەتتى.

— كۆپچىلىك، — دەيتتى ئۇ جامائەت توپلاشقانلىكى جايلار-دا، — ئىسلام دىنىمىزدا پادىشاهنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، دەيدىغان گەپ بار. ئىمىن چىلىڭ گاڭ غوجام بىز مۆمىنلەرنىڭ پادىشاهىمىز-دۇر. ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمەك ۋاجىپتۇر. گاڭ غوجىلار بۇ دۇنياغا يەكتا كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا هېچقايسىمىز تەڭ كېلەلمەيمىز. ياڭخىدىكى ئامىرلارنى، لىگالارنى[1] هەممىمىز بىلىمىزغۇ، مانا ئۇلار چىلىڭ گاڭ غوجىمىزغا قارىتىپ پۇت ئېتىۋە-دى، ئاخىرى نېمە بولدى؟ بېشى كېسىلىپ سازايى قىلىندى. تېنى

① لىگالار پېغىلىقى سۇلتان مامۇت ۋاڭ ۋاقتىدا يۈز بەرگەن. بۇ يەردە توكۇر ئىشاننىڭ بىلىمسىزلىكىگە ئىشارە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولدى. بۇ جاھان دېگەن شۇنچىلىكلا، ھەممىمىز ئۆز كۈنىمىزگە شۈكرى قىلىپ، ئۇلۇغ چىڭ گاڭ غوجىمىزغا بەيئەت قىلىپ ئۆتمىكىمىز لازىمدۇر.

ئەل ئارىسىدىكى بىر قىسىم قېرى ـ چۈرى، نادان كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە چىنپۈتۈشكىنىچە «ھەق راست» دېيىشىپ ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ يۈرىكى زەردىگۆش بولغان نەمەتقارىي توكۇر ئىشان بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشماقچىمۇ بولدى، لېكىن ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى، كۆيۈمچان ئۇستازىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ قويۇۋاتاتتى. نەمەتقارىينىڭ قولاق يوپۇرۇپ يۈرگىنىنى كۆرگەن توكۇر ئىشان تېخىمۇ ئەدىگىلى تۇردى:

— ئاۋۇ نەمەت دېگەن مۇرتەتنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مەسچىتلەردە ئالدىغا ئۆتۈپ، خۇداۋەندە كەرىم ھەممىمىزنى تەڭ ياراتقان، ئۆز ئەركىمىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدا، دەپ ۋەز ئېيتىپ يۈرۈۋىدى، ئەمدى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك جىمىپلا كەتتى. ھەممىمىزنى تەڭ ياراتقان بولسا ئۇلۇغ چىڭ گاڭ غوجامنىڭ ئۇچىسىدىكى ئېسىل تون ـ سەرۇپايلار ئۇنىڭدا يوققۇ، يەر ـ سۇلىرى قېنى، ئازراقلا بىرنېمە بىلىۋېلىپ «قارىي» لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىۋىدى، دېمىگىنى قالمىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشمەيلى، ھەممىمىز نامىزىمىزدا ئۇلۇغ چىڭ گاڭ غوجامغا نۇسرەتلەر تىلەپ، ئۆتكەن كۈنىمىزگە شۈكرى قىلايلى، يارەنلەر...

بۇ سۆزلەرنى ئۆز يېقىنلىرىدىن ئاڭلاپ يېرىلىپ كېتەي دەپ يۈرگەن نەمەتقارىي بىر تويدا توكۇر ئىشان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. توكۇر ئىشاننىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى نەمەتقارىينى مات قىلىپ، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈۋاتقان شۆھرىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشتىلا قالغان بولغاچقا، ئەل ـ خالايىق توپلاشقان بۇ سورۇننى يەنە قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى. بۇ چاغدا نەمەتقارىي ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن تويى بولغان يىگىتنىڭ ھۇجرى-

ـسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز تەڭتۇشلىرى سورىـ
غان سوئاللارغا بىرمۇبىر ئىزاھات بېرىۋاتاتتى.

— ئاڭلىسام، ئۆزلىرىنى گاڭ غوجىلارغا قارشى گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇ. ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغانلىرى تۈزۈك، — دېدى ياڭخىدىن چىققان ئاغىنىسى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— مەن دېسەم ھەق سۆزنى دېدىم، — دېدى نەمەتقارىي. دەل شۇ چاغدا تالادا غوۋغا كۆتۈرۈلدى ۋە كەينىدىنلا توكۇر ئىشان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەلپازى بەك يامان بولغاچقا، كەينىدىن بىر توپ جامائەت كىرىپ كېلىشتى.

— خوش، نەمەتقارىي، — دېدى ئۇ قىسماق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، — سىنى خەقلەر بەك ئوقۇدى، ھەپتىيەكـ
تىن ئۆتۈپ «قارىي» لىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، دەپ بەكمۇ چوڭ بىلىشىدىكەن. مەن ئۆزۈڭدىن بۇيان جاۋاب تاپالماي كېلىۋاتـ
قان بىر سوئال بار ئىدى. سەن موللا بولغاندىن كېيىن، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ باق. سوئالىمغا جاۋاب بېرەلىسەڭ، مەن ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ساڭا ناماقۇل بولىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىسەن.

ئاخىرى ئۆزى كۈتكەن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەمـ
لىگەن نەمەتقارىي تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ھېلىمۇ جامائەتنى قايمۇقتۇرىدىغان جىق گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭ. بوپتۇ، قېنى ئېيتە، نېمە سوئالىڭ بار؟

بۇ چاغدا توي ئەھلى ساراسىمىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار توكۇر ئىشان بىلەن نەمەتقارىيغا ئەنسىزچىلىك بىلەن قارىشاتتى.

— ئۆزۈڭ دېدىڭ ـ ھە، — دېدى توكۇر ئىشان قولىدىكى ھاسىنىڭ ئۇچىنى يەرگە ئۇرۇپ، — سىنى مەن جايلايمەنمۇ يا سەن مېنى جايلامسەن. ئەل ـ جامائەت گۇۋاھ بولۇشىدۇ.

ئۇ ئالدىراپ كەتكەنلىكتىن تاققا ـ تۇققا سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئەگەر بىرى چېلەكنى قوزۇق قىلىپ تامغا قاقسا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ هامان ئەتراپتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— چىلەكنى ئەمەس، ئېشەك پۇتىنى دېسىلە، ھەزرىتىم...

— ھە، ھە، ئېشەك پۇتى، — ئۇ ئۆزىگە گەپ ئۆگەتكۈچىگە ئالىيىپ قويۇپ سۆزىگە كىرىشتى، — ئەگەر بىراۋ ئېشەك پۇتىنى قوزۇق قىلىپ تامغا قاقسا، يەنە بىرەيلەن بىر چېلەك پاكىز سۈنى ئەكېلىپ شۇ قوزۇقنىڭ تېگىگە قويسا ھەمدە چېلەكتىكى چۆمۈچنى ئېلىپ شۇ قوزۇققا ئىلسا، چۆمۈچتىكى سۇ سىرغىپ چېلەككە چۈشسە، قېنى سەن دەپ باقە، شۇ سۇدا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولامدۇ؟

توكۇر ئىشاننىڭ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئىسلام دىنىغا قارشى ھالدا ئېيتىۋاتقان يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان نەمەتقارىنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىشاننىڭ گېلىنى بوغۇپ، يۇقىرىقى سۆزلىرى ئۈچۈن جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلاتتى، لېكىن بۇ دېگەن ئەل - جامائەت توپلاشقان سورۇن، يەنە كېلىپ بۈگۈن دېگەن توي. بۇنداق خۇشاللىق مەرىكىلەردە سەن - پەن دېيىشىپ سەتلىشىپ قالسا بولمايدۇ، شۇڭا ئېغىر - بېسىق بولۇش كېرەك.

ئۇ يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ بولغاندىن كېيىن، دانە - دانە قىلىپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئىسلام دىنىمىزدا ئېشەك ھارام دېيىلگەن، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن، — شۇنداق ئىكەن ئېشەك پۇتىدا بولغانغان سۇدا تاھارەت ئېلىشنى ئاللا ئىگەم ھەم راۋا كۆرمەيدۇ. يەنە ساڭا دەپ قوياي، لۈكچۈن دېگەن بۇ يۇرت تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا تىللاردا داستان بولۇپ كەلگەن. بۇ يۇرتتا ئۆسكەن دەل - دەرەخنىڭ كۆپلۈكىدىن باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ھەيران قېلىشىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئېشەك پۇتىنى قوزۇق قىلىپ قاقمىسىمۇ، لۈكچۈندە ياغاچ كەممىدى؟ يا ياغاچلارنى ئىشان بۇۋىلىرىڭلار بىلەن قىلىشقان بۇزۇقچى-

لىقتا تىپىلىپ قالغان باللىرىڭلارغا شۇمەك ياساپ بىرىش ئۈچۈن ئاياۋاتامسىلەر؟

نەمەتقارىينىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرىدىن كىيىن، توي ئەھلى بىردىنلا جانلاندى.

— ھۇششەرە، نەمەتقارىي، ئەجەب ئەدىپىنى بەردىلە.

— ئۆزلەمۇ بىرنىمە دىسلەچۇ، ئىشان ھەزرىتىم.

توكۇر ئىشاننىڭ تىلى تۇتۇلدى.

— نەمەتقارىي ئۆزى ياش بولغان بىلەن ئەجەب بىلىملىك ئىكەن.

ئەل ـ جامائەت ئىچىدە مات بولۇپ قاتتىق مەسخىرىگە ئۇچرىدىغان توكۇر ئىشان غالىلداپ تىترەپ «بۇ… بۇ…» دىگىنىچە ئارقىسىغا «تىرىڭگىدە» ئۇچۇپ كەتتى.

— سۆرەپ تامنىڭ كەينىگە ئاچىقىۋىتىڭلار ئۇنى، توينى ھارام قىلمىسۇن بىكار.

— ئۆلسەم نامىزىمنى چۇشۇرىدىغان ئادەم چىقماي قالمىسۇن دەپ جامائەت تويلاشقان سورۇندا ئۆلۈپ بەردىمۇ نىمە…

توكۇر ئىشاننىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كىيىن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ «ئاللا ـ ھۇ» سىغا ساما ئويناپ يۇرگەن كىشلەر توي ئەھلىدىن كەچۇرۇم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن توي تىخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ ئاتقانغا قەدەر نەغمە ـ ناۋا ئاۋازى ياڭراپ تۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ توكۇر ئىشان لۈكچۈن شەھىرىدە كۆرۈنمەس بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇركۇت ئۇۋىسى

1908 ـ يىلى باھار ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. نەمەتقارىي كۈندىلىك ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە چىقىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆيۈمچان ئۇستازى ھامۇتقارىينى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بۇ كۈنلەردە ھامۇتقارىي ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان، ئاغرىق دەستىدىن مەسچىتكىمۇ كەلمەي ئۆيىدە داۋالىنىپ ئارام ئېلىۋاتقان بولغاچقا، مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى ۋاقتىنچە نەمەتقارىي ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھامۇتقارىيلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا بوۋاي ئۇزۇن يىل ئازاب تارتقان دەردمەندەك سولىشىپ، تۇگىشىپلا كەتكەنىدى. ئۇ ئەقىدىلىك شاگىرتى نەمەتقارىينى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولدى. بۇ چاغدا نەمەتقارىي كاڭغا چىقىپ ئۇستازىنى يۆلىدى.

— ئوبدان كەپسەن، بالام، — دېدى ھامۇتقارىي سالام ـ سەھەتتىن كېيىن قىينىلىپ سۆزلەپ، — ئەھۋالىم كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھالىم سەللا ياخشى بولغان بولسا سېنى ئۆزۈم يېتىلەپ بېرىپ، «لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا بەرمەكچىدىم. چۈنكى مەن ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بالا تەربىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، لېكىن مەن تەربىيەلىگەن بالىلار ئىچىدە سېنىڭدەك ئىلىمگە ھېرىسمەن شاگىرتىمنى تېخى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم. سەن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭ لازىم. چۈنكى قۇدۇقتىكى پاقا قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىنىلا كۆرۈپ جاھان دېگەن شۇنچىلىكلا ئوخشايدۇ، دېگىنىگە ئوخشاش، سەنمۇ ئىلىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇستازىم بىلىدۇ دەپلا ئۆتسەڭ بولمايدۇ. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمغا

قارىغاندا بىلمەيدىغانلىرىم يەنىمۇ كۆپ. شۇڭا خانلىق مەدرىسىگە كىرىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈردۇر، — بوۋاي بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزگە كىرىشتى، — تۈنۈگۈن خانلىق مەدرىسە مۇدەررىسلىرىدىن سېيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم ۋە رىقىپ قازى ئاخۇنۇملار مېنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاتايىتەن ئادەم چىقارتىپتۇ. مەن ئۇلارغا تاپىلاپ قويدۇم، سەن ئەتە بامدات نامىزىدىن يېنىپلا مەدرىسىگە بېرىپ ئۇ زاتلارغا كۆرۈنۈش قىلغىن، ئۇلار سېنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ.

جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئۆزىنىڭ غېمىنى يەۋاتقان ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن نەمەتقارى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— رەھمەت، ئۇستازىم، رەھمەت. ئۆزلىرى خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن ياخشى بولۇپ كېتىدىلا.

— مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسايمەن دېمە، — دېدى ھامۇتقارىي، — ئۆلۈم دېگەن نادانلار ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر، لېكىن ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەت، ئوغلۇم، ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالساڭ مەن گۇناھكار بولۇپ قالىمەن. چۈنكى بەندە ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ بەندىنىڭ ئالدىدا تىزلانسا بولمايدۇ. بىز دېگەن ئاللانىڭ قۇلىدۇرمىز. ھۆرمەتنىڭ ھەممىسى شۇ بىر ئاللاغىلا لايىقتۇر. شۇڭا بىز خەقتە «تىزلىنىپ مىڭ يىل ياشىغۇچە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ئەۋزەل» دېگەن گەپ تارقالغان. سەن بۇ ھېكمەتنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇتۇپ ھاياتلىق سەپىرىڭدە ئۆزۈڭگە ياشاش مىزانى قىلغىن. خەلقچىل، كىچىك پېئىل بولۇپ ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئەل خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلەت. شۇندىلا سەندىن ئاتاڭمۇ، مەنمۇ، خەلقمۇ رازى بولىدۇ. خەلق رازى بولغانىكەن ياراتقان ئىگەممۇ ئەجرىڭنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. چۈنكى ئەل رازى خۇدا رازى ئەمەسمۇ، ئوغلۇم.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

*  *

نەمەتقارىينىڭ بىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ھەققانىي، قورقۇمسىزلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ دىللىرى سۆيۈنگەن خانلىق مەدرىسە مۇدەررىسلىرىدىن سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، رىقىپ قازى ئاخۇنۇم ۋە مەتنىياز قازى ئاخۇنۇملارنىڭ بۇرۇنلا نەمەتقارىينى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىش نىيىتى بار بولسىمۇ، لېكىن ھامۇتقارىيدەك جىگەرلىك، ئۇستۇن قاراشقا ئىگە، توغرا پىكىرلىك خەلقپەرۋەر زاتتىن شاگىرت تالىشىشنى بىئەپ كۆرۈپ تاكى ھامۇتقارىي ئۆزى ھاۋالە قىلغۇچە سۈكۈت قىلىپ كەلگەنىدى. نەمەتقارىي مەدرىسىگە كىرگەندىن كېيىن باش مۇدەررىس سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم ئۇنى مەدرىسىنىڭ ياش، قابىل مۇدەررىسى مەتنىياز قازى ئاخۇنۇمغا تاپشۇردى. مەتنىياز قازى ئاخۇنۇممۇ ئەسلىي نەسەبىدىن نامراتلارنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن لۇكچۇن، قەشقەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئىلىمگە بولغان تەشنالىقى ئارتۇق كېلىپ بۇخاراغىچە بارغان، بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىلىپ قېلىپ، شۇ جايدىكى ئېچىلىپ قالغان بىر قەبرىنى ماكان قىلىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇخارا ئىلىم ئەھلىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن زات ئىدى. ئۇ نەمەتقارىينى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دەرس سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ جاھان كېزىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى جاھان ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇ مەدرىسىدە يەنە XVII ئەسىردە لۇكچۇندە ياشاپ مۇشۇ مەدرىسىدە باش مۇدەررىس بولغان دىداكتىك شائىر ئەھمەت غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرىنىڭ ئىجادىي ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدىن «رەۋزەتۇل ئۇزرا»، «ۋاڭلارغا نەسىھەت»، يەكەنلىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ

لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا يېزىلغان «خەمسە» لىرى بىلەن پىششىق تونۇشتى. نەۋائىنىڭ ئاجايىپ جەزىبدار، پاساھەت ۋە بالاغەت بابىدا يەكتا بولغان غەزەللىرى، رابغۇزىنىڭ مەنە كەڭلىكىگە تويۇنغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» سىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان ئېسىل ھېكمەتلىرى ئۇنى تۈگىمەس دەردلەرگە مۇپتىلا قىلدى.

— شەرق مۇتەپەككۇرلىرى مەكتەپلەرنى بۈركۈت ئۇۋىسىغا ئوخشىتىدۇ، — دېدى بىر كۈنى مەتنىياز قازى ئاخۇنۇم، — چۈنكى تەربىيە كۆرگەن ئادەم ھەق - ناھەقنى ئايرىش، ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلىشنى بىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۈركۈتكە ئوخشاش قورقۇمسىز بولىدۇ. مانا سىزنى ئېلىپ ئېيتساق، — ئۇ ئەمدى پاراڭ تېمىسىنى نەمەتقارىينىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى، — ئەقىدىلىك زات ھامۇتقارىينىڭ ھۇزۇرىدا كۆپ يىل تەربىيە كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، توكۇر ئىشانغا ئوخشاش ئادالەت دۈشمەنلىرىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ لۈكچۈندە تۇرالماس قىلىۋەتتىڭىز. ئاڭلىسام شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلىدىكەنسىز. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. چۈنكى شېئىرىيەت دېگەن ئىماننىڭ نۇرى. ئۇ دېگەن خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان، ئۆگىنىمەن دەپلا ئۆگىنىۋالىدىغان ھۈنەر ئەمەس، ھەقتائالا ئىگەم بۇ خىل خىسلەتنى پەقەت پاك دىل، ئىمانى كامىل ۋە تىرىشچان بەندىلىرىگىلا ئاتا قىلغان. يەنە سىز مەدرىسىگە كەلمەستىن بۇرۇنلا پارس، تۈركىي تىللاردىن ئۆزىڭىزگە ئاساس سېلىۋاپسىز، ئىسلام ئەھكاملىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، «قارىي» لىق مۇقامىغا يېتىپسىز. ھازىر مەدرىسىمىزدە سىزگە ئوخشاش ياش، قابىل، تالىپلارنىڭ قەلبىنى مايىل قىلارلىق دەرىجىدە سۆزلىيەلەيدىغان خەلپەتلەر تولىمۇ كەمچىل. مەن تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ ھەقتە سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، رىقىپ قازى ئاخۇنۇملار بىلەن كېڭەشتە بولدۇم. خۇدايىم بۇيرۇسا پات ئارىدا «خەلپەت» لىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

مەتنىياز قازى ئاخۇنۇم بىلەن بولغان سۆھبەتتىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا نەمەتقارىي مەدرىسە تۇزۇمى بويىچە ھەرقايسى پەنلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھانلاردىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۇپ، «خەلپەت» لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ خەلپەت بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۇپ، جان - دىل بىلەن خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

— سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىردىن بۇركۇت، — دەيتتى ئۇ تالىپلارغا قاراپ، — سىلەرنىڭ قانات - قۇيرۇقۇڭلار قانچە يېتىلسە، جاھان شۇنچە ئاۋاتلىشىپ، نادانلىق، قالاقلىق، جاھالەتنىڭ ئۆمرى شۇنچە تېز قىسقىرايدۇ.

# داۋۇت ئاخۇننىڭ ئۆلۈمى

مىلادىيە 1911 ـ يىلى نەمەت خەلپەت ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر بىر يىل بولدى. چۈنكى ئۇزۇن يىل گاڭ ـ غوجىلارغا ئورتاقچىلىق قىلىپ، يىلىك ـ يىلىكىدىن ئۇزۇلۇپ قالغان كۆيۈمچان ئاتا داۋۇت ئاخۇن يورۇق دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشتى. «كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ» دېگەندەك، بىر ئۆمۈر ئەل ئىشقىدا كۆيۈپ، خەلقىنىڭ نالە ـ پەريادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىلارنى ئېيتىپ ئۆتكەن بۇ سۆيۈملۈك دادىنىڭ ئۆلۈمىمۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقان ناخشىلارغا ئوخشاشلا تەسىرلىك بولدى. ئۇ كېسەل بولۇپ پەقەت بىر ھەپتىلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ مەزگىلدە مۇرتۇۋقا ياتلىق قىلىنغان ئايسخان، تويۇققا ياتلىق قىلىنغان ھاشىخانلار ۋە قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەلەر ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولدى. موزىسىپىتلار بارلىق ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئۇنىڭ باش تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «ياسىن» سۈرىسىنى تىنماي ئوقۇيتتى، دەم سۈيى قىلىپ ئاغزىغا تېمىتاتتى. بۇ كۈنلەردە نەمەت خەلپەت بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولۇپ، كۈندۈزى مەدرىسىدە دەرس سۆزلىسە، كېچىسى ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ تاڭنى ئاتقۇزاتتى. داۋۇت ئاخۇن سەكراتقا چۈشۈپ قېلىپ يەتتىنچى كۈنى ئىدى، بۇ سەھەر پەيتى بولۇپ، جاھان جىمجىتلىققا چۆمگەن، پەقەت تاشقىرىدىن توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى ۋە نەلەردىدۇر قاۋىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چارچاپ كەتكەن نەمەت خەلپەتنىڭ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، خۇددى بىرى چاقىرغاندەكلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىغا قارىۋىدى، ئاتىسىمۇ ئۇخلىماپتۇ، ئۇ يانچە بولغىنىچە نەمەت خەلپەتكە قاراپ ياتاتتى.

— ئويغاندىڭمۇ، ئوغلۇم، — دېدى داۋۇت ئاخۇن، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىمۇ بېسىققان، چىرايىمۇ نۇرلىنىپ قالغانىدەك، كېسىلى ساقىيىپ كەتكەندەكلا ئىدى. كۆتەكنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان جىنچىراغ پىلىلداپ يانغىنىچە ئۆينى يورۇتۇپ تۇراتتى، — شىپقا[①] قاراپ يېتىپ بىر چاغدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. تۇرۇپ چۈشۈم دېگۈدەكمەن، تۇرۇپ ئوڭۇم دېگۈدەكمەن، ئۆي ئىچى نۇرغا تولغاندەك بولۇپ، رەھمەتلىك ئاتام بىلەن مەرھۇم ئاپام كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى، «ئوغلۇم، تۇر ئورنۇڭدىن، ھېلىمۇ گاڭ - غوجىلارنىڭ جاپاسىنى تولا تارتىپ كەتتىڭ، بىز سېنى ئالغىلى كەلدۇق» دېگۈدەك. زەن سېلىپ قارىسام، يەنە ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر نۇرانە بوۋايمۇ بار. ئەزرائىل دېگۈدەكمەن، تۇرۇپ، مەن ئاڭلىغان پاراڭلاردا ئەزرائىل دېگەن بەتبەشرە بولىدىغان، ئاجايىپ كېلىشكەن ئادەم ئىكەن، خىزىرمۇ يا دېگۈدەكمەن. بۇ چاغدا يەنە ئاتام سۆزلىگۈدەك: «بىلىۋاتىسەن، ئوغلۇم، سەن ئايالىڭ بىلەن بالىلىرىڭغا تارتىنىۋاتىسەن. ئايىسخان، ھاشىخانلارنىغۇ ئوبدان يەرلەرگە ياتلىق قىلىپ كۆڭلۈڭ تىندى. ئەمدى شۇ يېگانە ئوغلۇڭ نەمەتقارىيدىن غەم قىلىۋاتىسەن. ئۇنىڭمۇ پېشانىسىگە خۇدايىمنىڭ پۈتكىنى بار، ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ» دېگۈدەك. مەن: «شۇنداقتىمۇ ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرساڭلار، ناماز بامدات ۋاقتىغىچە ۋاقىت بەرسەڭلار، ئوغلۇم بىلەن خەيرلىشىۋالاي» دېگۈدەكمەن. بۇ چاغدا ھېلىقى نۇرانە سۈپەت بوۋاي: «بوپتۇ، ئەھلى ئىلىم، ئىمانى كامىل بىر ئوغلاننى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقۇچە ئاز جاپالارنى تارتمىدىڭ، شۇ ئەجرىڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن خۇداۋەندە كەرىمدىن ۋەھيى كەلدى، ناماز بامدات ۋاقتىدا جان تەسلىم قىلىدىغان بولدۇڭ» دېگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم، ئوغلۇم.

— ئۆزلەنى قارا بېسىپتۇ، ئاتا...

— ياق، ئوغلۇم، بۇ بىر بېشارەت. مېنىڭ مەھشەر كۈنۈم

---

① شىپ — تورۇس (لوكچۈن شېۋىسى).

توشتى. سەن ئاناڭ بىلەن ئايىللىرىڭنى ئويغىتىۋېتىپ نامازغا بارغىن، نامازنى ئۆتەپ ئۇچىنچى دۇئادىن كېيىن مېنىڭ جان تەسلىم قىلغانلىقىمنى جامائەتكە ئېلان قىل، ئۇنداق قىلىپلا غەلۋە ـ غىدىر قىلساڭ گۇناھلىق بولۇپ قالىسەن.

نەمەت خەلپەت كۆز چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلارنى سۈرتكىنىچە تاھارەت ئېلىپ نامازغا چىقىپ كەتتى.

* *

ناماز ئوقۇلۇپ ئۇچىنچى دۇئادىن كېيىن نەمەت خەلپەت سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە قول قوۋۇشتۇرغان ھالدا ئېيتتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم جامائەت، ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى بولغان ئاتام داۋۇت ئاخۇن بۈگۈن ناماز بامدات ۋاقتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

شۇ ھامان جامائەت ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىشتى. كىملەردۇر ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى، يەنە بەزىلەر نەمەت خەلپەتكە قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى، جامائەت نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. چۈنكى ئاتىسى ئۆلۈپ ياتسۇنۇ، ئوغلى خاتىرجەم ھالەتتە نامىزىنى ئوقۇسۇن، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئەقىدە، نېمىدېگەن جاسارەت، چىدام ـ ھە!

داۋۇت ئاخۇن جان تەسلىم قىلغان كۈنى لۈكچۈندە قىيامەت ـ قايىم بولدى. ئامانشا، ئۇچكۆۋرۈك، دېھقانسۇ، سىركىپ، تۇيۇق، مۇرتۇق، دىغار... ئىشىتىلىپ، داۋۇت ئاخۇننى كۆرگەن ـ كۆرمىگەن، كۆرمىگەن بولسىمۇ نامىنى ئاڭلىغان ياكى نەمەت خەلپەتنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىكى كىشىلەر لۈكچۈن شەھىرىگە قاراپ سەلدەك ئاقاتتى. شەھەر ئەتراپىغا توپلاشقان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆڭلى ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن ئىمىن ۋاڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، نامازغا كەلگەنلەرنى مەخپىي نازارەت قىلدى. مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ، جەسەت

قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلار تونۇلۇق جامائەتنى نازارەت قىلغان ئوردا كاھىبگى مۇقىمنىياز كاھبەگ ئىمىن ۋاڭغا دوكلات قىلدى.

— ئورتاقچى داۋۇتنىڭ ئۆلۈمى دىيارى لۈكچۈندە بولمىغانلا بىر ئۆلۈم بولدى. تاۋۇت قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ھېچبىر مۇرىگە چۈشمەي خۇددى ھاۋادا پەرۋاز ئەيلىگەن لاچىندەك پەرۋاز قىلغان پېتى ئېلىپ بېرىلىپ يەرلىكىگە قويۇلدى.

داۋۇت ئاخۇننىڭ ئۆلۈمىدىن تەسىرلەنگەن بىر بوۋاي ئۆزىنى توپىغا تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدى:

— داۋۇت قېرىندىشىم، بۇگۈن سېنىڭ ھازاڭ ئەمەس، بەلكى توي كۈنۈڭ بولدى. قۇدرەتلىك ئىگەم سېنىڭ نەمەت خەلپەتتەك كاتتا ئىلىم ئەھلى، ئىمانى كامىل پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانلىقىڭ ھەققىگە تويدەك ئۆلۈمنى بەردى…

# دىلدا ئويغانغان ئارزۇ

ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نەمەت خەلپەت خانلىق مەدرە-سىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن ئىستېپا بېرىپ، تىرىكچىلىك يولىدا ئاتا كەسپى — دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەل ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقنىڭ قان - ياشلىق ھاياتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر-لاپ چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولدى. گاڭ - غوجىلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلمى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ئەزەلدىنلا ھەققانىي، خەلقپەرۋەر ئۆسۈپ يېتىلگەن نەمەت خەلپەتنىڭ كۆڭلى-نى غەش قىلماقتا ئىدى. شۇ كۈنلەردە لۈكچۈن شەھىرىدە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: لۈكچۈن ئوردىسىدا توختى ئاخۇن ئىسىملىك بىر چاكار بولۇپ، گاڭ - غوجىلارنىڭ باللىرى تەرىپىدىن ئۈزۈن يىل ئات - ئېشەك ئورنىدا مىنىلگەنلىكتىن، بېلىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ يەنە بولدى قىلماي، چاپارمەنلىرىدىن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تارتىۋالدى.

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن نەمەت خەلپەت گاڭ - غوجىلار-نى يوقاتمىغۇچە ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك يوقلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى.

— زالىم گاڭ - غوجىلارنى يوقاتمىغۇچە بىزگە ئەركىن-لىك يوق، — دېدى ئۇ بىر كۈنى جامائەت توپلاشقان سورۇن-دا، — ياراتقان ئىگەمۇ «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دەپتىكەن. بىز قانچە سۈكۈت قىلساق، گاڭ - غوجى-لار شۇنچە پاتاڭغا مىنىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يىغا قىلماقلىق لازىم.

ئۇ ئەنە شۇنداق تەشۋىق ـ تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللى-نىپ يۈرگەن كۈنلەردە قۇمۇللۇق تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا تۇرپان ئاستانىدىكى مويدىن خەلپە تۇرپان دېھقانلىرىغا باشلامچىلىق قى-لىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمگەن نەمەت خەلپەت دەرھال قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، چوڭ ھەجىملىك «باركاللا» ناملىق داستاننى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئوقۇپ يەنە بىر رەت شۆھرەت قازاندى.

*　　　　*

تۇرپان ئاستانىدە مۇھىت باي ئىسىملىك بىر زېمىندار بار بولۇپ، ئۇ شۇ يىللاردا كارۋان تارتىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ چەت ئەللەرگىچە چىققان. شۇنداقلا مۇسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى قاتارلىق تۆت ئوغلىنى ياخشى تەربىيلەپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، ئاقارتىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ كېلە-ۋاتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاستانىدە بىر پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بار بولۇپ، مۇسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتلار پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن دائىم دېگۇدەك لۈكچۈن تەرەپلەرگە ئۆ-تۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا لۈكچۈندىكى ئىلغار پىكىرلىك، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ياش شائىر نەمەت خەلپەت بىلەن تونۇشقان، شۇنداقلا شائىرنى مەخسۇس ئاستانىگە تەكلىپ قىلىپ، ئاستانە ۋە تۇرپاندىكى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر بايلار بىلەن تونۇشتۇرغانى-دى.

مەخسۇت مۇھىتى تونۇشتۇرغانلار قاتارىدا تۇرپان يېڭىشەھەر-دىكى كاتتا سودىگەر، مەرىپەت سۆيەر مىجىت ھاجىممۇ بار بولۇپ، ئۇ كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك، كىتاب خۇمار مويسىپىت ئىدى، دائىم دېگۇدەك مەخسۇت مۇھىتى ئارقىلىق نەمەت خەلپەتنى لۈك-

چۈندىن تۇرپانغا ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باراتتى ۋە گاڭ - غوجىلار ھەققىدە يازغان قىزىق - قىزىق لەتىپە، ھەجۋىيلىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. مىجىت ھاجىنىڭ يەنە ئابدۇخالىق ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بار بولۇپ، نەمەت خەلپەت ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغىدا ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋې-لىپ، ھەرخىل سوئاللارنى سوراپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئې-رىشمىگۈچە زادى بولدى قىلمايتتى. نەمەت خەلپەتنىڭ مەزمۇت بوي - بەستىگە قاراپ ھەيران قالاتتى. شۇنداقلا نەمەت خەلپەت ھەربىر قېتىم شېئىر ئوقۇغان چېغىدا، ئۇنىڭ ھەقىقىي شائىرلارغا خاس ئۇرغۇلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شېئىردا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن مەزمۇنلارنى تەھلىل قىلىپ چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمەتتى.

مۇھەممەتلار جەمەتى ۋە مىجىت ھاجىلار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش جەريانىدا نەمەت خەلپەتنىڭ كۆزى تېخىمۇ رو-شەنلەشكەندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، يېڭى ئىدىيە-لىرىنى قوبۇل قىلغانىدى.

نەمەت خەلپەتنىڭ جامائەت توپلاشقان جايلاردا قىلغان گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قۇيقا چېچى تىك بولغان ئىمىن ۋاڭ بىرنەچچە قېتىم ئۇنى كۆزدىن نېرى قىلىشنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭلىق يەردىن چىققان پاختىلارنى يەنىلا مۇھەممەتلار ئائىلى-سىدىكىلەر سېتىۋالىدىغان بولغاچقا، ئۆز مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماي، ئارىغا ئادەم سېلىپ سودىلاشماق بولدى.

— ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ۋاڭ ھەزرەتلىرىنى تەرىپلەپ بىر نەزمە پۈتۈپ بەرسۇن دەيدۇ، — دېدى مۇقىمنىياز كاھبەگ بىر كۈنى نەمەت خەلپەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن، — چىڭ گاڭ غوجام ئۆزى ئېغىزلاندى، ئۆزلە گاڭلىققا قارشى گەپ - سۆزلەرنى دەرھال توختىتىپ، چىڭ گاڭ غوجامنى تەرىپلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزمىلەرنى كۆپرەك پۇتسىلە، بۇنىڭ بەدىلىگە ئوردىدىن لەڭ يەيدى-
غان بولىدىلا.
— ئوردا سىڭىدىكى لەڭ پۇقرالارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە
كەلگەن، — دېدىن نەمەت خەلپەت مەسخىرە ئارىلاش، — ئۇنى
ئۆزلەگە ئوخشاش هارامدىن قورقمايدىغان قانخور ئادەملەر يېمىسە،
بىزدەك زاتى كىچىك كىشىلەرگە ئەسلا ياراشمايدۇ.
— هۇ ياخشىلىق ياراشمايدىغان مەلئۇن، — دېدى ئۇ تېرى-
كىپ، — قېنى كۆرىمىز، ئوردا لېڭى ياراشمىسا، زىندانغۇ
يارىشار.
ئۇ مۇقىمنىياز كاھبەگ بىلەن قىلىشقان سۆھبەتتىن كېيىن،
پەقەت قولغا قورال ئېلىپ «جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى»
بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر هېس قىلىپ، تۇرپاندى-
كى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلماقنى نىيەت قىلدى، لېكىن ئۇ
كەتسە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تولا يىغلاپ
كۆزلىرىنىڭ نۇرى قالمىغان ئانىسىدىن ئۆچ ئېلىشى تۇرغانلا گەپ
ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن ئانىسىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىككىن-
چىدىن، مۇھتىلار جەمەتىگە يېقىن تۇرۇشنى ئويلاپ، چوڭ ئايلى-
سى ئايىسخان ياتلىق قىلىنغان جاي قەدىمي دىيار مۇرتۇققا كۆچۈپ
باردى.

# ئاھ، گۈزەل مۇرتۇق

ئىدىقۇت باغرىدىكى قەدىمىي دىيار مۇرتۇق خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن يۇرتلارغا ئوخشاشلا تولىمۇ گۈزەل ئىدى. جاھاننىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ ياشىرىپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەر، مۇرتۇق جىرالىرىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان پاكىز ۋە سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى، ساپ ۋە تازا تاغ ھاۋاسى، ئەڭ مۇھىمى ئۆز يۇرتىنىڭ مۇھىتىغا ئوخشاش گۈزەل، سۇ ۋە ھاۋاسىغا ئوخشاش ساپ ۋە پاك دىل كىشىلىرى نەمەت خەلپەتكە بەك يېقىپ قالغانىدى.

نەمەت خەلپەتلەر مۇرتۇققا كۆچۈپ بارغان كۈنى مۇرتۇق دىيا-رىدىكى پۈتۈن ئەل دەۋرەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەمەت خەلپەتنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن چىقسا، بەزىلەر تېخى ياش تۇرۇپلا نامى پۈتكۈل تۇرپان دىيارىغا پۇر كەتكەن بۇ زاتى كېرەمنى، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى، بوي ـ بەستىنى كۆرگىلى چىققانلار ئىدى. ئەل ـ يۇرت ئىچىدە يەنە كۈن بويى ئىمىن ۋاڭنىڭ دېپىنى چالىدىغان سوپى ـ ئىشانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار چىڭ گاڭ غوجىنىڭ ئاستانىسىدە ياشاشنى تەرك ئېتىپ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن نەمەت خەلپەتكە ھەسەت كۆزى بىلەن تىكىلىشەتتى. گەرچە نەمەت خەلپەت بىر نامرات يىگىت بولسىمۇ، خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇش ۋە مۇھىتلار جەمەتى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۆزىدە مۇئەييەن دەرىجىدە يېڭى ئىدىيە تۇرغۇزغان ئىلغار پىكىرلىك، بىلىملىك كىشى بولغاچقا، كىيىنىشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولۇپ، بېشىغا تۇرپاننىڭ يەرلىك باش كىيىمى بولغان قىزىل گۈللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا چەكمەن چاپان كىيىۋالغانىدى، كىيىم-لەر ئاددىي بولسىمۇ پاكىز ۋە رەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ زور بەستى-گە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ قەددى ـ قامەتلىك كۆرسىتەتتى.

— خۇش كەپتىلا، خەلپىتىم، — توپ ئىچىدىن ساقاللىرى ئاقارغان بىر بوۋاي چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — ھارمىغايلا، ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك تەنلىرىنى كۆرۈشنى ئىستەپ، دىدارى مۇلاقەت بولۇشنى كۆزلەپ تۇراتتۇق.

— رەھمەت، داموللام، رەھمەت...

نەمەت خەلپەتلەرنىڭ كۈيئوغۇل ئاكىسى ئابدۇللا ئاكىمۇ مۇرتۇقتا خېلى نام ـ ئاتىقى بار كىشى بولۇپ، ئۇ نەمەت خەلپەتلەرنى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. نەمەت خەلپەتلەر كۆچۈپ كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپ ھال سوراپ كەلگۈچىلەرنىڭ، مېھماندارچىلىققا چىللاپ كەلگۈچىلەرنىڭ خېلى كۆنلەرگىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مېھماندوست مۇرتۇق خەلقى بۇ كۈنلەردە تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدىكى نامرات دېھقانلارغا ئوخشاش جەبىر ـ زۇلۇم دەستىدىن ئاچ ـ زېرىن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز يۇرتىغا كۆچۈپ كەلگەن بۇ بىلىملىك زاتقا نىسبەتەن ناقىسلىق قىلغۇسى كەلمەي، ھەر كۈنى كەچلىكى بىر ئۆيدە قوي سويۇلۇپ تۇردى. نەمەت خەلپەتمۇ ھازىر جاۋاب، چىقىشقاق، قىزىقچى ئادەم بولغاچقا ئەل ئىچىگە سىڭىشىپلا كەتتى. ئۇ مېھماندارچىلىق بولغان سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ قىزىق ـ قىزىق پاراڭلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرسە، زالىم ۋاڭ ـ غوجىلار، نەپسانىيەتچى سوپى ـ ئىشانلار قامچىلانغان ھەجۋىي قوشاقلارنى ئوقۇپ، دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ خەلقنى خىيال دەرياسىغا غەرق قىلىۋېتەتتى.

— ئاجايىپلا بىر ئادەمكەن، — دېيىشەتتى كەچلىكلىرى مېھماندارچىلىقتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەر، — كالامۇللانى قولىغا ئالىدىغان بولسا كاتتا موللا، دۇتارنى قولىغا ئالىدىغان بولسا ئۇستا سازەندە، ئەگەر پاراڭغا چۈشىدىغان بولسا مەرھۇم موللا زەيدىننىڭ ئۆزى.

— ياراتقان ئىگەمنىڭمۇ بەرگەن كىشىگە بەرگۈسى كېلىپلا تۇرىدىكەن، — دېيىشەتتى يەنە بەزىلەر ھەسەت ئارىلاش، — گەرچە

ئۇ كىشىگە مال ـ دۇنيا بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلىمالىقنى بېرىپتۇ. گەۋدىسىگە قاراتقىلار ئۇنىڭ، يوغان، مەزمۇتلۇقىنى، پاراڭلىرىنى ئاڭلىسىغۇ ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، تەۋەيىمىزدىكى ھەزرەت ئىشانغا تۈنجى بولۇپ گەپ ياندۇرغانمۇ شۇ ئادەم دەڭلار. «گەپكە گەپ ئۇدۇل كەلسە ئاتاڭدىنمۇ يانما» دېگەندەك ھېلىقى سورۇندا ھەزرەت ئىشاننىڭ يۈزىنى يەر قىلدى.

— مەن تېخى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قورقۇپ كېتىپ: «ئۆزلىرى مۇرتۇۋقا يېقى كەلدىلە، خەلپىتىم، ھەر ھالدا ئۆزلىرىنى ئايىغانلىرى تۈزۈك» دەپ نەسھەت قىلىپ كېتىپتىمەن. قارىسام بۇ كىشى ئۇ سۆزلىرىمنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي ئولتۇرۇپتۇ...

— ئەل ئوغلىغا دېگەن يۇرتىنىڭ يېتى يوق، دەيدۇ ئۇ تېخى، «مەن قەيەرگە بارسام شۇ يەر مېنىڭ يۇرتۇم، شۇ يۇرتتىكى خەلق مېنىڭ قېرىنداشلىرىم. بىز بۇ دۇنياغا ئېتىلغان مىسالى بىر تاش، رىزقىمىز قەيەرگە چېچىلغان بولسا شۇ يەرگە چۈشىمىز» دېيىشلىرىچۇ تېخى.

*　　　　*

ھەزرەت ئىشان تۇرپان دىيارىدا خېلى نام ـ شۆھرەتكە ئىگە كىشى بولۇپ، نۇرغۇن نادان كىشىلەر ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى قالتىس چاغلاپ يۈرەتتى. شۇڭا نەمەت خەلپەتنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىزدەپ مۇرتۇۋقا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئىزىدا تۇرالماي قالدى.

— كۇپۇرلۇق، كۇپۇرلۇق، — دېدى ئۇ بىر كۈنى جامائەت توپلاشقان سورۇندا، — ياراتقان ئىگەم زوۋۇلىمىزنى ئۈزگەن چاغدا گاڭ ـ غوجىلارنىڭ زوۋۇلىسىنى چوڭ قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتقا باش بولۇشقا، بىز پۇقرالارنى بولسا ئۇلارغا ئەگىشىپ ھايات كەچۈ-

رىدىغان قىلىپ ياراتقان. ئەمدى بۇ خەلپىتىم ئەركىنلىك ئىزدەيمەن، دەپ دىيارى لۇكچۇن شەھىرىدىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كەپتۇ. ئەركىنلىك ئىزدەيدىغان ئادەم ياڭ جاڭجۇڭ ھەزرەتلىرىنىڭ قېشىغا بارسۇنا، ئەركىنلىك دېگەنى پەقەت شۇ كىشىلا بېرەلەيدۇ.

ھەزرەت ئىشان ھەددىدىن ئاشماقتا ئىدى. چۈنكى ئەمدى ئۇنىڭغا كېلىدىغان زەللىلەر، پۇل - پۇچەكلەر نەمەت خەلپەتنىڭ قولى ئارقىلىق يوقسۇللارغا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

«خەپ، — دەيتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — دىيارى لۇكچۇندىن يىلتىزى يوق قامغاقتەك لەيلەپ چىققان ئايىغى ساياق بىر كەلگۈندى تۇرۇپ مېنىڭ رىزقىمغا چاڭ سالماقچى بولدۇڭما؟ مەن سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن. ئۆزۈڭ كىچىككىنە بىر تۇخۇم تۇرۇپ مەندەك زور بىر تاغ بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغۇچى بولدۇڭما؟ تۇخۇم دېگەن ئۆزىنى بىلمەي تاشقا ئۇرۇلسا شالتىقى چاچراپ چىقىدىغۇ ئاخىر!»

ئۇ ئەنە شۇنداق جىلە بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇرتۇقتا يەنە بىر سورۇن بولدى. سورۇننى ئۇيۇشتۇرغان كىشىمۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ خېلى ئوبدانلا تەرلىگەن بولۇپ، داستىخان ناھايىتى مول ئىدى. سورۇنغا داخىل بولغان كىشىلەر يەنىلا ھەزرەت ئىشان باشلىق يۇرت چوڭلىرى، نەمەت خەلپەت ۋە ساھىبخانىنىڭ يېقىن - يورۇقلىرى بولۇپ، مەزەلەر تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن پاراڭ تېمىسى يەنە ئايلىنىپ كېلىپ گاڭ - غوجىلار ئۈستىدە توختالدى.

— گاڭ - غوجىلار بىزنىڭ پاسىبانىمىزدۇر، — دېدى ھەزرەت ئىشان سەل قىمىرلاپ قويۇپ، — ئۇلارغا بەيئەت قىلىپ ئۆتمىكىمىز جائىزدۇر. چۈنكى دىنىمىزدا «پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ» دېيىلگەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، خەلپىتىم؟

— بىزنىڭ دىنىمىزدا ھەرقاچان، ھەر زامان شىللەڭگە مىنىپ سېنى ئېشەك قاتارى كۆرگەنلەرنى بىر ئۆمۈر كۆتۈرۈپ ئۆت، دەيدىغان مەزمۇندا ئايەت پۈتۈلگەن ئەمەسقۇ، تەقسىر، — دېدى

نەمەت خەلپەتمۇ بوش كەلمەي، — گاڭ ـ غوجىلارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار بىزنى ھېچقاچان ئادەم قاتارى كۆرۈپ باققان ئەمەس، لۇكچۇندىكى توختى ئاخۇن ئاكام تەندۇرۇس ئادەم ئىدى. ئۇ چىڭ گاڭ غوجىنىڭ بالىلىرى ئالدىدا تۆت ئاياغلىنىپ، ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئۇلارنى مىندۇرۇپ ئۆتۈۋىدى، ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ ئاللا ئىگەم ياراتقان بېجىرىم تېنىنىمۇ رۇسلىيالماس بولۇپ قېلىپ، يورۇق دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خەيرلەشتى. ئۆزلىرىنىڭ كېپىچە بولغاندا، تۇرپاندىكى ھەممە ئادەم گاڭ ـ غوجىلار ئالدىدا تۆت ئاياغلىنىپ، ئۆز ئىسكەتىنى يوقىتىپ، ئات ـ ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ قالسا بولۇرمىدى، ھەزرىتىم! ؟

نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سورۇن ئەھلى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— توختى ئاخۇنغا بەكلا ئۇۋال بوپتۇ، ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ ئۇمۇ ئادەم ئىدىغۇ.

ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ھەزرەت ئىشان گەپنى ئىمىن ۋاڭ ئۈستىگە يۆتكىدى، چۈنكى نەمەت خەلپەت ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ، چىڭ گاڭ غوجامغا ھاقارەت قىلالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى شۇ يول ئارقىلىق قورقۇنچاقلىقتا ئەيىبلەپ يۇرت ئىچىدە يۈزىنى تۆكمەكچى بولدى.

— بوپتۇ، خەلپىتىم، بوپتۇ، ئۆزلىرىمۇ بىلگەن يوللىرىدا مېڭىۋەرسىلە، بىزمۇ ھەم. توخۇمۇ بىلگىنىنى چىللاپتۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— توخۇ ھەرقانچە چىللىغان بىلەن ئاخىرى بېرىپ پوق يەيدۇ، ھەزرىتىم، — دېدى نەمەت خەلپەت يەنە، — كەرەملىك ئىگەم دۇنيادىكى مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا بىز ئىنسانلارنى جىمىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇلۇغى قىلىپ بېكىتكەن. شۇڭا ئەرش ۋە پەرشتىكى بارلىق مالائىكىلەرمۇ بىزگە سەجدە قىلىپ ئۆتۈشىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ھاي، ھاي، بولدى بەس، — دېدى ھەزرەت ئىشان قولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ،— بىر ئوبدان پاراڭلىشىپ تۇرۇپ نەلەرگە كەتتۇق. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، ئۆزلىرى دىيارى لۈكچۈندە دۇنيايى پانىيغا ئاپىرىدە بولۇپ، شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن ئادەم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن چىڭ گاڭ غوجىمىزنى بىزگە قارىغاندا ئوبدانراق بىلىدىلاغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، بەك ئوبدان بىلىمەن، — نەمەت خەلپەت قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى، سورۇن ئەھلىمۇ چىڭ گاڭ غوجامنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر بىلىپ قالسۇن. بۇ توغرىدا بىر پاراڭ قىلىپ بەرمەمدىلا؟

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت ھەزرەت ئىشاننىڭ سۆزلىرىدىن بىر شۇملۇقنى سەزدى، شۇنداقتىمۇ قەددىنى تىك تۇتقىنىچە تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىمىن دەيدۇ ئاتىنى نەسەب - نامى تاز،
كەمبەغەللەر زار قاقشىسا ئاڭا بولار ماز.
ئەپيۇن شوراپ ئۆيدە ياتۇر، ئۆزى شەخسۋاز،
خان ئايلىغا ئىشرەت ئۈچۈن ئوردا كېلەر ئاز.
چىڭ گاڭ غوجا شۇنداق كىشى ئىچى مەرەز، تاز،
خان ئايلىمىز كاھبەگلەرگە قىلار جىلۋە ناز!

نەمەت خەلپەتنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا دانە - دانە قىلىپ ئوقۇغان پاساھەتلىك دېكلاماتسىيىسىنى ئاڭلىغان ھەزرەت ئىشان ھاسىسىنى تەئەددى بىلەن شىلتىدى:

— سەن، سەن... قېنى كۆرىمىز... ئۇلۇغ چىڭ گاڭ غوجامغا قىلغان ھاقارىتىڭ ئۈچۈن تىلىڭ كېسىلمەيدىغان بولسا...— ئۇ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ سورۇندىن چىقىپ كەتتى. سورۇن ئەھلى نەمەت خەلپەتنىڭ قورقۇمسىز، ھازىر جاۋابلىقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولۇشتى.

# چىڭ گاڭ غوجام چىللايدۇ

نەمەت خەلپەت مۇرتۇققا كىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇرپان - قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىلىرىدىن تۆمۇر خەلپە ۋە مويدىن خەلپەتلەرنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغانلىق خەۋىرى تارقىلىشقا باشلىدى. تۆمۇر خەلپە ئەسلىدە لۈكچۈندە تۇغۇلغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئورتاقچىسى بولغاچقا كۆن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن بالا - چاقىسىنى ئېلىپ تۆمۇر خەلپە كىچىك چېغىدىلا لۈكچۈندىن باش ئېلىپ چىقىپ كىتىپ، قۇمۇلنىڭ قوراي دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. مويدىن خەلپەتنىڭ ئانىسىمۇ لۈكچۈندىكى غوجامنىياز ئاخۇن ئىسىملىك بىر تەقۋادار دىنىي زاتنىڭ قىزى ئىدى، مويدىن خەلپەت ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە لۈكچۈندىكى خۇسۇسىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە ئايلىنىپ يۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمىي دىيار ئاقسۇغا بېرىپ، شۇ يەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ «خەلپەت» لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ مەيلى تۇرپان ياكى ئاقسۇدا تۇرغان كۈنلىرىدە بولسۇن، زالىم بەگ - تۆرىلەرنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن يۇرگۈزگەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، جەبىر - زۇلۇم ئىلكىدە خۇددى ھايۋان ئورنىدا ياشاۋاتقان خەلق ئاممىسىنى بۇ خىل ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، جاھان كېزىپ يۇرۇپ شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمىي مەردپەتلىك ئەل ئىلىغىچە بارغان. ئۇ ئىلىدا تۇرغان مەزگىلدە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىلى جياڭجۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئەلنى قاڭغىر قاقشىتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مەسچىت، مەدرىـ

سىلەردە، جامائەت توپلاشقان ئاممىۋى سورۇنلاردا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا قارشى نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، خەلقنى جاھالەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. جياڭجۈننىڭ خەلقپەرۋەر قىيىناتىسى ۋە ئايالىنىڭ بىۋاستە قول تىقىشى، شۇنداقلا ئىلىدىكى بىر قىسىم ئەل سۆيەر تىجارەتچىلەرنىڭ سوۋغا بېرىپ كېپىل بولۇشى نەتىجىسىدە ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۆز يۇرتى ئاستانىگە سۈرگۈن قىلىنغانىدى.

نەمەت خەلپەت لۈكچۈندىكى چېغىدا كۆيۈمچان ئۇستازى ھامۇتقارىي ۋە باشقا كىشىلەردىن مويدىن خەلپەت توغرىسىدىكى پاراڭلارنى دائىم ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭىلىقپەرۋەر، خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ كىشىگە نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىنىشقا باشلىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ يىگىتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئىنقىلاب قىلىش ئىستىكىدە مۇرتۇۋقا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئاھ، ھەسرىتا، ئەمدى بۇ كىشى قۇربان بوپتۇ. بىر ئۆمۈر ئەل ئىشقىدا يۈرىكى سەدپارە بولۇپ، خەلقنى ئازادلىققا، ئەركىنلىككە باشلىغان بۇ كىشى ھۆرلۈك يولىدا جان تەقدىم قىلىپتۇ. جاللات ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت بۇ يالقۇننى قورال كۈچى ئارقىلىق باستۇرۇشقا كۈچى يەتمەي، ئۇلارغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كەپتۇ. چوڭ ئەمەل بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەملەر قىپتۇ. ئەزەلدىن دىنىي مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولغان بۇ سەركەردىلەر دۈشمەننىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسىمىگە ئوڭايلا ئىشىنىپ، ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن ئەلنى ئازاد قىلىش ئىشلىرى ئاسانلىشىدۇ، دېگەننى مەقسەت قىلىپ قايتقانغا دەسسەپتۇ… نەتىجىدە ھىيلىگەرلىكتە ئۈچىغا چىققان قانخور ياڭ زېڭشىن خۇددى تۈلكىنىڭ ھىيلىسى بىلەن تۇزاققا چۈشۈپ قالغان يولۋاسنى

جايلىغاندەك، ئەل - يۇرتىدىن، پىداكار قوزغىلاڭچى ئەزىمەتلىرى-
دىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ جىنىنى تېنىدىن
جۇدا قىلىپ، جەسىتىنى كوچىغا تاشلىۋېتىپتۇ...

مويدىن خەلپەتنىڭ جەسىتى ئاستانىدىكى بىر قىسىم ئوت
يۈرەك كىشىلەر ۋە تۇغقانلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئاستانىگە ئەكې-
لىنگەندىن كېيىن تۇرپان، سىڭگىم، مۇرتۇق، تۇيۇق، لۇكچۇن،
ياڭخىلاردىن نۇرغۇن پەتىچىلەر ئاستانىگە توپلىنىپ، ئۆزلىرىگە
ھۆرلۈك ئىزدەش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان بۇ ئەزىز قېرىن-
دىشىنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىگە قويۇشتى. مويدىن خەلپەتنىڭ
نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، نەمەت خەلپەت جامائەت
ئالدىدىلا ئۆزى كېچىچە جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا يېزىپ چىققان
«ھەسرەت»، «پۇشايمان» ناملىق مەرسىيەلەرنى خۇددى قىرائەت
قىلغاندەك چوڭقۇر مۇڭ ۋە قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ئوقۇپ ئۆتتى.
ئۇنىڭ مەرسىيەلەرنى ئوقۇغان چاغدىكى ھالىتى كىشىگە خۇددى
ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك، ئۇيۇرىدىن ئايرىلغان تايچاقتەك،
ئۆز توپىدىن ئايرىلغان قوزىچاقتەك شۇنداق مىسكىن ۋە غەمكىن
بولۇپ، ئۆز يولباشچىسىدىن ئايرىلىپ ماتەم ئىلكىدە تۇرغان خەلق-
نىڭ يۈرىكىنى ئېزىتىپ سۇ قىلىۋەتتى.

«مويدىن خەلپىتىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى! يەرلىك بەگ -
غوجىلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى قولغا كەل-
تۈرەيلى!...» دېگەندەك سادالار ئاستانە ئاسمىنىدا ياڭراشقا باشلى-
دى.

ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمگەن بوۋايلار ساقاللىرىنى يۇلغىنىچە ھۇ
تارتىپ يىغلاپ، ئۆزىنى تاشلاپ توپىدا ئېغىناشسا، ئاپئاق چاچلىق
مومايلار چاچلىرىنى چۇۋۇپ ھازا ئاچماقتا ئىدى. بۇ كۈنى قەدىمىي
يۇرت ئاستانە قىيامەت قايىمغا ئايلانغان بولۇپ، مەرھۇمنىڭ جە-
سىتى سېلىنغان تاۋۇت قەبرىستانغا ئېلىپ بېرىلغۇچە قانچە ئادەم
بىھوش بولۇپ يىقىلدى، قانچە ئادەم مەرھۇمنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈ-
رۇشنى تالىشىپ، ئۆزئارا سوقۇشۇپ باش كۆزىنى يېرىشتى، بۇنى-

سى نامەلۇم. ئىشقىلىپ، بۇگۈن ئاستانىدە بىرخىل ئۇلۇغلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

*                    *

شۇ كەملەردە تۇرپاندىكى ئۇستا سازەندە، مۇقامچىلاردىن نۇ-رۇللا ئاكا، ئىبراھىم پەيتولار ئەل ئىچىدە تونۇلغان ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىن دوستى، شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان چاغدا يازغان «باريكاللا» ناملىق داستانى ۋە تۆمۈر خەلپە، مويدىن خەلپەت قاتارلىق قوزغىلاڭچى قوشۇن سەركەردىلىرى باشچىلىقىدى-كى پىدائىيلارنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ يازغان «ھەسرەت»، «پۇ-شايمان» ناملىق مەرسىيىلەرگە تۇرپان مۇقاملىرى ئۇسلۇبىدا يې-ڭى، مۇڭلۇق ئاھاڭلارنى ئىشلەپ خەلق ئارىسىغا تارقىتىۋەتتى. بۇ ناخشىلار ئەل توپلاشقانلىكى جايلاردا ئېيتىلىپ خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. شۇ قاتاردا نەمەت خەلپەتنىڭمۇ نامى ئەل ئارا مەشھۇر بولۇپ، پۈتۈن تۇرپان دىيارىدا ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەم قالمىدى.

*                    *

ئارىدىن بىرنەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا نەمەت خەلپەت ئاستانىدىكى پەرسا قېزى ئىسىملىك بىر كەمبەغەل دېھقان-نىڭ مەخان ئاتلىق قىزىغا ئۆيلەندى، ئۇلارنىڭ توي قىلىش جەريا-نى تولىمۇ قىزىق بولغانىدى. پەرسا قېزى پەرسا بايلار بىلەن قوشنا بولۇپ، پەرساباي (دورغا) مەخسۇت مۇھىتنىڭ قېيناتىسى ئى-دى. بۇ كۈنى نەمەت خەلپەت ئاستانىگە، يەنى مەخسۇت مۇھىتلار-نىڭ ئۆيىگە بارغاندا مەخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ ماخاننىڭ ئەمدى رەسىدە بولغان چاغلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى،

ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس يۇزىنىڭ تۆۋەنلىكى نەمەت خەلپەتنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ. ئەسلىدە مەخسۇت مۇھىتى بىلەن زەينەپ پەرسا (مەخ-سۇت مۇھىتىنىڭ ئايالى) ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، نەمەت خەلپەت بىلەن مەخانىنىڭ بىشىنى چېتىپ قويۇشنى مۇزاكىرىلەشكەن، بى-راق ئۇلار ئىغىز ئاچقۇچە، ئۇلار بىر كۆرۈشۇپلا «كۆيۈشۈپ» قېلىشقانىدى. شۇنداق قىلىپ مەخسۇت مۇھىتلار باش بولۇپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ بىشىنى چېتىپ قويۇشتى.

ئۇلار بەختلىك ئۆتۈۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھەزرەت ئىشان قاتارلىقلار ئۇنى ئوردا ئارقىلىق جايلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مۇر-تۇقتىكى ئىشلارنى ئوردىدىكى مۇرتلىرى ئارقىلىق ۋاڭغا مەلۇم قىلغانىدى.

— قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى تۇرسا، ئۆزلىرىنى تاز دەپ-تۇ، غوجام،— دېدى ئوردىدىكى بىر بەگ چىلگ گاڭ غوجىنىڭ ئالدىدا يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ،— ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىساق ئوردىغا تىنچ كۇن يوقتۇر...

— نېمە، مېنى تېخى شۇنداق دەپتۇما، مۇقىمنىياز كاھبەگكە ئىجازەت. سىز بۇگۇنلا ئاتلىنىپ نەمەت خەلپەت دېگەن مەلئۇننى ئاسماندا بولسا پۇتىدىن، يەردە بولسا كوكۇلىسىدىن تارتىپ ئالدىم-دا ھازىر قىلىڭ.

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، غوجام،— ئارىدىن ئۆزىنىڭ كۆپنى كۆرگەنلىكى بىلەن ئوردا ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە قېرى تەيجى سۆزگە كىرىشتى،— سوپۇملارنىڭ سۆزلىرىدىن مە-لۇم بولۇشىچە، نەمەت خەلپەتنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى بەكلا يۇقىرى ئوخشايدۇ. «چاپىقى» نى ئالىمىز دەپ «قارىغۇ» قىلىپ قويمايلى يەنە،— ئۇ ئاغزىنى چىڭ گاڭ غوجىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن-لاشتۇرۇپ پىچىرلاپ قوشۇپ قويدى،— شۇنداق قىلساق كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ ئەمەسمۇ...

قېرى تەيجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چىڭ گاڭ غوجىنىڭ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى ۋە پەرمان جاكارلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇگۈندىن باشلاپ نەمەت خەلپەت مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ئوردا قىزىقچىسى بولسۇن، ئەل خىزمىتىدە بولۇپ چارچىغانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچسۇن!

شۇ هامان ئوردا ئىچىدە خۇشامەت سۆزلىرى ياڭراشقا باشلىدى:

— بارىكاللا، چىڭ گاڭ غوجام هەزرەتلىرىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن!...

* *

چىرايلىق بېزەلگەن ئاتلارغا مىنگەن مۇقىمنىياز كاهبەگ ۋە ئوردا ئاخۇنى بىر ئاتقا ئوردىدىن تەييارلانغان ئاشلىق، رەخت قاتارلىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئارتقىنىچە سۇبهى ۋاقتىدىلا مۇرتۇققا قاراپ يول ئالدى.

— نەمەت خەلپەت دېگەن ئۆز ۋاقتىدا لۈكچۈندىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىرنېمە، — دېدى مۇقىمنىياز ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي قىينىلىۋاتقان ئوردا ئاخۇنىغا قاراپ، — ئۇ ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىنى قىلىپ ئوردىغا كەلسىغۇ بىر نۆرى، ئەگەر كەلمەي تۇرۇۋالىدىغان بولسا، ئوردا ئەهلى ئالدىدا تۇگەشكىنىمىز شۇ.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدى ئوردا ئاخۇنى پۈتلىرىنى ئۆزەڭگىگە چىڭ تىرەجەپ تۇرۇپ، — مەن نەمەت خەلپەتنى ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئوبدانراق بىلىمەن. ئۇ كىشى نامرات ئائىلىدە موهتاجلىقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن كىشى بولغاچقا، بەكلا پېقىر كۆڭۈل. خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا موهتاجلارنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغان ئەمەس، مانا ئەمدى بىزمۇ ئۇنىڭغا موهتاج بولۇپ كېتىۋاتىمىز. ئۇنىڭ بۇنى ئەلۋەتتە چۈشەنگۈچىلىكى بار، كاهبېگىم.

— شۇنداق بولسىغۇ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى دېسىلە، ئاخۇنۇم...

ئۇلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭلىشىپ مىڭىپ كەچ پېشىن مەھەلدە مۇرتۇۇقا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. سىرتتىن ئاتلارنىڭ پۇشقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىتابنىڭ ئوقۇپ كەلگەن يېرىگە خەتكۈچنى قىستۇرۇپ ئۆينىڭ تۆرى تەرىپىدىكى ئېگىز ئويۇقا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن تالاغا چىقتى. بۇ چاغدا ئوردا ئاخۇنى ۋە مۇقىمنىياز كاھبەگلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە پېتىنالماي، دېلىغۇل ھالەتتە شۇمشەرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاخۇنۇم، — نەمەت خەلپەت ئالدىراش ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كەڭ ئالىقانلىرىنى ئاخۇنۇمغا ئۇزاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دىدار غەنىيمەت، دىدار غە- نىيمەت··· — ئوردا ئاخۇنى دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. مۇقىم- نىياز كاھبەگ بولسا ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇ- رۇپ قالدى.

ئوردىدىن نەمەت خەلپەتنى چىللاپ مۇرتۇۇقا ئادەم كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىردەمدىلا مۇرتۇۇقا پۇر كەتتى. يۇرت مۆتى- ۋەرلىرى، نەمەت خەلپەتنىڭ ھەقەمسايە ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە توپلاندى. بۇ چاغدا ئوردا ئاخۇنى بىلەن مۇقىمنىياز كاھبەگ كاڭنىڭ تۆرىگە سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇشقىنىچە، نەمەت خەل- پەتنىڭ ئايالى مەخان ئەتكەن پۇرچاق ئېشىنى مەززە قىلىپ ئىچى- ۋاتاتتى.

— مەم، مەم، خەلپىتىم، — دېدى ئوردا ئاخۇنى ئويۇقلارغا تىزىلغان ھەرخىل كىتابلارغا تويماي بېقىپ، — مۇرتۇۇقا كەلگ- ەندىن بۇيان تاپقان ـ تەرگەنلىرىگە ساپلا كىتاب سېتىۋالغان ئوخشىمامىلا؟

— كىتاب دېگەن ئەقىل دورىسى، دېگەننى ئاڭلىغان بولغىي- دىلا، ئاخۇنۇم، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، —

ئاستانىدىكى مۇھىت باينىڭ ئوغۇللىرى ئىلىمگە ناھايىتى ھېرىسمەن كىشىلەر، تۇرپان يېڭىشەھەردىكى مەجىت ھاجىممۇ تەرەققىيپەرۋەر، ئىلىمخۇمار كىشى. مەن بۇ كىتابلاردىن بەزىلىرىنى سېتىۋالغان بولساممۇ تەڭدىن تولىسىنى شۇ كىشىلەر ھەدىيە قىلغان.

شۇ ھامان ئوردا ئاخۇنىنىڭ تەرى تۇرۇلدى.

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان. ئۇ كىشىلەر بىزنىڭ لۇكچۇندىكى تاھىر بەگ ئەپەندىگە ئوخشاش جەدىتلەردىن ئىكەنغۇ. تىجارەت ئىشى بىلەن ئورۇس يېرىگە چىقىپ شۇلارنىڭكىنى بىز قىلىمىز دەپ...

— شۇلارنىڭكىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلغارلىقىنى قوبۇل قىلىپ خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزىمىز دەپ دېسىلە، ئاخۇنۇم...

ئاخۇنۇم ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ بىرمۇنچە كىشى كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار پەقەت ئادەت يۈزىسىدىن مېھمانلار بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشكەندىن كېيىن نەمەت خەلپەتكە يۈزلەندى:

— شۇنداق قىلىپ يەنە كېتەمدىلا، خەلپىتىم؟ ئۆزلىرى بىزگە نەسىھەت قىلىپ، بۆرىگە يېقىن تۇرساڭ يەۋالىدۇ، يىراق تۇرساڭ ھىيلە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرىدا تۇرماق لازىمدۇر، دېگەنىدىلە. ئەمدى تۇرۇپلا بۆرىنىڭ قوينىغا كىرمەكچى بوپتۇلا، تەقسىر، بۇ زادى نېمە سەۋەبتىنكىن؟

ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئىشىتكەن نەمەت خەلپەت ئېغىز ئاچتى:

— لۇكچۇن دېگەن مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىز جاي. ئۇ يەردە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرىم، مېنى پانىي ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان مەرھۇم ئاتام ۋە قاراڭغۇ دىلىمغا ئىمان نۇرى چاچقان مەرھۇم ئۇستازىمنىڭ مەنزىلگاھى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردا ئاخۇنى ئاتايىتەن چىللاپ مۇرتۇۋقا كەپتۇ. ئەگەر مەن

ماقۇل كەلمىسەم، ئۇلارنىڭ چىڭ گاڭ غوجا ئالدىدىكى ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ ـ دە، جاھاندارچىلىق قىلمىقى مۇشكۇل بولىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىشتىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، ھازىر تاھىر بەگ ئەپەندى لۇكچۇندە مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ھارماي تىرىشىۋاتىدۇ. مەن لۇكچۇندىكى چاغدا ئۇ كىشىنىڭ نۇرغۇن خەيرخاھلىقىغا ئېرىشكەن ھەمدە كېيىنكى كۈنلەردە ئىلمىي سۆھبەت سورۇنلىرىدا بىرگە بولۇپ قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ كىشى ئاچقان مەكتەپنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۇنى بۇ خەيرلىك ئىشى ئۈچۈن قۇتلۇقلاپ كەلمىسەم زادى بولمايدۇ.

كۆپچىلىك نەمەت خەلپەتنىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، مەيۇسلەنگەن ھالدا لۇكچۇنگە يولغا سېلىپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەلنىڭ ئىپتىخارى

لۇكچۈن خانلىق مەدرىسىسى.

غەرب تەرىپى خانىقا، شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرى كىچىك - كىچىك ھۇجرىلار بىلەن ئورالغان مەدرىسە ھويلىسى بۈگۈن پېشىن- دىن كېيىن باشقىچىلا جانلانغانىدى. ئىگىز ھەم ھەيۋەتلىك پېشاي- ۋان ئاستىدا ئونغا يېقىن تالىپ بىر يەرگە جەم بولغان، پاكار، ئاق سېرىق كىچىك تالىپ ئوقۇلداشلىرىغا ئاخشام ئۆز ئۆيىدە بولغان پاراڭلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— مۇرتۇقتىن نەمەت خەلپىتىم كەلگۈدەك!

— نەمەت خەلپىتىم؟! — ئۇلار ھەيرانلىق ئىلكىدە كىچىك تالىپقا باقتى، — ھېلىقى يىللىرى[1] ئاستانىدىكى مويدىن خەلپەتلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنى ئىستەپ چىد- قىپ كەتكەن نەمەت خەلپەتمۇ؟

— نەق تاپتىلا، ئەمدى ئۇ كىشى قايتىپ كەلگۈدەك.

— يەنە مەدرىسىدە خەلپەتلىك قىلارمۇ؟

— چىڭ گاڭ غوجام بوش قويارمۇ ئۇ كىشىنى، يەنە بىر زامان كەلمەي تۇرسا بوپتىكەن.

— ھە، خەلپىتىمنى چىڭ گاڭ غوجام چىللاپ كېلىش ئۈچۈن ئوردا كاھېيگى مۇقىمنىياز كاھېگ بىلەن ئوردا ئاخۇننى مۇرتۇققا چىقارتىپتۇدەك.

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى، — دېدى تالىپلاردىن بىرى چۈشىنەلمەي، — ئوردىدا بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەردىمۇ يا؟

— ھىم، — ئارىدىن بىر تالىپ دىمىغىنى قاقتى، — نەدە

---

① 1912 - يىلنى دېمەكچى.

ئۆزگىرىش بولسۇن، يەنە شۇ ئىمىن دېگەن تاز تەختتە، مەتسايىت، ئىسكەندەرلەر بىرمۇنچە مۇتتەھەملەرنى ئەگەشتۇرۇپ توخۇ ئوغرىلاپ يۈرمەمدۇ؟

— ئەمدى دەيمىنا، چىڭ گاڭ غوجىنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن بۇ كىشىنى ئەجەب چىللاپ قاپتۇيا!

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر شۇملۇق بار جۇمۇ، ئاغىنىلەر.

— ياق، ئۇنداق ئەمەستەك.

يەنە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى ھېلىقى كىچىك تالىپقا مەركەزلەشتى.

— ئاتامنىڭ دېيىشىچە چىڭ گاڭ غوجا خەلپىتىمنى ئوردا قىزىقچىسى قىلىشۋالغۇدەك.

— ئۆزىنى تىللايدىغان شېئىر - قوشاقلارنى كۈندە ئاڭلاي دەپتۇ - دە.

— شۇ ئارقىلىق خەلپىتىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى،— دېدى ياشقا چوڭراق بىر تالىپ ئورنىدىن تۇرۇپ،— خەلپىتىم دېگەن بىلىملىك دىنىي ئۆلىما بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى كاتتا شائىر كىشى. ئۇ چىڭ گاڭ غوجىنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشۈپ قالمايدۇ.

— بولدى قىلايلى،— دېدى ئاردىن بىرى ئەنسىزلىك بىلەن،— مۇدەررىسلەر كۆرسە ئاھانەت قىلىدۇ، دەرسىمىزنى ئوقۇيلى.

شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقى زامانىسىدىلا نامى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان سۇلتان سەئىدخان، ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى، موللا نىيازى، زوھۇرى، نايخان كەبى ئەلەمدار، قەلەمدار يۇرت ساھىبقىرانلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بۇ خانلىق مەدرىسە مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ئۆز شۆھرىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشۋاتقان تالىپلار يۇرتتىن ھالقىپ يەنە قاراشەھەر، كورلا، گۇچۇڭ، جىمسار،

مورى، قۇمۇل قاتارلىق قوشنا يۇرتلارغىچە كېڭەيگەن، ئۇلارغا مەخسۇس ھۇجرا ۋە تاماقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. شۇنچە يىراق جايلاردىن ھەرەج تارتىپ كەلگەن تالىپلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، ئۈمىد ـ تىلەكلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ئېلىش، ئىلىمدا بىرەر يۇكسەك پەللە يارىتىش، بىرەر يېڭى پىكىرگە ئىگە بولۇش لۇكچۇندىكى تومۇز ئىسسىقىدا تەرلەپ ـ پىشىپ، ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈرۈپ دۇكان ئاچىدىغان پۇل خۇمار بايلارنىڭ سەرلەپ ئالتۇن، تايلاپ پاختا، تاغار ـ تاغار قۇرۇق ئۈزۈمگە ئېرىشكىنىدىنمۇ ئارتۇق قىممەتلىك ۋە خۇشاللىنارلىق ئىش ھېسابلىناتتى. چۈنكى تالىپلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، ئىلىمگە بار ئىشقى بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، ئۇنى ئالدىنقىلاردىن كېيىنكىلەرگە ئىجادىي ھالدا يەتكۈزگۈچىلەر ئىدى. بۇ ئىش قوشنا يۇرتلاردىن كەلگەن تالىپلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلار لۇكچۇندىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر مەرىپەت ئوچىقىدا تەربىيىلىنىپ، بىلىم جەھەتتە مۇئەييەن بىر سەۋىيە ھاسىل قىلىغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىپ ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇرۇشنى ئىستەيتتى.

ھېلىقى ئەنسىز تالىپلارنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن تالىپلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كىتابلىرىنى ئاچىقىش ئۈچۈن ئۆز ھۇجرىلىرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار كىتابلىرىنى ئاچىققاندا ھېلىقى كىچىك تالىپ قوينىدىن يېپيېڭى بىر كىتابنى چىقاردى.

— قاراڭلار، «مىفتاھۇل ئەدەب»، بۇ كىتابنى بىز ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان كاتتا ئالىم، دىنىي ئۆلىما قەشقەرلىك ئۇلۇغ زات ئابدۇقادىر داموللا يازغانىكەن. ئاتام ماڭا بۇ كىتابنى ئاتايىتەن قەشقەردىن ئالدۇرۇپ بەردى.

— «مىفتاھۇل ئەدەب»، — تالىپلار قوللىرىدىكى كىتابلىرىنى ياپقىنىچە ئۇنىڭغا تاشلاندى، — ئەكېلە، مەن كۆرۈپ باقاي،

راست گەپ قىلدىڭمىكىن؟
— مەدرىسىدىمۇ يالغان گەپ قىلامدۇ، سارالڭ.
— تالاشماڭلار، يىرتىۋەتسەڭلار قانداق قىلىسىلەر؟
ئۇلارنىڭ غەلۋىسى مەدرىسە ھويلىسىنى بىر ئالغان چاغدا باش مۇدەررىس سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم ئۆز ھۇجرىسىدىن چىقتى.
— نېمە سۈرەن بۇ، بۇنداق غەلۋە قىلغۇچە يا ئارام ئالساڭلار، يا بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىلمىي مۇتائىلە ئېلىپ بارساڭلار بولمامدۇ؟
— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، — دېدى ئارىدىن ياشقا چوڭراق بىر تالىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئارىمىزدىن بىرەيلەن قەشقەرىيىلىك بىر ئۇيغۇر ئالىم يازغان «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق كىتابنى ئەكەپتىكەندۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بۇ كىتابنى كۆرۈشنى ئىستەپ ... ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى.
— ھە، ئەسلىي مۇنداق گەپمۇ، — سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، — قېنى ئۇ كىتاب؟
— مانا، ئەسلىدە ئاتام بۇ كىتابنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەندى، — دېدى ھېلىقى كىچىك تالىپ تارتىنىپ تۇرۇپ، — ئاتام بۇ كىتابنى قەشقەرىيىدىن ئەكەپتىكەن. كىتابنى ئۇستازىڭغا بەرگىن، ئۇنى تالىپلارغا دەرسلىك قىلىپ ئۆتسە ساۋابى بىزگىمۇ بولىدۇ دېگەن.
— ھۇششەرە، يارايسەن، ئوغلۇم، ئاتاڭغا مەندىن رەھمەت ئېيتقىن.
سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم كىچىك تالىپ ئۇزاتقان بۇ كىتابنى ئېلىپ مۇقاۋىسىغا سۆيدى. مەزكۇر كىتاب ئەسلىدە شۇ چاغلاردىكى ئۇلۇغ مەنىۋى يېتەكچى، دىن ۋە مىللەتنىڭ پىداكارى، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ھۆرىيەتپەرۋەر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس قەشقەرى ھەزرەتلىرىنىڭ «سەرپ - نەھۋى» قاتارلىق دەرسلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللام بۇ كىتابلارنى ئۆزى تۈزۈپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىپ، شىنجاڭدىكى مەرىپەت ئەھلىگە ھەدىيە قىلغانىدى.
سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىكى بۇ كىتاب مىلادىيە 1910 ـ يىلى ئۆزبېكىستان تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە بېسىلغان نۇسخىسى ئىدى.
— ئاجايىپكەن، ئاجايىپكەن،— دېدى سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ،— ئەمدى ياخشى بولدى، نوقۇل ھالدا ئەرەبچە، پارسچە دەرسلىكلەرگىلا ئېسىلىۋالماي، ئۆز ئىچىدىن چىققانلار تۈزگەن كىتابلارنى ئوقۇيدىغان چاغلار كەلدى.
سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم كىتابنى ئاۋايلاپ تۇتقىنىچە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. كىتابنى قانغۇچە كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن تالىپلار ئەپسۇسلۇقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.
— ئەجەب بىئەپ ۋاقىتىدا چىقىپ قالدى ـ ھە، يەنە بىردەم چىقماي تۇرغان بولسا ئۇنى ياخشىراق كۆرۈۋالغان بولساق...
— بىزنىڭ ئۆيدە بۇ كىتابتىن يەنە بىرى بار، — دېدى ھېلىقى تالىپ، — ئاتام ئوقۇلداشلىرىڭ بىلەن پايدىلانغىن دېۋىدى، ئەتە ئالغاچ كېلەي.
— ۋاھ، ئۇنداقتا ياخشى،— ئۇلار يەنە كىتابلىرىنى ئاچتى.
— بولدى قىلىساڭلارچۇ،— دېدى ھېلىقى كىچىك تالىپ يەنە،— ياڭزىلىققا كىتاب ئېچىپ ئۆزۈڭلەرنى ئالدىغۇچە ئاز ـ تولا پاراڭ قىلىشمايلىمۇ؟
— مۇدەررىس خاپا بولىسىچۇ؟
— ئۆزى دېدىغۇ، بىرەر ئىلمىي مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشسەڭلار بولىدۇ دەپ.
— ئۇنداقتا باياتىن ئۈزۈلۈپ قالغان پاراڭنىڭ داۋامىسى ئاڭلايلى،— دېيىشتى تالىپلار بىردەك،— نەمەت خەلپىتىمنىڭ كېلىشىمۇ بىر ئىلمىي مەسىلە.
— نېمە دېيىشۋاتىسىلەر،— ھۇجرىسىدىن چىققان كورلىلىق تالىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.
— نەمەت خەلپەت توغرىسىدا پاراڭ بولۇۋاتىدۇ،— ئارىدىن

بىرى جاۋاب بەردى.

— نەمەت خەلپەت! — دېدى كورلىلىق تالىپ ھەيران بولۇپ، — قەيەرلىك كىشى ئۇ؟

— مۇشۇ لۇكچۇنلۇك بولمامدۇ، — تالىپلار بىردەك ئۇنىڭغا ئاچچىق قىلدى.

— بۇ دېگەن يېڭى كەلگەن تۇرسا، خەلپىتىمنى بىلمەيدۇ - ده.

— ۋاي… — دېدى باياتىندىن بېرى ئاچچىق قىلغىنى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، — پاراڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىنىڭ يېڭى كەلگىنىڭنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. مېنى كەچۈر، ئاداش.

*　　　*

بۇ كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، ئۆزىنى چىڭ گاڭ غوجا دەپ ئاتىۋالغان تۇرپان ۋاڭى ئىمىن ۋاڭ 1902 - يىلى پىچان ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاللىقاچان قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغلاردا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنى نادان قالدۇرۇش مەقسىتىدە يەنە ئۇنىڭغا ۋاڭلىق دەرىجىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇ تېرىسىگە سىغماي قالغان ۋە پۇقرالار ئۈستىدىكى زۇلۇمنى تېخىمۇ ئېغىرلاتقانىدى. ئۇ قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ قىزى ئاي پۈجۈڭ بىلەن توي قىلغان بولۇپ، توي قىلغىنىغا شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ، يەنە خەلققە «توي چىقىمىنى تۆلەش» سېلىقىنى سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىمىن ۋاڭنىڭ بۇ خىل زۇلۇم - ستەملىرىنى مۇرتۇقتا تۇرۇپ ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن نەمەت خەلپەت ھېلىقى ئولتۇرۇشتا ھەزرەت ئىشانغا ئىمىن ۋاڭنى سۆرەتلەپ قوشاق توقۇپ بەرگەندىن باشقا يەنە «چىڭ گاڭ غوجىنىڭ خوتۇنى ھەممىگە ئورتاق» دېگەندەك لەتىپىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توقۇپ ئەل ئارىسىغا تارقىتىۋەتكەنىدى. بۇ لەتىپىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: ۋاڭلىق سىلىقىنىڭ كۆپلۈكىدىن يېشى قىرىققا ئۇلاشقۇچە توي قىلالمىغان بىر ئورتاقچى مەلۇم بىر ئىش سەۋەبى بىلەن ئوردىغا كىرىپ، ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن ئاي پۇجۇڭنىڭ خانىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر يايى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «هاي، چىقىپ كېتىدىغان يەر ئاۋۇ ياقتا تۇرسا، ساڭا بۇ يەردە نېمە بار» دەپ گۆلىيىپتۇ. ئورتاقچى بەخىرامان هالدا: «بىز مۇشۇ كەمگىچە ئېتىز ئىجارىسى، ئاشلىق ئىجارىسى، سۇ پۇلى… قاتارلىق سېلىقلارنى تاپشۇرغاندىن باشقا يەنە ۋاڭنىڭ ‹توي چىقىم سېلىقى› نى قوشۇپ تۆلەپ كېلىۋاتىمىز. ئىمىن گاڭنىڭ خوتۇنىغا پۇل تۆلىگەندىن كېيىن، بۇ خوتۇن بىزگىمۇ ئورتاق ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نەمەت خەلپەتنىڭ بەگ ـ غوجىلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشى ئۈستىدىن توقۇغان بۇ خىل لەتىپىلىرى قولاقتىن ـ قولاققا يېتىپ، ئەل تەرىپىدىن تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، پۈتكۈل تۇرپان دىيارىغا پۇر كەتتى. بۇ خىل لەتىپىلەر توي ـ تۆكۈن، بەزمە سورۇنلاردىلا ئەمەس، يەنە تېخى ئەمگەك قايىنىغان ئېتىزلىقلاردىمۇ سۆزلىنىپ، خەلقنىڭ هاردۇقىنى چىقىرىدىغان مەنىۋى مەلهەم بولۇپ قالدى.

— بىر كۈنى، — دەيتتى يەنە بىر قىزىقچى سۆز باشلاپ، — نەمەت خەلپىتىم مۇرتۇقتىكى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن، ئاستانىنىڭ جىساسى مامۇت جىسا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ خەلپىتىمنىڭ ئۆزىگە سالاممۇ قىلماي جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىر گەپكە سېلىش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

«خەلپىتىم، بۇنچىۋالا ئېغىشىپ نېمىنىڭ كۆتىدىن ماراۋاتىدىلا؟»

«هە، ئۆزلە كەلگەنمۇ، — دەپتۇ خەلپىتىم ئىسكەتىنى بۇزماي ئولتۇرۇپ، — مەن لوكچۇن خانلىق مەدرىسىدە خەلپەتلىك قىلىۋاتقان كۈنلىرىمدە دەرسنى ياخشى ئوقۇماي، دائىم قېچىپ كېتى-

ـدىغان بالىلارنىڭ كۆتىدىن ماراپ ئۆگىنىپ قالغانىكەنمەن. ئەمدى
مۇرتۇقتا كېلىپ قارىغۇدەك بولسام، ئۆزلىرىگە ئوخشاش يۇرتىدىن
ئېشىپ، باشقا يۇرتلارغىمۇ كېلىپ ئادەمنىڭ كۆتىدىن قارايدىغان
ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بىز قىلغۇدەك ئىش قالماپتۇ. شۇڭا خۇما-
رىم تۇتۇپ كېتىپ سۇنىڭ كۆتىدىن ماراۋاتىمەن، دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.»

— ھۇششەرە، ياشاپ كەت. ھەقىقىي ئەركەكتەك گەپ قىلىپ-
سەن جۇمۇ!

— ئۇ شۇنداق دېسىمۇ مامۇت جىسا ھېچنېمە قىلماپتىمۇ؟

— نېمە، سىلەر تېخىچە ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ھازىر نەمەت خەل-
پىتىم دېگەن ئۇنداق موللا بوزەك ئەمەستەك، ئۇنىڭ چوڭقۇر
بىلىمى، ئۆتكۈر پىكرى ۋە يازغان شېئىرلىرى ئاستانىدىكى مو-
سۇلباي، مەخسۇتباي ۋە تۇرپان بېگىشەھەردىكى مىجىت ھاجىلارغا
ياراپ قالغاچقا، ھازىر شۇ كىشىلەر خەلپىتىمنى مەخسۇس قوغدى-
غۇدەك.

— ھە، ئەسلىدە چىڭ گاڭ غوجامۇ ئۇلاردىن قورقۇپ چېقى-
لالماپتۇ ـ دە؟!

— شۇ، شۇڭلاشقا چىڭ گاڭ غوجام نەمەت خەلپەتكە زىياد-
كەشلىك قىلىشقا پېتىنالماي، ئامالسىزلىقتىن ئۇنى ئوردىغا ئال-
دۇرۇپ كېلىپلا قۇتۇلاي دەپ ئويلىغان گەپ.

— ئەمىسە، نەمەت خەلپەتنى قەستىخانىلىقتا سالغۇدەك ـ دە؟

— نەمەت خەلپەت دېگەن ئۇنداق بوش ئادەم ئەمەس. ئۇ دېگەن
مويدىن خەلپەتكە ئوخشاش پىداكار ئوغلانلارنى مەدھىيىلىسە مەد-
ھىيىلەيدۇكى، چىڭ گاڭ غوجام ئات بېشىدەك ئالتۇن بەرگەن
بىلەنمۇ ئۇنى ھەرگىز ماختىمايدۇ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇ كىشىنىڭ پاراڭلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن
ئاڭلىغۇدەكمىز ئەمىسە.

— ھە، مۇقىمنىياز كاھبەگ بىلەن ئوردا ئاخۇنى نەمەت
خەلپەتنى چىللاپ مۇرتۇقتا كەتكەن، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇلار ئەتىلە-

www.uyghurkitap.com

تىن پەيدا بولىدۇ.

كۇندۇزلىرى ئىجارىگە ئالغان ئېتىزلىقلاردا ئىشلەپ كەلگەن
ئىشلەمچىلەر كەچ بولۇشى بىلەنلا كوچا دوقمۇشلىرىدا، كۆۋرۈك
باشلىرىدا، ئۆستەڭ بويلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ يۇقىرىقىدەك
پاراڭلار بىلەن بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئەركىنلىك ئىز-
دەپ لۇكچۇندىن باش ئېلىپ مۇرتۇققا كەتكەن سۆيۈملۈك پەرزەن-
تى، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما، قىزىقچى، هازىر جاۋاب شائىر
نەمەت خەلپەتنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشى-
لەي دېگەنىدى.

# سالام لۈكچۈن

سالام ساڭا، ئەزىز يۇرتۇم لۈكچۈن!
سالام ساڭا، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك دىيار!
مەن سېنىڭ تۇتىيادەك تۇپرىقىڭنى ھىدلاپ، ئەزىز خەلقىمگە تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم!

چىڭ گاڭ غوجىنىڭ مۇرتۇقتا ئەۋەتكەن ئىككى ئادىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئانا دىيار — لۈكچۈنگە قەدەم باسقان نەمەت خەلپەت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە ئېگىلىپ سالام قىلدى. بۇ چاغ لۈكچۈننىڭ تازا تالقان تۆكتى كۈز ئايلىرى بولۇپ، مەي باغلاپ پىشىپ تۆكمە بولغان مېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ باغلاردىن كېلىۋاتقان خۇش ھىدلارنى ھىدلىغاچ، ئانا يۇرتىنىڭ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ ئەركىن نەپەس ئالاتتى. يول بويىدىكى ھەربىر تۈپ دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا، ھەتتا يول ياقىسىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كونا تاملارنىڭ داڭگال - كېسەكلىرىگىچە مۇھەببەتلىك كۆزىدە بېقىپ، ئەتراپقا ئوتلۇق نەزەر تاشلايتتى.

ئەنە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لۈكچۈننىڭ شانۇ شەۋكىتى، نام - شۆھرىتى پۈتكۈل ئىقلىمغا نامايان قىلىپ تۇرغان، خانلىق مەدرىسىنىڭ پەشتىقىنىڭ ئىككى يېنىغا سېلىنغان ئېگىزلىكىدىن تارىختا «لۈكچۈن مۇنارى» دەپ تەرىپلىنىپ، تىللاردا داستان بولغان مەدرىسىنىڭ ئىككى مۇنارى قەددىنى رۇسلىغان پالۋاندەك ھەيۋەن بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالى قاناتلاندى، ئەزىز يۇرتىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى يىللاردا خۇلارغا باشپاناھ بولۇپ، ئۇلار قۇرغان خۇ بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى بولغان كونا تۇرپان سەن ئە-

www.uyghurkitap.com

مەسمۇ؟ سىنىڭدە ئاجايىپ كەچمىشلەر بولغان، نۇرغۇن پىداكار ئوغلانلىرىڭ سىنى قوغداش، ئەزىزلەش، گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇشقان بولسا، بىر ئوچۇم خەلق دۈشمەنلىرى سىنى پەتىھ قىلىشنى كۆزلەپ ئەزىز خەلقىڭنىڭ قانلىرىنى بىھۇدە ئاققۇزۇشقان. ئەنە، مەدرىسە مۇنارىنىڭ ئورنىدا خۇ بەگلىكى زامانىسىدىكى پىداكار يىگىت، كاتتا شائىر دەندەر ئەتراپقا ئەلەم بىلەن قارىماقتا. بەزىدە قىزلارنىڭ گۈزەل چىرايى، كېلىشكەن سۇباتى ئۇلارغا دۈشمەن بولۇپ قالغاندەك، ئۆز يېرىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، ئابھاۋاسى ۋە ھەرخىل مەھسۇلاتلىرى بىلەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالغان ئەزىزانە يۇرت — لۈكچۈن شەھىرى قانغا بويالماقتا. ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھوزلار بۇ يۇرتنى ئۆزلىرىگە قارام قىلىۋېلىش مەقسىتىدە كېچە-كۈندۈزلەپ تىنىماي دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كەلمەكتە. ئۆز ئېلىنى، ھەر ماگدام زېمىنى ۋە ھەربىر چىمدىم تۇپىسىنى تۇتىيا بىلگەن ئەل-يۇرت قوزغىلىپ ياۋ بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزماقتا. بۇ يۇرتنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن تارتىپ تاكى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە بولغان جىمىكى جايلاردىن ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، پىداكار ئوغلانلىرىدىن ئايرىلغان خەلقنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرى، نالە-پەريادى ئاڭلانماقتا. بۇ خىل ئەلەمگە چىدىمىغان جەسۇر يىگىت، خەلق شائىرى دەندەر ئۆز تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ئېلىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەملەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «دەندەر خۇ» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ، خەلقنى ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرماقتا. ئەنە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەمرى ئەبۇ سەلىم، ئۇ ھەج سەپىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ ئانا يۇرتى لۈكچۈنگە قەدەم باسقاندا ئۆز يۇرتىدىكى خەلقلەرنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىغا مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىش ئۈچۈن لۈكچۈن يېڭىشەھەردە «ئەزنە مەسچىت» نامىدىكى «جاھاننەما مەدرىسى» نىڭ ئۇلىغا خىش قويماقتا. ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىدا يەنە تۇرپان ئىناچى خانىدانلىقىنى قۇرغان خوجا

سەئىدلەرنىڭ ئەۋلادى ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاڭلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بىر - بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئاتلىرىدىن چۈشمەي تۇرۇپ ئۇنى ساقلاۋاتقان ئىككى كىشى — ئوردا كاھىپگى مۇقىمنىياز بىلەن ئوردا ئاخۇنى ئۇنى ئالدىراتتى.

— ئەجەب بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر يۇرتقا كېلىپ قالغان-دەكلا قاراپ كەتتىلاغۇ، خەلپىتىم؟

نەمەت خەلپەت پۈتۈن ئەتراپقا تويماي باققىنچە ئەمدى ئاتقا مىنەي دەپ تۇرۇۋىدى، يېقىنلا يەردىن ناله - پەرياد كۆتۈرۈلدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىندى - دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بېرىپ كۆردىكى، ئوردا چوماقچىلىرى جۇل - جۇل كىيىملىك بىر بوۋاينى ئۇر - سوق قىلماقتا ئىدى. قاتتىق تاياق زەربىسىدىن توپىغا مىلىنىپ كەتكەن بوۋاي يەنە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇماقتا ئىدى:

ماڭ، ئېشىكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.
بىزلەر تېرىپ بۇغداينى،
كىملەر يەيدىكىن تاڭ.

— قولۇڭنى تارتىش! — نەمەت خەلپەت ئاتتىن سەكرەپ چۈشكىنىچە ھېلىقى بوۋاينى يۆلىدى،— نومۇس قىلىشساڭ بول-مامدۇ، شۇنچە قاۋۇل ئەركەكلەر تۇرۇپ ياشىنىپ قالغان بىر بوۋايغا چاپلىشىۋالغىنىڭلار نېمىسى؟

چوماقچىلار بېشىغا سەللا ئوراپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پەرىجە كىيىۋالغان، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ تەمبەل ئادەم-نى كۆرۈپ سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— چىراي - تۇرقلىرىدىن قارىغاندا موللام سۇپەت ئادەم كۆرۈنىدىلا،— دېدى چوماقچىلاردىن بىرى سەل ئېسەدىگە

كېلىپ، — پاشالىقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقۇچە تىنچ بېرىپ پوشكالىلىرىنى يېسىلە بولىۇرمىكىن؟

— پوشكال دېگەننى كىملا يېسە بولىۋېرىدۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت زەردە بىلەن، — لېكىن تاياق دېگەننى خۇداۋەندە كەرىم پەقەت ئاسىي بەندىلىرى ئۈچۈنلا ياراتقان.

— ئەجەب گېپىڭ يوغانغۇ سېنىڭ، گاڭلىق توقماقنى بىر تېتىپ باققۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— قولۇڭنى تارتىش! — نەمەت خەلپەتنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ كەلگەن مۇقىمنىياز كاھىېگى ۋارقىرىدى، — گۇناھ ئۇستىگە گۇناھ قىلماقچى بولىۇۋاتامسىلەر؟ چاپسان تىزلىنىش، بۇ دېگەن ئۇلۇغ چىڭ گاڭ غوجىمىزنىڭ ئەزىز مېھمىنى، نام ـ شۆھرىتى پۈتكۈل تۇرپان دىيارىغا مەشھۇر بولغان نەمەت خەلپەت ھەزرەتلىرى بولىدۇ، — ئۇ «قانداق» دېگەندەك قىلىپ يەر تېگىدىن نەمەت خەلپەتكە قاراپ قويدى.

چوماقچىلار مۇقىمنىياز كاھىگنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال يەرگە تىزلاندى.

— گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتسىلە، خەلپىتىم، ئۆزلىرىدىن بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز.

ئۇلارنىڭ بىچارىلەرچە تۇرقىدىن سەسكىنىپ كەتكەن نەمەت خەلپەت دەرھال تەتۈر قارىۋالدى.

— مەن بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان چىڭ گاڭ غوجىنىڭ غالچىلىرى ئەمەس، چاپسان ئورنۇڭلاردىن تۇرۇش. شۇ تاپتا سىلەرگە قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگىمۇ زىيان بولىدۇ.

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن توپلانغان جامائەت بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كەلگەن قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەزىز قېرىنداشلىرىم.

تۇشمۇ تۇشتىن يېتىپ كەلگەن ئورتاقچىلار نەمەت خەلپەتنى

ئارىغا ئىلىنىۋېلىنىشتى. نەمەت خەلپەت ئەزىز يارەنلىرىگە تويماي قا-رايتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇر ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئۇياق - بۇياققا نەزەر سالاتتى.

— مەدرىسىدىكى قازى ئاخۇنۇملارمۇ كەلمەكچىدى، — دېدى توپ ئىچىدىكى بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغان تالىپ چىراي بىر يىگىت، — لېكىن مەدرىسىدىكى ئىشلار بەك جىددىي بولۇپ كې-تىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقىتلىرىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويۇپتۇ، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، خەلپىتىم.

نەمەت خەلپىتىم ئۆزىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىش-قان ئەزىز خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە ياشاۋاتقان مەھكۇم-لارچە ئەپتىگە قاراپ چەكسىز ئىزتىراپ ۋە ئەلەم بىلەن ئېغىر خۇرسىنماقتا ئىدى.

گەرچە نەمەت خەلپەت بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكىلى ئون يىلچە بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇرتۇقتىكى چېغىدا ئاستانىدىكى يېڭى-لىقپەرۋەر زىيالىي، مىللەتپەرۋەر مەرىپەت ئىگىسى مەخسۇتباي، تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇي-غۇر، ئەڭ مۇھىمى تۇرپاندىكى مەشھۇر كامالەت ئىگىسى ھۆرىيەت-پەرۋەر دىنىي ئالىم ھەمدۇللا داموللا قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھ-بەتتە بولغان، ئىلمىي مەنتىق قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر يۈك-سەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۆز يۇر-تىدىكى پۇقرالارنىڭ خار، زەبۇن ئەپتىگە قاراپ ئېچىنىشى تۇرغانلا گەپ.

تۇرپان بىلەن لۈكچۈننىڭ ئارىلىقى ياياق ئادەمگە پەقەت بىر كۈنلۈكلا يول بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر كۈنلۈك يولنىڭ ئىككى ئۇچى ئىككى خىل دۇنيا بولۇپ، لۈكچۈندە جاھالەت ھۆكۈم سۈر-گەن كۈنلەردە تۇرپاندا مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى روناق تېپىشقا باشلىدى. تۇرپاندىكى مەرىپەت ھامىيسى ھەمدۇللا داموللام قەش-قەرلىك بۈيۈك دىنىي ئالىم، نام - شۆھرىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا

ئاسيا رايونىغا مەشھۇر بولغان ھۆرىيەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كاتـ
تا ئۆلىما ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس غازى (قەشقەرى) بىلەن
ئوقۇلداش بولۇپ، بۇخارادىكى ئوقۇشنى تاماملاپ تۇرپانغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، باشقا يۇرتلارغا ئوخشاشلا تۇرپاندىمۇ ئۇزاقتىن
بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئو-
قۇش دەھرى» دەيدىغان بىمەنە، ئۆكتە پەتىۋانىڭ ئورنىغا «ئۇسۇلى
جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن ئىلمىي نۇقتىئىنەـ
زەرنى دەسسىتىپ، تۇرپان ۋە ئاستانىلەردە يېڭىدىن بارلىققا كېلىـ
ۋاتقان يېڭى مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى قوللاپ، ئۆز خەلقىنى
ئويغىتىش يولىدا ھارماي ئىزدىنىۋاتقان زىيالىيلارغا يۆلەنچۈك بولـ
غانلىقى ئۈچۈن، تۇرپان، ئاستانىلەردە ھەرخىل پەننىي مەكتەپلەر
قۇرۇلۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ھاسىل
بولۇشقا باشلىغان. تۇرپاندىكى يېڭىچە مەرىپەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ
بايراقدارلىرىدىن بولغان مەخسۇتباي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخـ
شاش زىيالىيلار ھەمدۇللا داموللامنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە
ئەقىل ئۆگىتىپ يول كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ روھلىنىپ،
ئۆز يانلىرىدىكى بار تەئەللۇقاتىنى ئايانماي خەجلەپ، پەننىي مەكـ
تەپ ئېچىشتا مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلىپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندى. يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنـ
غان ئاتاقلىق زىيالىيلار بىلەن ھەمسۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېقىن سىردىشى،
ئىشەنچلىك مەسلەكدىشىغا ئايلانغان نەمەت خەلپەت ئۆز خەلقىنىڭ
مەشئۇم ئەپتىگە قاراپ زارلىنىشى تۇرغانلا گەپ ـ دە.

دەل شۇ پەيتتە يېڭىشەھەر تەرەپتىن رەتلىك تىزىلىپ، چىرايـ
لىق مەكتەپ فورمىسى كىيگەن 20 — 30 دەك ياش ـ ئۆسمۈر
مەكتەپ مارشىنى ياڭرىتىپ كوچىدا پەيدا بولدى.

ئوقۇغۇچىلار جەڭگىۋار ۋە روھلۇق ھالدا مەكتەپ مارشىنى
ياڭراتقىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئوردا ئاخۇنى ئۇلار-
غا قاراپ ھومىيىپ قويدى.

— هۆ ئىمانسىزلار، يەنە تاھىر بەگنىڭ جەدىتلىرى كوچىدا پەيدا بولدىيا.

— تاھىر بەگنىڭ جەدىتلىرى ئەمەس، ئاخۇنۇم، — دېدى نەمەت خەلپەت قەتئىي ھالدا، — يۇرتىمىزنىڭ پەخرى، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈللىرى دېسىلە توغرا بولىدۇ.

نەمەت خەلپەتنىڭ ئىستىھزا ئارىلاش قىلغان سۆزلىرى ۋە ئورتاقچىلارنىڭ غەزەپلىك ئالىيىشلىرىدىن پەسكويغا چۈشكەن ئوردا ئاخۇنى شۈمشىيىپ قالدى.

* *

ئوردا چوماقچىلىرى تەرىپىدىن ئۇر - سوق قىلىنغىنىغىمۇ قارىماستىن، لۈكچۈندە ياشاپ ئۆتكەن مەرھۇم ھەجۋىي شائىر نايخاننىڭ سۇلتان مامۇت ھۆكۈمرانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ يازغان شېئىرىنى ئۈنلۈك ھالدا دېكلاماتسىيە قىلغان ھېلىقى بوۋاي ئىمىن ۋاڭنىڭ ئورتاقچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئوردا چوماقچىلىرى ئىككى شىڭ قوناقنىڭ ئورنىغا تۆت شىڭ بۇغداي تۆلەيسەن دەپ تۇرۋۇالغاچقا، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇغان، بوۋاي تەرىپىدىن ئوقۇلغان شېئىر تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كەتكەن ئوردا چوماقچىلىرى ئۇنى دەررىگە باسقانىدى.

نەمەت خەلپەتنىڭ ئوردىغا بېرىپ چىڭ گاڭ غوجىغا سالام قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئورتاقچىلار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرىگەن مۇقىمنىياز كاھبەگ ئۇنى ئالدىراتتى.

— چاپسان بولسىلا، خەلپىتىم، چىڭ گاڭ غوجام ئۆزلىرىنىڭ لۈكچۈنگە كېلىپ بولۇپمۇ يەنە ئۆزىگە سالامغا بارمىغانلىقلىرىنى ئۇقسا خاپا بولىدۇ.

— خاپا بولسا يەنە مۇرتۇقۇقا كېتەرمەن شۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي، — ئۆز ۋاقتىدىمۇ شۇ چىڭ گاڭ غوجىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويۇپ، ئەركىنلىك ئىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ مۇرتۇقتا كۆچۈپ كەتكەنمەن.
شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا بۇ يەرگە يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار شەھەردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر بولۇپ، نەمەت خەلپەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ بۇ يەرگە قاراپ ئاققانىدى.
— يەنە خەلپىتىمنى نازارەت قىلغىلى چىقتىلامۇ؟ — سودىگەرلەردىن بىرى كاھبەگكە ھومايدى، — خەق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلسىمۇ يەنە ئۇنىڭ كۆتىدىن ماراپ يۈرسىلە ئۇيات ئەمەسمۇ؟
— ھاي، ھاي، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، جامائەت، — بېشىغا تونۇردەك يوغان سەللە ئورىۋالغان ئوردا ئاخۇنى گەپكە لوقما سالدى، — بىز نەمەت خەلپەتنى نازارەت قىلغىلى كەلمىدۇق، چىڭ گاڭ غوجامنىڭ پەرمانى بويىچە مۇرتۇقتىن چىللاپ كەلدۇق.
— ۋاي ئاخۇنۇم، ئۆزلىرىمۇ بارمۇ بۇ يەردە، مۇقىمنىياز كاھبەگنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ تونۇيالماي قاپتىمىز.
— بىز تېخى ئۆزلىرىنى ئوردىغا يېڭىدىن ئالغان قېرى چېرىك ئوخشايدۇ، دەپتىمىز.
— چېرىكلەرنىڭ موللىسى دەپ...
شۇ ھامان توپ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
— ئەھۋال شۇنداق، قېرىنداشلىرىم، — دېدى نەمەت خەلپەت رەسمىي گەپكە ئۆتۈپ، — مېنىڭ مۇرتۇقتا قىلغان گەپ - سۆزلىرىمگە چىدىيالماي قالغان ۋاڭ غوجام مېنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ.
— تەقىب ئاستىغا ئالماقچى، ئوردىغا بارمىسىلا، خەلپىتىم، بىزنىڭ ئۆيلەر ئوردىغا ئوخشاش ياسىداق بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قوندۇرغۇچىلىكىمىز بار.
— ئۆيدە گۆش پولۇ بولمىسىمۇ ھالىمىزغا يارىشا كۈتۈۋالىمىز. كەمبەغەلنىڭ قىقىر نېنى چىشقا دورا دەپ...

— ئوردىدىن ئاتايىتەن مۇرتۇققا بىرىپ چىللاپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بارمىسام قاملاشماسمىكىن، — دېدى نەمەت خەلپەت، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردىغا بارماي قويسام مۇنۇ ئىككى غوجامنىڭ كۆڭلى ئالمىقى تەس بولار.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا، — گاڭ غوجام غەزەپ قىلىدۇ، ئۆيلىرىمىزدە چۆچۈرىدەك بالىلىرىمىز، يولىمىزغا قاراپ قالغان ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بار بىزنىڭ. ھەرقايسىلىرى رەھىم قىلىپ خەلپىتىمگە يول بەرگەيلا.

— ھاشارغا بارمىغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسىلىرى تەرىپىدىن جازاغا تارتىلغان بىچارىلەرنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىلىرى بار ئىدى ـ ھە، كاھىبېگىم؟

— ئۆزلىرى يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، خەلقنى ئازدۇرۇپ ئوردا بەگلىرىگە خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بەرگەنلەرمۇ چۆچۈرىدەك قىزلار ئىدىغۇ، ئاخۇنۇم...

قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ، شەرمىسار بولغان ئوردا ئاخۇنى بىلەن مۇقىمنىياز كاھىبېگى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇ ھۆجرىدا نىزارى ھەزرەتلىرى تۇرغان

نەمەت خەلپەت ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭى ئەمىن ۋاڭ ئۇنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، خانلىق مەدرىسە پەشتىقى ئۈستىدە مەخسۇس ناغرا چالغۇزۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خەلققە بىر كۈن توي ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. ئۇ كۈنلەردە بۇنداق ئاتاقتا ئېرىشمەكمۇ مۇشكۇل بولۇپ، لۈكچۈن-دىكى ئۇستا ناغرىچى ـ سۇنايچىلارنى ئەمىن ۋاڭ ئۆز ئوردىسىغا يىغىۋالغان، خەلقنىڭ توي ـ تۆكۈنلەردە ناغرا چېلىشى قاتتىق چەكلەنگەن بولغاچقا، لۈكچۈن خەلقى ناغرا ـ سۇناي ئاۋازىنى پەقەت ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ياكى ئوردىغا ئەزىز مېھمان كەلگەن كۈنلىرىلا ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالايتتى. ئادەتتە ئوردىغا مېھمان كەلگەندە ئوردىنىڭ ئېگىز سېپىلى ئۈستىدە ناغرا چالاتتى، لېكىن نەمەت خەلپەتنىڭ لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئەل ئىچى-دىن يېتىشىپ چىققان دىنىي زات ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، خانلىق مەدرىسە پەشتىقىدا ناغرا چېلىنغانىدى. گەرچە بۇ خىل كۈتۈۋېلىشلاردىن ئەمىن ۋاڭ ئانچە رازى بولمىغان بولسىمۇ، لې-كىن نەمەت خەلپەتنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، كېيىنكى ئىشلاردا پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن چىداپ تۇرۇپ بىرمۇنچە قوي ـ كالىلارنى سويدۇرۇپ، مەدرىسە ئەتراپىدا داش قازان قايناتتى. بۇ كۈنى لۈكچۈن خەلقى بايرام شادلىقىغا چۆمۈل-گەن بولۇپ، ئەل ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇسسۇلچىلار، ئۇستا سازەندىلەر ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشمەكتە ئىدى. شۇ كۈنى باشلانغان مەشرەپتىن كېيىن لۈكچۈندە سورۇن قايناپ كەتتى.

لۈكچۈندىكى ئاتاقلىق بايلار، يەرلىك بەگ - تۆرىلەر، دىنىي ئۆلىمالار نەمەت خەلپەتنى نۆۋەت بىلەن چايغا چاقىرىشاتتى. ئۇ بارغانلا يېرىدە قويلارنىڭ بېشى كېسىلىپ، تۈن نىسپىغىچە ھەرخىل ئىلمىي مۇئائىلىلەر، بەزمە - باراۋەتلەر داۋام قىلاتتى. بايلار، بەگ - تۆرىلەر ئۆز قويۇنلىرىدىن شاراقلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان مال - دۇنياسىغا ئاغرىپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن ئوردا مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن بۇ كاتتا زاتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى ئويلىغىنىدا خەجلىگەن پۇللىرى كۆزلىرىگە كۆرۈنمەي قالاتتى. بۇ كۈنلەردە نەمەت خەلپەت بىلەن ھەرخىل سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان ئىمىن ۋاڭنىڭمۇ تۇتقاقلىق كېسىلى ئانچە تۇتمايدىغان بولۇپ قالدى. كۈندە بەزمە، مەشرەپ بىلەن ئۆتۈشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن نەمەت خەلپەت بىر كۈنى بۇ خىل ئولتۇرۇشلارغا چەك قويدى. شۇنىڭ بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مېھماندارچىلىقنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، تىنچ تۇرمۇش ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئوردا ئىچىدە يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قويۇلغان قېرى مۇلازىم نەمەت خەلپەتنى يېڭى ھۇجرىغا باشلاپ كىردى. ھۇجرا ئىچى گۈل - نەقىش چىقىرىلىپ كاتتا بېزەلگەن، تام - تورۇسلىرى ئاقارتىلىپ كاڭغا ئوتقاشتەك ئېسىل گىلەملەر، ئۈستىگە تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. بەجايىكى كاتتا بىر شاھزادىنىڭ خاس خانىسىنى ئەسلىتىپ تۇرغان بۇ ھۇجرىنى كۆرگەن نەمەت خەلپەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن، مۇشۇ ھۇجرىدا تۇرىدىلا، خەلپىتىم، — دېدى قېرى مۇلازىم خۇشخۇيلۇق بىلەن، — ئەمدى نېمە ھاجەتلىرى بولسا، ماڭا قولاق ئۇرۇپ قويسىلا بولدى. خىزمەتلىرىدە بولۇپ تۇرىمەن.

— مەن دېگەن بورا ئۈستىدە يېتىپ چوڭ بولغان ئادەم، — دېدى نەمەت خەلپەت بۇ كاتتا ئۆيگە قاراپ، — بۇ خىل ھەشەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭا ياراشماسمىكىن، تەقسىر!

— يارىشىدۇ، ياراشمامدىغان، بۇنداق كاتتا ئۆيلەر ئۆزلىرىدەك ئىلمىي پازىل، كاتتا ئۆلىمالارغىلا لايىق.

گەپدان مۇلازىم چىقىپ كېتەرىدە مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك كەينىگە بۇرۇلدى ۋە قوشۇمچە قىلدى:

— بۇ ھۇجرا دېگەن ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن تۈتۈلغان تەۋەررۈك ھۇجرا. دەرپەردىلەرنى قايرىسىلا ئويۇق، لىمتاقلاردا لىقمۇلىق كىتاب. بۇ ھۇجرىدا تېخى ئۆز گاختىدا ئابدۇرېھىم نىزارى ھەزرەتلىرى تۇرغان.

— ئابدۇرېھىم نىزارى، — نەمەت خەلپەت ئىختىيارسىز ھالدا لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇدەررىسلەر تەرىپىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى ھەققىدە قىلىنغان بايانلارنى ئەسكە ئالدى.

*                    *

مىلادىيە 1819 ـ يىللىرى.

تۇرپان ئىناچى خانلىقىنىڭ ۋاڭى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەش ۋە ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، نەۋرە ئىنىسى زوھۇرىدىننى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. زوھۇرىدىن كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ۋە زېرەك بولۇپ، لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ چاغلاردىكى ئەڭ ئىلغار قاتناش قورالىمۇ ئات بولغاچقا، ئۇلار چىققان مەپىنى ھەيدەش ۋە مەپىگە قوشۇلغان ئاتلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئات باقارى ھاشىم ئاكىمۇ ئۇلار بىلەن ئاتلاندى.

بۇ مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز

تۇتقانلىقتىن، شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئىشلىرىمۇ بوشىشىپ، يەر-لىكتىكى ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، ھەرخىل قارشى كۈچلەر ئۈز-لۈكسىز ئۇلغىيىشقا باشلىدى.

— ھازىر ئەھۋال بەك مۇرەككەپ، — دېدى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ چايقىلىپ كېتىۋاتقان مەپىدە ئولتۇرۇپ ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا، — بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى قەشقەرگە مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ ئەۋەتكەن بىنجىن دېگەن بۇ ئادەم تازا شەھۋەتپەرەس نېمە. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھەر ھالدا ئېھتى-يات بىلەن بىر ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك...

زوھۇرىدىن بەگ يول بويى ئاكىسى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك چارىلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەن باياناتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ماڭدى. ئۇلار بىرمۇنچە يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئۆزىنى چىڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن قەشقەرنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى دەپ ئويلاپ، تېرىسىگە سىغماي قالغان مەس-لىھەتچى ئامبال بىنجىن قوقەنلىك سودىگەر سانجاننىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلدى. مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ بۇ ئىشنى يازما دوك-لات ئارقىلىق دەل ۋاقتىدا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە دوكلات قىلغان بولغاچقا، جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، ئۆزلىرى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلدى، لېكىن چوڭ خوجا بۇرھان-دىنىنىڭ قوقەنگە قېچىپ بېرىۋالغان نەۋرىسى جاھانگىر خوجا بىن-جىننىڭ دېلوسىدىن پايدىلىنىپ، قوقەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللى-شى بىلەن قەشقەر چېگرىسىغا كۆپ قېتىم باستۇرۇپ كېلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇ يەردە دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، سوپى - ئىشانلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭچىلار 1826 - يىل 7 - ئايدا قەشقەرگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىدا تايانچ بازا قۇردى. دېمەك، بۇ چاغلاردا ۋەزىيەت ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇرەككەپ ۋە جىددىي بولۇپ، ئۆز ھاياتىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەخت ۋارىسى، بەش ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇننى مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلەر ئارقىلىق لۈكچۈنگە يولغا سالدى. ئۆزى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا مۇخالىپ ئىش قىلماسلىق ئۈچۈن قەشقەردە قالدى.

1826 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەردە ئاجايىپ بىر ھال شەكىللەندى. ئۇ كۈنى جاھانگىر خوجىنىڭ باندىت قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ خەلقنى بۇلاپ ـ تالىدى، بەگ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا زوھۇرىدىن بەگنىڭمۇ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان بولۇپ، ئۆلۈم دەھشىتى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى.

— ئۆزلىرى ياش،— دېدى ھاشىم ئاخۇن ئۆزىنىڭ يېنىغا پاناھلىنىش ئۈچۈن كىرگەن زوھۇرىدىن بەگكە قىيمىغان ھالدا،— مەن بولسام كۆرىدىغاننى كۆرۈپ بولغان كىشى. كىيىملىرىنى چاپسان يەشسىلە... — ئۇ شۇنداق دەپلا كىيىملىرىنى يېشىپ زوھۇرىدىنگە ئۇزاتتى،— چاپسان بولسىلا دەيمەن، ھازىر دېگەن ئويلىنىپ تۇرىدىغان چاغ ئەمەس...

زوھۇرىدىن بەگ ئۇزۇن يىللىق ئات باقارىغا قىيمىغان ھالدا كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيگىنىچە كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— خەير، ئاكا، بۇ قىلغانلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن،— دېگىنىچە ئاتخانىدىن چىقىپ كەتتى.

زوھۇرىدىن بەگنى قەتلى قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ ئاتخانىغا كىرىپ قالغان توپىلاڭچىلار زوھۇرىدىن سىياقىدىكى ھاشىم ئاخۇننى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى[①].

---

① يۇقىرى تەپسىلاتلار مەرھۇم يازغۇچى ھېلىمنىياز قادىر ئەپەندىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان.

قەشقەردىكى توپىلاڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتى 1827 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 36 مىڭ كىشىلىك هۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ توپىلاڭچىلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى.

توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ باشتىن ـ ئاخىر چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەي توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇنغا «جۈنۋاڭ» لىق مەنسىپى بەردى.

توپىلاڭ مەزگىلىدە ئات باقار هاشىم ئاخۇننىڭ ھىممىتىدە قەتل قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان زوهۇرىدىن بەگ سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قېچىپ كەتتى. ئۇ سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى شەمەي ئارقىلىق چۆچەككە يېتىپ كەلدى. چۆچەك ئامبىلى زوهۇرىدىن بەگنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە مەلۇمات بەردى. مىلادىيە 1830 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇ ئىشنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن، زوهۇرىدىن بەگنى قەشقەرگە رەسمىي هاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ قەشقەرگە هاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشلارنى يەكۈنلەپ، خەلقپەرۋەر بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئەڭ ئالدى بىلەن قەشقەردىكى كاتتا ئالىم، شائىرلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تاللاپ ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى ھەمدە ئۇلارنى مۇھىم ئىشلارغا ۋەزىپىگە قويۇپ، خەلقنىڭ ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئوردىدا مەخسۇس دىۋان تەسىس قىلىپ، شۇ زاماندىكى قەشقەردىكى كاتتا ئالىم، ئۆلىمالاردىن شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى، نۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» تەزكىرىسىنىڭ مۇئەللىپى تۇردى

شەيخ ئاخۇنۇم... قاتارلىق مەشھۇر زاتلارغا ھوقۇق بېرىپ، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى دىۋانبېگى قىلىپ بېكىتتى.

زوھۇرىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تۇرپان ئىناچى خانلىقىغا ۋاڭ بولغان ئەفرىدۇن ۋاڭ ئۇنىڭغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ مەكتۇپ يوللىدى: «ھۆرمەتلىك بەگ ئاكا، قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئىلغار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ خەلقنى ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بۇرۇنقى مالىمان يىللاردا مەرھۇم ئاتام باندىتلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. بۇ ھەقتىكى ۋەقەلەرنى تولۇق بايان قىلىپ تۇرپان ئىناچى خانلىقىنىڭ نەسەب تارىخىنى يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن، دىۋان خانىڭىزدىكى دىۋانبېگى ئابدۇرېھىم نىزارى دېگەن كىشىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۇ كىشى ئوردىدا تۇرۇپ بۇ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان بولسا كۆڭلۈم ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمگەن بولار ئىدى.»

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ مەكتۇپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىۋانبېگى ئابدۇرېھىم نىزارىنى مەخسۇس مۇلازىملار بىلەن بىرلىكتە لۈكچۈنگە يولغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ لۈكچۈنگە يېتىپ كەلدى.

دەرۋەقە، بۇ چاغدا ئەفرىدۇن ۋاڭ تېخى 15 ياشقا كىرگەن بىر بالا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەدبىرلىك ئانىسى خۇشنارە خېنىم ۋە ئەزەلدىن مەرىپەتلىك ئەل بولغانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا مەشھۇر بولغان لۈكچۈندىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ، كاتتا بىلىم ساھىبلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ئاستىدا ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇپ يېتىلىۋاتقان بالا بولغاچقا، ئابدۇرېھىم نىزارى ھەزرەتلىرىنى ناھايىتى كاتتا ھەشەمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

ئۇ لۈكچۈندە تۇرغان ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە لۈك-

چۇن خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە خەلق ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرمۇش ئۆگەندى. لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسى، خانلىق مەدرىسە، تۇيۇق ئەسھابۇل كەھىب مازىرى، دۆلەتباغ، نەزەرباغ قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئەينى زاماندىكى پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت بۆشۈكى بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن لۇكچۇن شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقتى. ئۇ بۇ مەزگىلدە يەنە لۇكچۇندىكى دىنىي ئالىم، ئۇستا تېۋىپ، كاتتا شائىر ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قۇسىۇرىنىڭ تەۋەررۇك پەرزەنتى، كاتتا ئۆلىما ئەۋەيت ئاخۇنۇم بىلەن قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورناتتى.

ئۇ بۇ مەزگىلدە يەنە ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تەلىپى بويىچە «لۇكچۇن ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىنغا يازغان خېتى»، «قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ لۇكچۇن ۋاڭى ئەفرىدۇن ۋاڭغا يازغان جاۋاب خېتى» ۋە مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ قەشقەردە قەتلى قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارنى يارقىن تىل ۋە سۆزلەر پاساھىتى بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ، «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ» ناملىق چوڭ ھەجىملىك يىرىك داستاننى يېزىپ چىقتى. شائىرنىڭ لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرغان مەزگىللىرى ئىجادىيىتىدە يۈكسىلىش بولغان بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا «ئەسھابۇل كەھىب ھەققىدە قىسسە»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «ۋامۇق ـ ئۈزرا»، «مەسئۇد ـ دىلئارا» ۋە «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق داستانلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك «خەمسە» نى يېزىپ تاماملىغاندى...

مانا ئەمدى ئاشۇ مۇبارەك زات ماكان ئەيلىگەن بۇ خاس ھۇجرىدا نەمەت خەلپەت چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە ئويغا پاتقاندى. «بۇنىڭدىن ئاز كەم 100 يىل ئىلگىرىكى ئىشلار ـ ھە؟ — دەيتتى ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، — ھازىرقى ۋاڭلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان ئەفرىدۇن ۋاڭ، زوھۇرىدىن بەگلەر خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇ-

رۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەپ، خەلقنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تويۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئايانماي تەر ئاققۇزسۇنۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بۇ زالىم پادىشاھلارنى كۆرۈڭ. يېـيىشنىڭ، ئىچىشنىڭ، ئويناشنىڭ، مال ـ دۇنيا توپلاشنىڭ كوـيىدا بولۇپ، خەلققە زۇلۇم سالماقتا. بۇ پاسىقلار ئۆرۈلمەيدىغان تامنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ كونا تامنى بۇزۇپ، يەنە ئورـنىغا زامانغا لايىق كاتتا تام سالىدىغانلىقىنى نېمىشقا بىلمەيدىغاندۇر زادى؟ ! »

# لۇكچۇندە پارلىغان چولپان

نەمەت خەلپەتنىڭ ئوردا مەسلىھەتچىسى، ئوردا قىزىقچىسى دېگەنناملار بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىشى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بولغان ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇ نەمەت خەلپەتنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن، ئوردا يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئۈستىدىن توقۇغان ھەرخىل ھەجۋىي شېئىر، قوشاق، لەتىپىلەرنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن بولغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار بولۇپ، مەشئۇم كېسەلدىن تىنچلىنىش مەقسىتىدە ئەپيۇنگە خۇمار بولۇپ، كۈنلەپ - كۈنلەپ چىراغ تۈۋىدىن قوپالمايدىغان بولۇپ قالغان چاغلار بولغاچقا، نەمەت خەلپەتنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى بىلەن ئانچە كارى بولۇپ كەتمىدى.

بۇ چاغلاردا لۇكچۇندىمۇ مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى تېخىمۇ بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، مىلادىيە 1915 - يىلى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىي، مەرىپەتپەرۋەر زات تاھىر بەگ ئەپەندى قۇرغان «تاھىرىيە مەكتىپى» نىڭ تۈرتكىسىدە، لۇكچۇندىكى يەنە بىر مەرىپەتپەرۋەر زات گۈلبەگنىڭ قورۇسىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلگەنىدى.

— يېڭىچە مەكتەپ دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، — دېيىشەتتى كىشىلەر بەس - بەس بىلەن بۇ مەكتەپنى ماختىشىپ، — بىز بۇرۇنلاردا بەش - ئون يىل ئوقۇپمۇ «ھەپتىيەك» نىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەي، ئەرەبچە ئىبارىلەرنى يادلاپ ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق.

— شۇ ئەمەسمۇ، ھازىر بۇ بالىلارغا ئۆز تىلىمىزدا دەرس ئۆتۈلىدىكەن. بۇ مەكتەپتە بىر - ئىككى يىللا ئوقۇغان بالىلار ھېسابقىمۇ خېلى پىششىق بولۇپ، ئاق - قارىنى ئوبدانلا پەرق

ئېتەلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئوغلۇم ئوقۇش يېشىغا يەتسە، مەنمۇ مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىمەن.

كىشىلەرنىڭ يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلارنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئىلگىرى خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىپ، تالىپلاردىن ئېلىنىدىغان ھەرخىل ھەقلەر ھېسابىغا جان بېقىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم خۇراپىي موللا، ئىشانلارنىڭ ئۆيلىرى قۇرۇقدىلىپ، جان باقمىقى تەسلىشىپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى سەھەر ناماز بامداتنى خانلىق مەدرىسىدە ئۆتەپ ئۆردىغا قايتىپ كېلىۋاتقان نەمەت خەلپەت گۈلبەگنىڭ قورۇسى ئالدىغا توپلىشىۋالغان بىرمۇنچە كىشىلەرنى كۆرۈپ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇلار بىر قىسىم خۇراپىي سوپى - ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىمۇ تاھىربەگ ئەپەندى ئاچقان «تاھىرىيە مەكتىپى» دە غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئاستانىدىن مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇپ، مەزكۇر مەكتەپنىڭ بىر مەزگىل تاقىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. ئەمدى بۇ كۈنلەر گۈلبەگنىڭ بېشىغا كەلگەن ئوخشايدۇ. شۇندىمۇ نەمەت خەلپەت چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەررەم جامائەت.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — توپ ئىچىدىن يوغان كەلگەن، چېقىر كۆز بىر ئادەم چىقىپ نەمەت خەلپەتكە جاۋاب قايتۇردى. بۇ كىشى شۇ يىللاردا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن لۈكچۈندە چېپىلغان «شەنگەن ئېرىقى» نىڭ سۈيىنى باشقۇرىدىغان ئەسمىتۇل مىراب دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ چاغلاردىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى ئىدى.

— ئەتىگەندە گۈلبەگنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىپ قېلىـ

شىپىتىلا، تەقسىر،— دېدى نەممەت خەلپەت ئەتەي بىلمەسكە سېلىپ،— يا بۇ يەردە بىرەر مەرىكە بوپتۇمۇ؟
— تولا خۇپسەنلىك قىلمىسىلا، خەلپىتىم،— توپ ئارىسىدىن بىرى ۋارقىرىدى،— بىرەر مەرىكە بولسا ئاۋۋال ئۆزلىرىدەك سەللىسى يوغانلارغا خەۋەر قىلماي بىزگە خەۋەر قىلىشاتتىمۇ؟
— ئاغزىڭنى يۇم،— بۇ چاغدا ئەسمىتۇل مىراب ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ سۆز باشلىدى،— مەنمۇ سۇ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، يۇرت ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالغىلى خېلى كۈنلەر بولغان، بۈگۈن سەھەردە بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋاتسام يۇرتىمىزنىڭ پازىل ئۆلىمالىرىدىن بەكرى سوپۇم، ماناپ مەزىنلەر ئۆيۈمگە بېرىپتۇ. قارىسام چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق، نېمە بولدىكىن دېسەم، گۈلبەگ قورۇسىغا مەكتەپ ئېچىپ باللىرىمىزنى ئىمانسىز قىلىۋەتتى. بىز ياشاۋاتقان جاھاننى يۇمىلاق دەپ ئوقۇتۇپ، ئەسلىدىنلا پايانى يوق دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان جاھانغا چەك قويۇپ دىنىمىزغا شەك چۈشۈردى، دەپ داد ئېيتقىلى تۇردى. ئۆزۈم گەرچە ناباب بىر ئادەم بولساممۇ، لېكىن دىنىمىزغا تىل تەگكۈزىدىغان بۇ خىل قىلمىشنى ئاڭلاپ زادىلا تۇرالماي قالدىم. شۇڭا نېمە بولغاندۇر، دەپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي دەپ بۇ يەرگە كېلىشىم.
— ئۇنداقتا گۈلبەگ ئۆزى قېنى، ئۇ كىشى كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— بىزنى كۆرۈپلا دەرۋازىسىنى تاقاپ ئىچىدىن زەنجىرلىۋالدى.
— بۇ ئىشقا چىڭ گاڭ غوجام قانداق قارايدىكەن؟
چىڭ گاڭ غوجىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىۋىدى، ھەممىسى جىم بولۇپ قالدى.
— ئۆزلىرى ئوردىدا مەسلىھەتچىسى بولغاندىن كېيىن ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىزگە قارىغاندىمۇ ئوبدانراق چۈشىنىدىلا،— دېدى ئەسمىتۇل مىراب ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھىم، ئۇنداقتا ھەرقايسىلىرىدا چىڭ گاڭ غوجامنىڭ پەر-
مانى يوق ئىكەن - دە،— بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتنىڭ ئوردا مەسلى-
ھەتچىسى دېگەن نامى تازا ئەسقاتتى،— چىڭ گاڭ غوجامدىن رۇخ-
سەتسىز بىراۋنىڭ ئىشكى ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ، پاراكەندىچىلىك
تۇغدۇرۇشىلا قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر گۇلبەگ ئەتە - ئۆگۈنلەردىن
«مېنىڭ تىنچ تۇرمۇشۇمغا پاراكەندىچىلىك سالدى» دەپ ئوردىغا
ئەرز سۇنسا، ئۇ چاغدا مەن ئارا تۇرالمايمەن جۇمۇ.
— بۇ، بۇ...— كۆپچىلىك تىللىرىنى چايناشقان ھالدا جىمى-
دە بولۇپ قېلىشتى.
— ھۇ خوتۇن تالاقلار، ئۆزۈڭگە ئىش تېرىپ قويۇپ، ئاخىرى-
غا ئىگە بولالمايدىغان نېمەڭلەرگە مېنىمۇ چاقىرىپ...— ئەسمتۇل
مىراب ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، نەمەت خەلپەتكە خوشمۇ
دېمەستىن، دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان ئېتىنى يېشىپ مىنىپ كې-
تىپ قالدى.
— مۇشۇنداقلا بولدى قىلىمىزمۇ، مەزىن ئاخۇنۇم،— بەكرى
سوپى ماناپ مەزىنگە قارىدى.
— ئەتىگەندە يوق يەپتىلا، تەقسىر،— دېدى ماناپ مەزىنمۇ
مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ،— ئەگەر ئەتە - ئۆگۈن گاڭلىق تۇرمىگە
سولاپ قويسا، قوشناچىم تاماقمۇ بەرمەي تىرىك تۇرغۇزۇپلا ئۆلتۈ-
رىدۇ مېنى.

* *

ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى لۈكچۈن شەھىرىدە بازار قايناي-
تى، نەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئەمگەك قىلىپ ھارغان دېھقانلار بۇ
خاسىيەتلىك كۈندە سودىلىق قىلغاچ جۈمە نامىزىنى شەھەر خەلقى
بىلەن خانلىق مەدرىسىدە ئۆتەشنى مەقسەت قىلىپ بازارغا توپلىشات-
تى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن خانلىق مەد-
رىسىنىڭ كەڭرى ھويلىسىمۇ توشۇپ كېتىپ، مەدرىسە ئالدىدىكى

كەڭرى سەينامۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. شۇنچە يولنى بېسىپ بىرمۇنچە ھەرەج تارتىپ يېتىپ كەلگەن سىركىپلىكلەر، ئامانشا- لىقلار، تۇگمەنبويلۇقلار، ئۈچكۆۋرۈكلەر، ھەتتا ياڭخى، تۇيۇقلار- دىن كەلگەن كىشىلەرمۇ بۇ يەرگە توپلانغان بولۇپ، ناماز باشلانغۇ- چە ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشەلمىگەن قوۋم - قېرىنداشلار، ئەل - ئاغىنىلەر ئۆزئارا كۆڭۈل سوراشماقتا ئىدى. بىر چاغدا مەدرىسە ئىچىدىن نامازغا تۇرىمىز، دېگەن ئۈنلۈك سادا كۆتۈرۈلۈپ، مۇڭ- لۇق قىرائەت بىلەن ناماز باشلاندى. نامازدىن كېيىن نەمەت خەل- پەت سىيتنىياز قازى ئاخۇنۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن مەدرىسە ئالدى- دىكى كەڭرى سەيناغا ياسالغان سەھنىگە چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلىرىم،— دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ بوم، ياڭراق ئاۋازى بىلەن نامازخانلارغا سالام بې- رىپ،— بۈگۈن ھەرقايسىلىرى يۇرتىمىزنىڭ مەرىپەت ئوچاقلىرى- دىن بولغان خانلىق مەدرىسىگە كەرەملىك ئىگەم يۈكلىگەن قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي بىرمۇنچە ھەرەج تارتىپ كېلىشتىلە. بۇنىڭغا ئاللا ئىگەم ھەرقايسىلىرىنىڭ ئەجرىگە لايىق مول ساۋاب ئاتا قىلغاي!

شۇ ھامان سىيتنىياز قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئامىن!!!

نامازخانلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم بولغىنىدەك،— نەمەت خەلپەتنىڭ بوم ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى،— ياراتقان ئىگەمنىڭ بىزگە يۈكلىگەن قەرزلىرى پەقەت كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، رامزان ئايلىرىدا 30 كۈن روزا تۇتۇپ جامائەتكە ئىپتارلىق بېرىش، ئۆشرە - زاكاتنى تولۇق ئايرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پەرزەنت تەربىيىسىدۇر. ئەۋلاد قالدۇرۇش خۇداۋەندە كەرىم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ھەرخىل جانلىق، مەخلۇقاتلار- نىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان ئەقەللىي بىر ئىشتۇر، لېكىن پەرزەنت- نى ياخشى تەربىيىلەپ، ئەل - خەلقنىڭ خىزمىتىگە يارايدىغان

www.uyghurkitap.com

قىلىپ يېتىشتۇرۇش پەقەت بىز ئىنسانلارغىلا خاس ئىشتۇر. مانا ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك، شورالار ئىتتىپاقىدا ئىنقىلاب بولۇپ ئۇ ئەلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئويۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى، لېكىن بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ھەر مىللەت خەلقى ئۇيۇشۇش تۇگۇل، كىچىكىمىزدىن باشلاپ مۇشۇ ئەزىز تۇپراقتا تۇغۇلۇپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ئەزىز يۇرتىمىزنىڭ بىر ئوچۇم تۇپرىقىنىمۇ تۇتىيا بىلىپ كېلىۋاتقان قوۋمىمىز ئىچىدە بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، بالىلارنى تەربىيىلەش ئىشى بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى. نەتىجىدە بالىلىرىمىز خۇسۇسىي مەكتەپلەردە بەش - ئون يىل ئوقۇپمۇ «ھەپتىيەك» نىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەي، چوڭ بولغاندا ئاق - قارىنى ئىلغىمايلا بىر قىسىم ناتوغرا يول تۇتقان كىشىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ قىمار ئويناپ تاپقان - تەرگەننىمىزنى شامالغا سورۇماقتا. كوچا - كويلاردا كىشىلەردىن قىلچە تەپ تەرتماستىن نەشە چېكىپ بار تەئەللۇقاتىمىزنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىپ، مەست - ئەلەس بولـۇپ خار - زەبۇنلـۇق ئىلكىدە كەيىپ - ساپاغا بېرىلىپ ئۆز ئەقلىنى تەرك ئەتمەكتە. ئويلاپ باقايلى، كۆپچىلىك، بۇ زادى قانداق بالا تەربىيىلەش؟ بۇ زادى قانداق مۇسۇلماندارچىلىق؟! بىز مۇسۇلماندارچىلىقتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك يولدا مېڭىشقا مۇناسىپمۇ؟ ھەزرىتى رەسۇلىللا ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلىرىگە ئىلىم چىندا بولسىمۇ ئېلىڭلار، دېگەنىكەن ھەمدە ئۇ زات كېيىنكى كۈنلەردە «ھەقىقىي بايلىق — روھىي بايلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنى قالدۇرغانىكەن. لېكىن ھازىر بىلىم چىندا ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىلا. بالىلىرىمىزنىڭ دىلىغا مەرىپەتتىن مەشئەل ياقىدىغان «تاھىرىيە مەكتىپى» گە ئوخشاش يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر بارلىققا كېلىپ، لوكچۇن دىيارىدىكى نۇرلۇق چولپانغا ئايلاندى. لېكىن بىز تاھىربەگكە نېمە قىلىپ بېرەلىدۇق؟ گۈلبەگكىچۇ؟ ئۇلار ئۇسسىغاندا بىرەر قاپاق سۇ بېرەلىدۇقمۇ؟ سىلەر ئوقۇتۇۋاتقان بىزنىڭ بالىلىرىمىز دەپ قەھرىتان

قىش كۆڭۈللىرى بىرەر باغلام ئوتۇن ھەدىيە قىلالىدۇقمۇ؟ لېكىن تاھىر بەگ ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ مۆھتەرەم زات بۇ نەرسىلەرنى ئەسلا بىزدىن تەمە قىلىپ باققىنى يوق. گۈلبەگمۇ شۇنداق. بۇ كىشىلەرمۇ لۇكچۇندىكى بارلىق بەگ ـ غوجىلارغا ئوخشاشلا ئېسىل نەسەبتىن كېلىپ چىققان. ئۇ كىشىلەرمۇ يۇرتىمىزدىكى ھەرقايسى بەگ ـ غوجىلارغا ئوخشاش مال ـ دۇنياسىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ، سەيلە ـ تاماشىلاردا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ئۆتسە ئۆتەلەيتتىغۇ؟ لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. بولۇپمۇ بۇ ھەقتە تاھىربەگ ئەپەندىدىن ئالاھىدە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇ زات ئۆز خەلقىگە پاراغەت ئىزدەپ جاھان كېزىپ، ئۆز خەلقىنى مەنئۆى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى تاپقانىدى. ئۇ كىشى تاپقان ـ تەرگىنىنى سەرپ قىلىپ، بىزنىڭ پۇت ـ قوللىرىمىزغا چىرمىشىۋالغان جاھالەت كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلاشنىڭ كويىدا سۇ بولۇۋاتسا، بىز بۇ كىشىنى قوللاش تۇگۇل «كاپىر»، «جەدىت» دەپ تىللىساق، ئاتايىتەن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرساق، يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان بالىلىرىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ ئوقۇشقا بەرمىسەك، ئويلاپ كۆرەيلى، جامائەت، ئادەم دېگەنگە بۇندىنمۇ ئېغىر خورلۇق بولامدۇ؟

ئۆز ۋاقتىدا خانلىق مەدرىسىمىزنى قۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، خانلىق مەدرىسە قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر مەدرىسىدە تۇنجى بولۇپ باش مۇدەررىسلىككە سايلانغان، يۇرتىمىزنىڭ پەخرى، دىنىي ئالىم، ئۇستا تېۋىپ، كاتتا شائىر قۇسۇرى ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك نامى ھەرقايسىلىرىغا ناتونۇش بولمىسا كېرەك. ئەنە خانىقانىڭ غەربىي تېمىدىكى شەرققە قارىتىلىپ ئېسىلغان تاختايغا چىرايلىق قىلىپ يېزىلغىنى شۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا يازغان شېئىرى. ھەرقايسىلىرىنىڭ قۇسۇرى ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى دىللىرىدا زىكرى قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن ھەرقايسىلىرى خانىقاغا ئېسىلغان بۇ

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنىڭ ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە چىنپۇتۇشمەيدىلا. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىدا مەلۇم بولۇشىچە، خانىقادا پەقەت ئۇلۇغ خۇداۋەندە كەرىمنىڭ، ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ سۆزلىرى زىكرى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆرنەكلەر ئېلىنىدۇ. لېكىن ھەرقايسىلىرى قۇسۇرى ھەزرەتلىرى يازغان بۇ شېئىردىن كەلىمە ئىشىتىپ باققان بولۇشسىلا، ئىلمىنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يوسۇندا يەتكەن بولۇشاتتىلا، — ئۇ شېئىرنى يۇقىرى ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

ئەي دىل سەركەشتە تاۋاپ ئەتكىل جانابىي ئىلمىنى،
ئىستەگىل غەمكىن سەن، ئۆز ئىشرەت شارابى ئىلمىنى.
ساپى قىل كۆڭلۈڭ ھاۋاسى، ئابى خاندىن ئورما دەم،
ئىستەسەڭ ئائىنە يەڭلىغ ئاپتاپى ئىلمىنى.
يۇز ئىشكلەر باغى جەننەتتىن يۈزۈڭگە ئاچىلۇر،
كۈلبەئى مېھنەت ئارا يايساڭ كىتابىي ئىلمىنى.

— بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەي دىل، ئىلمنى ئىزدەپ تاۋاپ قىل، ئۇ شۇنداق نەرسىكى، ئىشرەت شارابىدىن ئارتۇق غەمكىنلىكنى كۆتۈرىدۇ. كۆڭلۈڭنى ھاۋايى - ھەۋەستىن ساپ قىلىپ، ئارتۇقچە غەم قىلمىساڭ، ئىزدىسەڭ ئاپتاپقا ئوخشاش نۇرلۇق ئىلىمنى تاپالايسەن. جاپا چېكىپ ئىلىم ئىگىلىسەڭ كىتابنىڭ ھەر بېتىدىن ساڭا جەننەتنىڭ يۈزلەپ ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

نەمەت خەلپەت سۆزىنى لۈكچۈن دىيارىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق مۇدەررىس، پازىل دىنىي ئۆلىما، دىداكتىك شائىر قۇسۇرى ھەزرەتلىرىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغاندا بولسا، مەدرىسىگە توپلاشقان جىمىكى جامائەت چوڭقۇر سۈكۈتكە پاتقاندى.

*　　　　　　　　　　　　*

جاهان دېگەن شۇنداق ئىكەن، بىراۋلار خەلق مەنپەئىتى ئۈ-
چۈن ئۆز جانلىرىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ زامان زالالەتلىرى
ئۈستىدىن كۈرەش قىلسا، يەنە بەزىلەر خەلقنى نادانلىقتا قالدۇ-
رۇپ، ئۆز ھەمىيانلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن. مانا
بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ھېلىقى كۈنى نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلە-
گەن نۇتقىدىن ئىبرەت ئېلىش تۇگۇل، بۇنى ئۆزلىرىگە قارشى
ئىسيان كۆتۈرگەنلىك دەپ قارىغان يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن سەلەي
ھاجىم، بەكرى سوپۇم، ماناپ مەزىنلەر ئەرز - شىكايەت قىلىش
ئۈچۈن يەنە ئەسمىتۇل مىرابنىڭ ئۆيىگە توپلاندى. بۇ چاغدا ئەسمە-
تۇل مىراب ئۆز خانىسىدا ئۇلاردىن سەل بۇرۇن كەلگەن ئەخمەت
ئىشان، سەمەت مەخسۇملارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن بەك
چېكىشكە تۇتۇش قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتسىز كېلىپ قالغان
بۇ مېھمانلارنى سوغۇقلا قارشى ئالدى.

— ھە، يەنە نېمە گەپ، — دېدى ئۇ سۇنغان پۇتىنى يىغىپمۇ
قويماستىن، — يەنە بۇ يەرگە يوق يەردىن تۇك ئۇندۇرگىلى كېلىش-
تىلىمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دېدى ئۇلاردىن بەكرى سوپى ئالدى-
راپ، — ھېلىقى نەمەت خەلپەت دېگەن جۇمە كۈنى بىرمۇنچە ئادەم-
لەرنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ...

— يەنە شۇ گەپمۇ، ئۇ سۆزلىگەن بولسا ھەرقايسىلىرىمۇ
تىڭشاپ قويسىلىلا بولمامدۇ؟...

— قۇللۇق، قۇللۇق، — دېدى بۇ چاغدا سەلەي ھاجىم سەل
ئالدىغا چىقىپ، — مىراب جانابلىرىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى بىر
مىسقالدىن ئارتۇق ئالتۇنغا باراۋەر تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ئۇنىڭ
سۆزلىرىنى تىڭشىغۇدەكمىز!...

— ئۇنداقتا جۇمە كۈنى ئەجەب تىڭشاپ قېلىشىپتىلاغۇ؟

— بۇ... بۇ... — سەلەي ھاجىم دۇدۇقلاپ قالدى.

— خانلىق مەدرىسە بولغاندىن كېيىن نېمە گەپلەر چىقار-
كىن دەپ بارغان، — ماناپ مەزىن ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى ئوڭ-
شاشقا تىرىشتى، — كىم ئويلىغان دەيسىلا، مىراب بېگىم، ئۇ
مۇرتەتنىڭ مۇنبەرگە چىقىپ جۆيلۈيدىغىنىنى.

— ئاڭلىسام ئېسىل گەپلەر بوپتۇدەكقۇ، — ئەسمىتۇل مىراب
ئۇلارغا قارىدى.

— نەدىكىنى، يەنە شۇ جەدىتلەرنى مەدھىيىلەپ كۆككە كۆتۈ-
رۈش بولدى، تەقسىر!

— ھەرقايسىلىرى جىم تۇرۇشتىلامۇ، تەقسىرلىرىم، —
ئەسمىتۇل مىرابنىڭ كەيپىتىن خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرى ئۇلارغا
تىكىلدى.

— بىزگە نېمە ئامال بار دەيسىلا، غوجام، يۇرت كاتتىلىرىدىن
سېيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، رىقىپ قازى ئاخۇنۇمغا ئوخشاش زاتلار-
مۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان تۇرسا.

— ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، — ئەسمىتۇل مى-
راب تەئەددى بىلەن ۋارقىرىدى، — ئاشۇ رىقىپ دېگەننىڭ ئىسمىنى
ئاڭلىسامۇ قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ.

— جەدىتلەرنى قوللىغانمۇ شۇ.

— نەمەت خەلپەتنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىغانمۇ شۇ.

— ئاڭلىسام ئەتىلىككە باۋۇدۇنباي ئۆز خانىسىدا زىياپەت
ئۇيۇشتۇرغۇدەك، مېنى چىللاپ ئاتايىتەن ئادەممۇ كىرگۈزۈپتۇ.
باۋۇدۇنباي ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ دېيىشىچە، بۇ سورۇنغا نەمەت خەل-
پەتمۇ داخىل بولغۇدەك.

— ئۆزلىرى بارمىسىلا، غوجام، — ماناپ مەزىن
ئۈمچەيدى، — كارامەت زۇۋاندار نېمە ئۇ.

— كالتە پەملىكلىرىدىن مۇشۇ كەمگىچە كېپىش شەھىرىدىن
قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدىلا، تەقسىر، — دېدى ئەسمىتۇل مى-
راب سەل ئېچىلىپ، — ئەتە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا نەمەت
خەلپەتنى شۇنداق بىر رەسۋا قىلايكى، ئۇ مۇرتۇقتىن قايتىپ

كەلگىنىگە مىلىڭ داد دېسۇن! ؟

ئەسمىتۇل مىراب ئاۋازىنى پەسەيتىپ بىرنېمىلەر دېيۇۋە-
دى، سوپى - ئىشانلارنىڭمۇ، سەلەي ھاجىلارنىڭمۇ چىرايىدا كۈلكە
پارلىدى.

— ھۇششەرە، مىراب بېگىم، يەنىلا ئۆزلىرى دانا - دە.
شۇنىڭ بىلەن سەلەي ھاجىلار قايتىشقا تەرەددۇتلاندى.

— ھەرقايسىلىرىمۇ بارىلا - دە، مەن باۋۇدۇنبايغا جېكىلەپ
ھەممە ئىشنى ئوڭشايمەن.

— ئۇھ، كەندىرنىڭ پۇرىقىدىن تىن تارتالماي ئۆلگىلى قىل
قالدىم، — دېدى بەكرى سوپۇم تالاغا چىققاندىن كېيىن قېقىلىپ
يۆتىلىپ تۇرۇپ، — ئۆي ئىچىدىلا يۆتىلەي دېسەم، مىراب بېگىم-
دىن قورقتۇم.

— ئۇلار دېگەن ئاللانىڭ ئىشقىدا چېكىپ، ساماغا چۈشىدۇ.

*                    *

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق كۈن بولدى. بۇ كۈنى يۇرت مۆتىۋەرلى-
رىدىن سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، رىقىپ قازى ئاخۇنۇم، نەمەت
خەلپەت قاتارلىقلار، ئەسمىتۇل مىرابنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن سە-
لەي ھاجىم، ماناپ مەزىن، بەكرى سوپۇم قاتارلىقلار ئۆز تەرتىپلە-
رى بويىچە كاڭنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ساھىبخانا
تەرەپنىڭ چاكارلىرى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەندى. مېھ-
مانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ، داستىخانغا ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر
تىزىلغاندىن كېيىن، مېھمانلار مەزەگە ئېغىز تېگىشتى.

كەپتەرۋاز كەپتەر پارىڭى، توخۇۋاز توخۇ پارىڭى قىلىشقانغا
ئوخشاش سورۇندىكىلەرنىڭ تولىسى ئۆزلىرىگە يارىشا ئىلىم ئەھلى-
لىرىدىن بولغاچقا، سۆھبەتمۇ يەنە ئىلىم - مەرىپەت، شېئىرىيەت
ئۈستىدە بولدى.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، — دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم ئاۋ-

ۋال سۆز باشلاپ، — خەلپىتىم يازغان «بارىكاللا» ناملىق داستان ھازىر تۇرپان تەرەپلەردە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىۋاتقۇدەكقۇ.

— راست، — سۆز قىستۇردى سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، — مەرھۇم تۆمۈر خەلپە، مويدىن خەلپەتلەرنىڭ ئۆلۈمىگە ئاتاپ يازغان «ھەسرەت»، «پۇشايمان» ناملىق مەرسىيىلىرىمۇ خەلق تەرىپىدىن ئاللىقاچان ناخشىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇدەك.

— ئۇنداقتا، ئۇ ناخشىلارنى نېمىدەپ بۇ يەردە ئېيتىلمايدۇ؟ — ئارىدىن بىرى ئالدىراپ سورىدى.

— ھەي، لۇكچۇنچىلىك دېگەن شۇ، — دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم ئەلەم بىلەن، — چىڭ گاڭ غوجىمىز تويغا ناغرا چالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىغان يەردە، ئۇ ناخشىلارنى ئېيتقان كىشىلەرنىڭ تىلىنى كەسمەي قويارمۇ؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى، كۆپچىلىك، — دېدى ئەسمىتۇل مىراب، — ھەرقايسىمىز ئۇلۇغ چىڭ گاڭ غوجامنىڭ سايىسىدە جان بېقىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر، ئۇ كىشىمۇ جاھاننىڭ تىنچ بولۇشىنى تىلەيدۇ ـ دە.

— ناخشا ئېيتقانغا جاھان بۇزۇلۇپ كېتەرمىدى، غوجام.

— ھەممىنى بۇزىدىغىنى شۇ ناخشا. سۇلتان مامۇت گاڭ غوجام زامانىسىدا ئۆتكەن نايخان دېگەن قەلەندەر «ماڭ ئېشىكىم ماڭ، سۇلتان مامۇت گاڭ» دېگەن بىرنېمىنى يېزىۋىدى، ئورتاقچىلار قانداق جانلىنىپ كەتمىدى؟ ئاغزىدا ناخشا دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە گاڭ ـ غوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارىتا كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ئۇ.

— ئەجەب گەپلەرنى قىلىشىپ كەتتۇققۇ، — باياتىن بىرى گەپكىمۇ ئارىلاشماي، پەقەت مېھمانلارنى مەزەگە زورلاپ ئولتۇرغان باۋۇدۇنباي سۆزگە ئارىلاشتى، — چىشىمىز پاتمايدىغان گەپلەرنى قىلىشقۇچە تىنچ ئولتۇرۇپ ئۆز پارىڭىمىزنى قىلىشساقچۇ.

— ئەمدى دەيمىنا، — دېدى ئەسمىتۇل مىراب تېمىدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەي، — موللام دېگەنمۇ شېئىر يازامدىكىنە.

— مەن موللا ئەمەس،— دېدى نەمەت خەلپەت دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ،— موللام دېيىش توغرا كەلسە نادان خەلقنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سىلىپ كېلىۋاتقان سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، رىقىپ قازى ئاخۇنۇمغا ئوخشاش ئېسىل زاتلارنى دېيىش كېرەك. خەلقىمىز ئارىسىدا «بەش ئىمان» سۈرىسىنى يادقا ئېلىپ، ھەممە پارىنى چالا- پۇچۇق تۇگەتكەنلەرنى «موللام» دەپ ئاتايدىغان ئادەت شە- كىللىنىپ قالغىنى راست. لېكىن موللام دېگەن بۇ سۆز ساپلىق جەھەتتە ئالتۇندىن، ۋەزىن جەھەتتە ئىدىقۇت تېغىدىنمۇ ئېغىر سۆزدۇر. كەمىنىلىرى گەرچە «قۇرئان كەرىم» نى يادقا ئېلىپ، «ھىدايى شەرف» كە ئوخشاش كىتابلارنى تاماملىغان بولساممۇ، موللا بولۇشتىن تولىمۇ يىراقمەن، تەقسىر.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولماس،— دېدى سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم ئېتىراز بىلدۈرۈپ،— ئۆزلىرى گەرچە بىزگە ئوخ- شاش ئىزچىل تۇردە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىلىمۇ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا دەرس بەرگەن تالىپلار ئارىسىدا ناملىرى ھازىرغىچە يادلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىر يېزىش دېگەنمۇ ئۇنچىۋالا بىر ئەيىب ئىش ئەمەس. چۈنكى شېئىر دېگەن ئىماننىڭ نۇرى، ئەگەر «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى قاپىيە، شېئىرىي تۇسىنىڭ قويۇق- لۇقىدىن ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئوقۇغۇسى كېلىپلا تۇرىدۇ.

ئۆز سۆزىنىڭ كۆپچىلىك تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئەسمىتۇل مىراب ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.

— مەھەم، مەن نەمەت خەلپەتكە گەپ قىلسام ھەرقايسىلىرىغا نېمە دەز كەتتى، بۈگۈن مېنىڭ نەمەت خەلپەتتىن سورايدىغان سوئالىم بار. ھەرقايسىلىرى شۈك ئولتۇرۇپ گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشسىلا بولىدى.

رىقىپ قازى ئاخۇنۇم ئۆكتە قوپماقچى بولۇۋىدى، نەمەت خەل- پەت ئۇنى شەرەت بىلەن توسۇۋالدى.

— ئەگەر باۋۇدۇنباي رۇخسەت قىلسا،— دېدى نەمەت

خەلپەت، — ھېلىغۇ بىر سوئالكەن، مەن سوئال بولسىمۇ چاماـ
نىڭ يېتىشچە جاۋاب بېرىمەن.
باۋۇدۇنباي ئىسىملىك بۇ كىشى شۇ چاغلاردا بايلىق جەھەتتە
لۈكچۈندىكى بايلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ھەرقانچە
قاترايمۇ ئۇردا تەرىپىدىن ئۆزى قانائەت قىلغۇدەك تۇزۇك بىر
ئەمەلگە ئېرىشەلمىگىنى سەۋەبىدىن، قورسىقىدا پەرمان بويىچە
ئوردا مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ مۇرتۇققا چىللاپ كېلىنگەن
نەمەت خەلپەتكە غۇم ساقلاپ يۈرگەن كىشى بولغاچقا، بۇ پۇرسەتنى
قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى.
— پېقىرلىرى گەرچە ئاز ـ تولا مال ـ دۇنياغا ئىگە بولساـ
مۇ، لېكىن ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاش ئىلىم ئەھلى ئەمەسمەن،
بولسا بىر شۇنداق قىلىشسىلا، كۆزلىرىم ئېچىلىپ قالسا ئەجەب
ئەمەس.
ئەسمىتۇل مىراب ئەمدى سوئال سوراشقا تەمشىلىۋىدى، بوـ
سۇغىدا رەتلىك كىيىنگەن ئىككى بالا پەيدا بولدى.
— خەلپەت ئاكا، — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا نەمەت خەلپـ
ەتكە قاراپ،— گۇلبەگ دادام مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار،
خەلپەت ئاكاڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار دېۋىدى... — ئۇلار سۆزلەـ
رىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماستىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتىشتى.
— خەلپىتىمنىڭ ئىشى بار، — دېدى ئەسمىتۇل مىراب
تەرىنى بۈزۈپ، — ئەمدى گۇلبەگ بىزنى مېھماندارچىلىق بولغان
يەرلەردىمۇ ئولتۇرغۇزمايدىغان بوپتۇ ـ دە.
— ماۋۇ يەرگە كېلىڭىزلەر، باللىرىم،— رىقىپ قازى ئاـ
خۇنۇم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاھقا چۈشتى ۋە باللارنىڭ
يېنىغا كەلدى،— ئوقۇشىڭىزلەر قانداق كېتىپ بارىدۇ، باللىـ
رىم.
— ياخشى، — باللار يەرگە قاراشتى.
— ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق بولمايدىغان،— دېدى سېيىتنىدـ
ياز قازى ئاخۇنۇممۇ ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ،— مانا بۇلار

يېڭىچە پەننى مەكتەپنىڭ بالىلىرى، بىزنىڭ كېلەچىكىمىز...
يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قىلغان ئىلتىپاتىدىن سەل روھلانغان بالىلار بېشىنى يەردىن ئېلىپ، قەددىنى رۇسلىدى.
— هازىرچە مىراب بېگــىمــگە بۇ بالىلار جاۋاب بېرىپ تۇرسۇن، — دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم ئەتراپقا ئۇتلۇق نەزەر تاشلاپ، — قالغان گەپلەر بولسا بالىلارنىڭ جاۋابىدىن كېيىن بىر-نىمە دېيىشەرمىز.
— يەنە شۇ جەدىتلەرمۇ، ئادەمنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ.
— ئاۋۋال بىر ئاڭلاپ باقمامدىلا.
بۇ چاغدا هاياجانلانغان نەمەت خەلپەتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بالى-لارنىڭ ئالدىغا چۈشتى.
— سىلەرگە دىن دەرسىمۇ ئۆتۈلەمدۇ؟
— ئۆتۈلىدۇ، — بالىلاردىن بىرى تارتىنىپقىنا جاۋاب بەردى.
— ئۇنداقتا مۇنۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار، ئادەمنىڭ ئىززەت ئابرۇيى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى نىمە بىلەن بولۇر؟
— ئىلىم مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن جانابىي هەق بىزلەرنى ئىتتىپاقلىققا ئەمىر قىلغاندۇر. «هەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسى (ئاللانىڭ دىنى) غا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار»، — بالىلارنىڭ بىرى دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى.
— مەم، مەم، مەم، — دېدى بۇ چاغدا بەكرى سوپۇم ئالدىراپ كېتىپ، — هەممىسىلا ئاللانىڭ كالامىدا بار سۆزلەر ئىكەنغۇ.
— شۇنداق، — دېدى بۇ چاغدا رىقىپ قازى ئاخۇنۇم سالماق-لىق بىلەن، — هەممىسى ئاللانىڭ كالامىدا بار سۆزلەر، يەنە كېلىپ بۇلار بىز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان «كاپىر، جەدىت» دەپ قارغاپ يۈرگەن بالىلارنىڭ ئاغزىدىن چىققۇاتقان سۆزلەر.
ئەمدى يەنە تالىشىۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى هېس قىل-غان ئەسىمتۇل مىراب پېشىنى قاققىنىچە سورۇندىن چىقىپ كەت-تى.

— مېھماندارچىلىقىمىز تېخى تۈگىمىگەن، بېگىم، — باۋۇدۇنباي ئاغزىنى ئۆمچەيتكىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى، — قازاندا پولۇ دۇملىنىۋاتقان.

— مېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار، — دېدى ئۇ باۋۇدۇنبايغا نارازى بولغان قىياپەتتە، — پولۇلىرىنىمۇ بىزنىڭ گېپىمىز گەپ بولغاندا ئاندىن يەرمىز.

# ئەل ئويغانغاندا

ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاغىچىسى ئاي پۈجۈڭ قومۇل ۋاڭى شامەخ-
سۇتنىڭ قىزى بولۇپ، شامەخسۇتنىڭ ئوردىسىدا ئەركە - نايناق
چوڭ بولغاچقا، ئىمىن ۋاڭغا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىنمۇ شوخلۇ-
قىنى ھېچبىر تاشلىيالمىدى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئوردىدىكى قا-
ۋۇل، ياش كاھ، بەگلەرنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ، ئۇلار
بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈ-
رۇشنىڭلا كويىدا يۈرەتتى. بۇ پاراڭلار ئۆز يېقىنلىرى ئارقىلىق
ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا بىرنەچچە رەت يەتكەن بولسىمۇ ئاي پۈجۈڭنىڭ
بىشەملىكى، ئاتىسى شامەخسۇت ۋاڭنى پەش قىلىپ سالغان تەھ-
دىتلىرى ئاستىدا ئىمىن ۋاڭ پەقەت سۈكۈتتە تۇرۇشقىلا مەجبۇر
ئىدى. بۇ كۈنلەردە لۈكچۈن خەلقى ئارىسىدا «ئىمىن ۋاڭ ئوۋغا
چىقتى، ئارقىسىدىن غوۋغا چىقتى» دېگەندەك پاراڭلار تارقالغان
بولۇپ، ئاغىچىسىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن ۋاڭ ئاچچىق يۈتۈپ
ئەپيۈن چىرىغىنىڭ يېنىغا دوگغۇياتتى، كەچ كۈز ئايلىرى كەلگەن-
دە بولسا دەرد - ئەلەمدە لەختە بولغان قەلبىنى يۇرت ئارىلاش
ئارقىلىق بولسىمۇ بىرئاز پەسكويغا چۈشۈرۈشنى ئويلاپ، ئوردا
ئەھكاملىرىنى باشلاپ ئوۋغا چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا
ئوردا ئۆزگە ئوگچە قالغان ئاي پۈجۈڭ ئۆزى ئۈستىدىن گەپ
تارقاتقانلارنى جازالاپ، ئۆزىگە سادىق بولغان ئويناشلىرى بىلەن
كەيىپ - ساپا سۈرۈشكە باشلايتتى. بەزى چاغلاردا ياش كاھلار،
بەگلەر ئاي پۈجۈڭدىن قىزغىنىپ، ئۆز ئارا مۇشتلىشىپ ئوردىنى
بېشىغا كىيەتتى. ئاي پۈجۈڭ ئۈستىدىن ئىمىن ۋاڭغا گەپ يەتكۈز-
گەنلەرنى بۇرنىدىن بۇلاق، كۆزىدىن قۇملاق چىققۇچە پالاققا تار-
تىپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن ئوردا ئەھلى بۇنداق جېدەللەرنى

ھەرخىل ئاماللار بىلەن پەردازلاپ، چوڭىنى كىچىكلىتىپ، كىچىكىنى يوقىتىپ دېگەندەك يوللار بىلەن ھەل قىلىپ، ۋاڭ شىكاردىن يېنىپ كەلگۈچە يوق قىلىنىۋېتەتتى. لېكىن ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ئاي پۇجۇڭنىڭ ئوردىدىكى سەتچىلىكلىرى كىملەر تەرىپىدىندۇر پۇقرالار ئارىسىغا يېتىپ، پۈتۈن لۇكچۈن شەھىرىگە پۇر كېتەتتى. «ئىمىن ۋاڭ ئوۋغا چىقتى، ئارقىسىدىن غوۋغا چىقتى» دېگەن پاراڭمۇ شۇ ۋەجىدىن چىققان بولۇپ، پۇقرالار «غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ» دېگەن شۇ دە، دېيىشكىنىچە باشلىرىنى چايقىشاتتى. چۈنكى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئانىسى مەرھۇم سۇلتان ماموتنىڭ پاك ۋىجدانلىق ئۇيغۇر قىزى ئانانۇرخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەلق تېخى ئۇنتۇمىغاندى. مانا بۇگۈنمۇ ئىمىن ۋاڭغا بىرەر خاپىلىق يەتتىمۇ ياكى شىكار خۇمارى تۇتتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئوردا ئەھكاملىرىنى باشلاپ شىكار ئۈچۈن دىغارغا ئاتلاندى. دىغارنىڭ بىر ئۇچى چۆلتاغقا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، چۆلتاغ بۇرۇن ناھايىتى بىر سۇلۇق زېمىن بولۇپ، بۇ زېمىندا ئۆسكەن ياۋا گۈل ـ گىياھلار خۇش پۇراق چېچىپ، ئوت ـ چۆپلەر شامالدا يەلپۈنۈپ، ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالغان ياۋا مېۋە ـ چېۋىلەر سانجاق ـ سانجاق مېۋە بولۇپ، تاسادىپىي بېرىپ قالغان كىشىلەرگە بەئەينى ئۈجمە باغنى ئەسلىتىدىغان گۈزەل زېمىن ئىكەن. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ بۇ زېمىننىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزى بۇ زېمىنغا تىكىلىپ، بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىستىكىدە قەبىلىلىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كۆچۈشكە باشلاپتۇ. دەل بۇ چاغلار ئۇلۇغلىرىمىز كۈيپارلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كۈنلەر بولۇپ، ئۇلۇغلىرىمىزدىن بىرىنىڭ ناھايىتى چاپقۇر ئېتى بار ئىكەن. ئاتنىڭ ئېگەر ـ يۈگەنلىرى ئالتۇندىن بولۇپ، يۈگەنلىرى جاراڭلاپ تۇرىدىكەن. جەڭنىڭ دەھشىتىدىن ئېتنىغا بوغۇز بېرىشكىمۇ ۋاقتى يەتمىگەن بۇ مۆھتەرەم زات ياۋ لەشكەرلىرى چېكىنگەن چاغدا ئۆزى ئارام ئېلىپ، ئېتىنىڭ بېشىـ

دىن يوگەننى ئېلىۋېتىپ ئوتلاشقا قويىدىكەن. بىرەر تاسادىپىي ئەھۋال كۆرۈلسە يوگەننى بىرلا جاراڭلاتسا ئات قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قويۇندەك چاپقىنىچە ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولىدىكەن.
كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ھاردۇق يېتىپ، ھالىدىن كەتكەن ئۇلۇغ زات يەنە ئېتىنىڭ يوگىنىنى چىقىرىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزى بولسا داق يەردىلا يېتىپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى بىلەنلا ئەتراپىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇ ھامان ئويغىنىپ قارىسا، سانجاق ـ سانجاق ياۋ لەشكەرلىرى باستۇ-رۇپ كېلىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دەرھال يوگەننى شاراق-شىتىپتۇ، لېكىن ئاتتىن ھېچبىر سادا بولماپتۇ. ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم... بۇ چاغدا ياۋ لەشكەرلىرى بىر كۆز يېتىم جايغىلا كېلىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان ئۇلۇغىمىز يوگەننى تۆتىنچى قېتىم جان ـ جەھلى بىلەن شاراقشىتقانىكەن، ئات يېتىپ كەپتۇ، ئاتتىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنىدىن شۇرقىراپ تەر قويۇلۇپ تۇرغان. . . بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن ئۇلۇ-غىمىز گەپ ـ سۆزمۇ قىلماستىن ئېتىنى جابدۇپ، يەنە جەڭگە ئاتلىنىپتۇ، قىلىچلار ئۆزئارا ئۇرۇلۇپ ئۇچقۇن چاچراپتۇ، يانىڭ كىرىچى تالاي قېتىم تارتىلىپتۇ، زۇلپىقار قىنىدىن چىقىرىلىپ قىپقىزىل قان بىلەن يۇيۇلۇپ، ئاخىردا يەنە ياۋ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن جەسەتلەرنى قالدۇرۇپ پىتىراپ قېچىشقا باشلاپتۇ. جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلۇغىمىز ئات-تىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئاتمۇ دەرھال زۇۋانغا كىرىپ، ئاۋۋالقى قېتىمقى جەڭدە تولا چېپىپ بەكلا چارچاپ، قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ھاۋاسى ئەلۋەك، سۈيى سۈزۈك، ئوت ـ چۆپى مولراق بىر جاينى تېپىپ ئوبدان ئوزۇقلىنىپ، كېيىنكى جەڭ ئۇچۇن كۈچ توپلاشنى مەقسەت قى-لىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ چىمەنتاغقا[①] بېرىپ قالغانلىقىنى، لېكىن ئۇ

① چىمەنتاغ — چۆلتاغنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

یەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوت، سۇدىن قىزغىنىپ ئۇنى قوغلىۋەتكەن-
لىكىنى، شۇڭا ئوت - چۆپ تېپىپ يايلاپ كەلگۈچە كېچىكىپ
قالغانلىقىنى ئېيتىپ، گۇناھكارانە ھالدا بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ.
ئۆز ئېتىدىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلىغان بۇ زاتنىڭ ناھايىتى
ئاچچىقى كېلىپ دەرھال دۇئاغا قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاغا سىغى-
نىپ: «ئى كەرەملىك ئىگەم، مەن سېنىڭ سادىق قۇلۇڭدۇرمەن،
مەن ھىدايەت يولىنى ئېچىش ئۈچۈن كۆپپارلار بىلەن قان تۆكۈپ
كۈرەش قىلدىم. لېكىن ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، يەر يۈزىدى-
كى بىر قىسىم ناشۈكرى، پاسىق بەندىلىرىڭ ئۆز نەپسى ئۈچۈن
مېنىڭ جەڭ ئارغىمىقىمدىن ئوت، سۇيىنى ئايىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ
بالايى نەپسىنى تاش - تۇپراق بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇلار ئىگىلىۋال-
غان زېمىنىنىڭ ئۈستىنى چۆل، تېگىنى كۆل قىلىۋەتكەيسەن» دەپ
نالە قىپتۇ. بۇ زاتنىڭ ئاھۇزارى ئاللاغا يېتىپ، ئۇنىڭ تىلىكى
ئىجاۋەت بوپتۇ، نەتىجىدە بىر كېچە قاتتىق بوران چىقىپ، ئاسمان-
دىن قۇم يېغىپ بۇ يۇرت قۇم ئاستىدا قاپتۇ. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن يەر ئاستى سۇلىرى ئۈستىگە تېشىپ چىقىپ بولاقلارنى،
ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپتۇ، چۆلدىكى قەيسەر ئۆسۈملۈك، يۇل-
غۇن، يانتاق، سۆكسۆكلەر ئۈنۈپ بۇ جاي يەنە ئاۋاتلىشىپ ياۋايى
جاندارلارنىڭ پاناھلىنىدىغان جايىغا ئايلىنىپتۇ. دېمەك، بۇ بىر
رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ چۆلتاغدا، چۆلتاغقا تۇتىشىدىغان دى-
غاردا ياۋا تۆگە، كېيىك، جەرەن دىگەندەك ياۋايى ھايۋانلار ناھايى-
تى كۆپ ئىدى. بۇ يۇرتتا باتۇر، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرىنى نامايان قىلىپ، زومچەك -
زومچەك كارىز قۇدۇقلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئادىمى شا-
لاڭ بولغاچقا ياۋايى ھايۋانلار بىمالال ئوتلاپ، ئۇسسىسا كارىز
سۈيىدىن ئىچىپ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. گەرچە ئىمىن ۋاڭ بىلەن
بىرگە چىققانلار ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىگە ئامراق بولسىمۇ،
ئۆمۈر بويى خەلققە قورال تەڭلەپ ئۆگىنىپ قالغان كىشىلەر بول-
غاچقا، ئوۋغا چىققان كۈنلەردە يەنىلا خەلق ئىچىدىكى ئوۋچىلاردىن

پايدىلىنىشقا مەجبۇر ئىدى.

ئىمىن ۋاڭ بۇگۈن ئاتايىتەن نەمەت خەلپەتنى بىرگە ئېلىۋال-غان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت نەمەت خەلپەتنى ئۇۋ ئۇستىدە مات قىلىش ئىدى. «گەپدانلىقىنى بىر كۆرەي، — دەپ ئويلىدى ۋاڭ ياسىداق جابدۇنغان ئات ئۇستىدە ئولتۇرغىنىچە نەمەت خەلپەت-كە قىيا بېقىپ، — بۇ، كېيىك دېگەن پاراڭ سالغانغا ئۆلمەيدۇ، مىلتىقنى ئوبدان بەتلەپ قولاق تۈۋىگە ئاتمىساڭ بىكار!؟»

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتمۇ چوكقۇر ئويغا چۆمگەن بولۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ كەڭرى دالىلىرى ھەم يۇرت زىنىنتى بولغان ھەربىر تۇپ ياۋا گىياھ بىلەن ئۇنىسىز مۇڭداشماقتا ئىدى. «تەبىئەتنىڭ ئەي ئەركىلىرى، — دەيتتى نەمەت خەلپەت ئەتراپىغا قاراپ ئۇنىسىز خىتاب قىلىپ، — ھازىر دېگەن كەچ كۈز ئايلىرى، لېكىن سىلەر تەبىئەتنىڭ ھەرخىل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ قىشۇ ياز كۆ-كىرىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن تۇرۇقلۇق، قەھرىتان قىش كەلمەي تۇرۇپلا سولىشىپ كەتكىنىڭلار نېمىسى؟»

«ۋاڭ - غوجىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا يانجىلىۋات-ساق، — ئانا يەردىن، چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن ندا كېلەتتى، — بىزنىڭ ئەسلىي ئىگىسىز بولغان بىچارە يۇرت ئەھلى زالىم بەگ - تۆرىلەرنىڭ قامچىسى ئاستىدا ۋاقىتسىز جان بېرىۋاتسا، ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان كارىزلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ خۇنى ئېقىۋاتسا بىز قانداقمۇ پورەكلەپ ئېچىلالايمىز؟!»

— جەرەن، جەرەن... — كاھلارنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئېسە-كىگەن نەمەت خەلپىتىم ئالدىغا قارىۋىدى، بوك - باراقسان ئۆس-كەن يۇلغۇنزارلىق ئىچىدە بىر جەرەننىڭ بېشى كۆرۈنۈپ، يەنە غايىب بولدى.

— خەلپىتىم، — دېدى ۋاڭ ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرە ئارد-لاش،— قانداق، قورقۇۋاتاملا، قېنى، ئۆزلىرىمۇ مىلتىقلىرىنى قوللىرىغا ئالسىلىچۇ؟

— مەن ئاتسام تۇلكە ئاتىمەن، — دېدى خەلپىتىم چاقچاقلىق

بىلەن، — چۈنكى تۈلكە دېگەن بۇ جانىۋار شۇنداق ھىيلىگەر ئىكەنكى، ئۆزىدىن ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىپ جېنىغا زامىن بولسا، ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرنى كۆرسە ئالداپ قۇتۇلىدۇ. شۇڭا ئاتسام تۈلكىنى ئاتىمەن، بولمىسا مەيلى.

گەپنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدە كېتىپ بارغانلىقىنى سەزگەن ئور-دا ئەھكاملىرى قىمىلداپ جىم تۇرالماي قالدى:

— نېمىلا بولسا بىر ئېتىپ باقماملا، ئۆزلىرىگە قاراپ كۆزد-مىز ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

نەمەت خەلپەت ئىككى خىيال بولۇپ تۇرغاندا، ئالدىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن ئىككى ئاتلىق يىگىت چىقىپ كەلدى، ئۇ-لارنىڭ ئۆشنىسىدە قارا مىلتىق، ئېگىرىنىڭ كەينىدە تۇزاقلار بار بولۇپ، ئىككى - ئۈچ توشقاننى غانجۇغىلىۋالغانىدى.

— ھۇششەرە، قورۇلچىلار يېتىپ كەپتۇ - دە، ئەمدى گۆش-تىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق.

ئاتلىقلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە چاققانلىق بىلەن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ۋاڭغا سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھارمىغايلا گاڭ غوجام!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ۋاڭ ئۇلارغا قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— مۇبارەك قەدەملىرى يۇرتىمىزغا يېتىپ قاپتۇ، غېرىپ كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلارلا.

— ھە، بار بولغاندىن كېيىن بېرىپ قالارمىز، بۇگۈن خەل-پىتىمنى بىللە ئاچىققان، بولسا ئۇنىڭغا بىر مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار.

ئىككى يىگىت تەڭلا نەمەت خەلپەتكە تىكىلىشتى. بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتمۇ ئاللىقاچان ئاتتىن چۈشكەن بولۇپ، «قورۇلچى-لار» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپلا دەرھال ئوردىدىكى گاسىپ خەزىنىچى-نى يادىغا ئالغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خەلپىتىم، — دېدى ئۇلار تەڭلا قول

سۇنۇپ، — يۇرت ئەھلىدىن نامىلىرىنى شۇنچە كۆپ ئاڭلىغان بولساقمۇ دىدارلىشىش بۇگۈن نېسىپ بوپتۇ، خەق دېگەندىنمۇ ئۆتە يوغان ـ يۇلپى، كېلىشكەن ئادەم ئىكەنلا.

— رەھمەت، ئۇكىلىرىم، — نەمەت خەلپەتمۇ غۇلاچلىرىنى كەڭرى يايدى، — سىلەرگە ئوخشاش مەرد ئوغلانلار بىلەن ئۇچرىشىش پېقىرغا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى، — ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، — ھەرقايسىڭلار گاسىپ ئاكامنىڭ ئوغۇللىرى بولامسىلەر؟

— ھەئە، مەن چوڭى، ئىسمىم خوجانىياز. بۇ بولسا مېنىڭ ئىنىم، ئىسمى غوجى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ئوردا ئەھكامىلىرى چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— كېيىك، كېيىك. . . — كاھ، بەگلەر مىلتىقلىرىنى بەتلىگىچە كېيىكلەر كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئارقىدىن قوغلىمىسا بىكار، — يىگىتلەر چاققانلىق بىلەن ئاتلىرىغا مىنگىنىچە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى. «پاڭ ـ پۇڭ»، «پاڭ ـ پۇڭ» قىلغان ئاۋازلار چىقىپ بىردەمدىن كېيىن ياش ئوۋچىلار قايتىپ كەلدى.

— ئولجا تەييار بولدى، ئالىيلىرى.

— قېنى، قېنى، — ۋاڭ ئالدىراپ ئاتقا قامچا سالدى. ئارقىدىن كاھ، بەگلەرمۇ ئەگەشتى. ئۇلار بىرقانچە دۆڭدىن ئۆتۈپ ئانچە يىراق بولمىغان جايدا قانغا بويىلىپ ياتقان ئىككى جەرەننى كۆردى ۋە ئاتتىن چۈشتى. كاھ، بەگلەردىن بىرى ۋاڭغا مىلتىقنى ئۇزاتتى، ۋاڭ مىلتىقنى بەتلىگىنىچە ئاللىقاچان جان تەسلىم قىلىپ بولغان ئولجىلارنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئوق ئۇزدى.

— ھا. . . ھا. . . ھا، تازا كېلىشتۈرۈپ ئاتتىم، خەلپىتىم، چاپسانراق قاراپ باقسىلا نەق جايىغا تەگدىمىكىن؟

بۇ چاغدا قورۇلچىلار يانلىرىدىن پىچاقلىرىنى چىقىرىشىپ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن جەرەنلەرنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، گۆشلە-

رىنى پارچىلاپ تەييار قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قېلىشتى.

*　　　　*

ئوۋچىلار ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەمەت خەلپەت ئوردا خەزىنىچىبېگى گاسىپ قورۇلچى بىلەن كۆرۈشتى، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي چىرايىدىن بىرخىل جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ كىشى خەلپىتىمنى ئۇچۇق چىراي قارشى ئالدى.

— ئوغۇللارنى ئۇستا مەرگەن قىلىپ تەربىيلەپتىلا، — دېدى خەلپىتىم گەپ ئارىلىقىدا، — شىكار ۋاقتىدا خىزمىتىمىزدە بولدى.

— ملتىقنىڭ ئۇستىگىلا توغۇلغان بالىلار دېسەمۇ بولىدۇ، — دېدى گاسىپ بەگ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپلا قورال بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەنمىز. رەھمەتلىك ئاتام ساۋۇت قورۇلچى ئۆز ۋاقتىدا مەرگەنلىكى بىلەن ئەل ئىچىدە تونۇلۇپ، ساۋۇت قورۇلچى (بەتلەشكە ماھىر) دەپ ئاتالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ ئاتامغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى ئوردىغا ئەكېلىپ ئەمەلگە تەيىنلەپ، قورۇلچىلار باشلىقى قېلىپ چېگرا ساقلاشقا قويغانىكەن. مەنمۇ ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئاتامغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، چۆلتاغ يولى ئارقىلىق لوپنۇر، چاقىلىق، بوگۇرلەرگىچە بېرىپ يول ئۇستىدىكى بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ، سودا كارۋانلىرىغا ئاسايىشلىق تۇغدۇرۇپ يۈرۈپ چوڭ بولدۇم. ئاتام رەھمىتى قازا تاپقاندىن كېيىن مېنى يەنە ئوردىغا ئالدۇرۇۋالدى. لېكىن باللىرىم زىنھار كەلگىلى ئۇنىمىدى. ئوردىدا گۆش - پولۇ يەپ گاڭنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆتكىنىمىزدىن چۆل- جەزىرىدە ئەركىن يۈرگىنىمىز ئەۋزەل، دەيدۇ. بۇنىڭغا گاڭ غوجاممۇ خاپا. لېكىن گاڭ غوجام شىكارغا چىققان چاغلىرىدا خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇر-

دى. ھەرقايسىلىرى شىكارغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن باللارغا خەۋەر بېرىشەتتى.

— ئۇنداقتا باللار قەيەردە تۇرىدۇ؟

— ھەي، يۇرمۇگدا بىزنىڭ جەمەتىمىز ئۆز قولى بىلەن چاپقان كارىزلار بار، ھەتتا بۇ كارىزلارنى چېپىشقا مەنمۇ قاتناشقان، بۇ كارىزلار ھازىر بىزنىڭ جەمەت نامىمىز بولغان «قورۇلچى» بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. باللارمۇ شۇ يەردە ئەل بىلەن تەڭ كۆكلەۋاتىدۇ.

— ئۆزلىرىچۇ، ئوردىدا ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟

— ئوردىنىڭ ئىچىنى ئۆزلىرىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، — گاسىپ بەگ ئېغىر خۇرسىندى، — پۇقرالارغا سېلىنغان ئالۋان - ياساقنىڭ كۆپلۈكى ئەجەب ئىچىمنى سىقىدۇ، خىزمەتنى تاشلاپ باللارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتەي دەپمۇ ئويلايمەن، لېكىن مەن كەتسەم ئورنۇمغا يەنە بىرى چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە تاسقاللامۇ ئوردىدا تۇرۇپ، سەت كۆرۈنسەممۇ گاڭ غوجامغا نەسىھەت قىلىپ ئۆتىۋاتىمەن، دەسلەپتە گەپ قىلسام گاڭ غوجام خاپا بولدى، كېيىن بولسا بەزىبىر سېلىقلارنى يەڭگىللەتكەنمۇ بولدى.

— ئۆزلىرىگە بەكلا ئۇۋال بوپتۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت، — قىرغاندا باللاردىن ئايرىلىپ ياشىماق بەكلا مۇشكۇل ئىش جۇمۇ.

— بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئۇلارنى يېنىپ كېلىڭلار دېسەم، گاڭ غوجىلار قاچانكى قولىدىكى قامچىسىنى تاشلىسا، بىزمۇ شۇ چاغدا يېنىپ كىرىمىز دەپ ئۇنىمايدۇ.

گاسىپ بەگنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىراشقا باشلىدى، نەچچە ئەۋلاد ئەل خىزمىتى ئۈچۈن ئوردىدا تۇرۇپ، ئەدلى - ئادالەتنى ياقىلاش جەريانىدا چېرىك، خۇشامەتچى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە جېنىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ، ئەل غېمى ئۈچۈن سۆزلەۋاتقان بۇ ھۆرمەتلىك مويسىپىتقا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەرگەن خەلپىتىم ئورنىدىن قوزغالدى.

بۇ چاغدا گاسىپ قورۇلچى سوراپ قالدى:

— خەلپىتىم، ئۆزلىرى جىق ئوقۇغان ئادەم، گاڭ غوجىلار قوللىرىدىكى قامچىلىرىنى تاشلايدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟

— چوقۇم كېلىدۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت قەتئىي قىلىپ،— قاچان ئەل ئويغىنىپ ئۆز غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن چاغدا، جەرەنلەرگە قاراتقان مىلتىقنى ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قاراتقان چاغدا ئۇلار قامچىلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا تاشلايدۇ، تەقسىر.

گاسىپ بەگ ئۇنى ئۈزىتىپ قويدى.

# «ئۇيغۇر» توغرىسىدا رىۋايەت

1926 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرى ئىدى...

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھاۋا سەل سوۋۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن لۈكچۈندىن ئىبارەت تۆت پەسلى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئانا ماكاندا ھاۋا يەنىلا قىزىق بولۇپ، تۇرپاننىڭ دۇنياغا داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى ئۈزۈمنىڭ كۈزلۈك سورتلىرى، يەنى كۈزلۈك قىزىل سايىۋا، قارا ئۈزۈم، كۆك قاشقىر، بىجاقىي قاتارلىق ئۈزۈملەر پىشىپ ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى.

دېھقانلار بۇغداي ئېكمىزىغا تېرىلغان كۈزلۈك ئاق قوناقلارنى ئورۇش ۋە پىشقاندا بەگ ـ غوجاملارنىڭ بالايى نەپسىنى قاندۇرالمىغان قوغۇنلۇقلاردىكى خەمەكلەرنى پاساڭ قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئوردا بەگلىرى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ، ئۇلار قارىماققا يەپ تويماس ئەجدىھانىڭ ئاغزىنى ئەسلىتىدىغان شەھەر قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ، قىرچاڭغۇ ئاتلىرىغا مىنگىنىچە سەھرامۇ-سەھرا يۈرۈپ سېلىق يىغىۋاتاتتى. شەھەر سېپىلى بولسا يەپ تويماس ئەجدىھا، ئوردا بولسا ئۇنىڭ قورسىقى، سېلىق يىغقۇچى بەگلەر بولسا ئىگىسى تەرىپىدىن باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان ئەجدىھانىڭ سېسىق، زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان زەھەرلىك تىلى. دېھقانلار بولسا شۇ ئەجدىھانى تويغۇزۇش يولىدا بىلىپ ـ بىلمەي ئەجىر قىلىۋاتقان مېھنەتكەش تائىپە.

— ھېلىمۇ ياخشى، نەمەت خەلپىتىم ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، قەرز ئالغان قوناقلارنىڭ ئورنىغا يەنە قوناق قايتۇرالايدىغان بولدۇق.

— ئاجايىپ تەدبىرلىك زات ئىكەن ئەمەسمۇ ئۇ!

— بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئاخىرى چىڭ گاڭ غوجىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپتۇ.

كوچا ـ كويلاردا، ئېتىز باشلىرىدا ئورىدا سىڭدىن ئالغان قوناق قەرزىگە قوناق قايتۇرىدىغان بولغان دېھقانلار بەس ـ بەستە سۆز قىلىشاتتى.

— خەلپىتىمنىڭ گاڭنى بابلىغىنى تولىمۇ قىزىق، — ئارىدىن گەپدانراق بىرى سۆز قىستۇردى، — خەلپىتىم ئورىدىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، گاڭ غوجام ئۇنىڭ پاراڭلىرىغا سېزىك بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خەلپىتىم ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن مۆكۈنۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ پاراڭ-لىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتى تاق بولغان گاڭ غوجام ئۇنى ئادەملىرىگە ئىزدىتىپ ھېچ يەردىن تاپالماي تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان چاغدا، خەلپىتىم خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئورىدىدا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ گاڭ غوجىغا سالام بەجا كەلتۈرگەن-دىن كېيىن، ئاز قالغانىدى، ئاز قالغانىدى، ئەمدى يوق بولدى، دەپ ئالىجوقا سۆزلەشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ھېچ مەنىنى چۈشىنەل-مەي ئىچى پۇشقان چىڭ گاڭ غوجام زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، خەلپىتىم تولىمۇ ئېچىنغان قىياپەتتە: «مەن ئۆز-لىرىنىڭ ماڭا قىلغان ھەممەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۇچۇن كۈ-مۈشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولىنى تاپقانىدىم، لېكىن مۈشۈ ئادەملىرى ئىزدەپ يۈرۈپ ئارامىمنى قويمىغاچقا، ئەمدى بۇ ئىشمۇ يوققا چىقتى» دەپتۇ.

«تولا گەپدانلىق قىلمەن دېمە، خەلپەت، — دەپتۇ گاڭ غوجام تەكەببۇرلۇق بىلەن، — كىمىڭنى ئەخمەق قىلمەن دەي-سەن، كۈمۈش دېگەن بەرىبىر كۈمۈش، ئۇ قانداقمۇ ئالتۇنغا ئايلانسۇن.»

«ئايلىنىدۇ، — دەپتۇ نەمەت خەلپەت يەنە، — ئۆزلىرىنىڭ قوناقلىرى پۇقرالارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بۇغدايغا ئايلانسا ئايلىنىدىكە-نۇ، كۈمۈشلەر نېمىشقا ئالتۇنغا ئايلانمىسۇن؟»

«بولدى بەس،— دەپتۇ گاڭ غوجام،— سەن مېنى يېڭىۋال-دىڭ... ها... ها... ها... مۇشۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەققى - ھۆرمى-تى ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ قونىاق ئورنىغا قوناق يىغىۋېلى-سۇن... ها... ها... ها...»

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ چىلڭ گاڭ غوجام قوناق ئورنىغا قوناق ئالىدىغان بوپتۇ.

كىشىلەر ئەنە شۇنداق بەس - مۇنازىلەر بىلەن كۈلۈشۈپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرپان يولى تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق كىشى كېلىپ، يېڭىشەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا توختاشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئۇستاز، تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ؟

يېڭىشەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا مېھمانلارنى ساقلاپ تۇرپان يو-لىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەن نەمەت خەلپەت باشلىق يۇرت چوڭلىرى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەزىز قېرىنداشىم، ئۇيغۇرۇمنىڭ ئوغلانى، كەلگەن قەدەملىرىگە مۇبارەك!

نەمەت خەلپەت سالماق قەدەم تاشلاپ بارغىنىچە ئۆزىگە ئوخ-شاش ئېگىز بويلۇق خۇش پىچىم يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆ-رۈشتى.

— ئۆزلىرىنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن - ھە، ئۇ-كەم.

— موسكۋادىن قايتىپ كېلىپلا دېرەكلىرىنى قىلدىم، ئۆزلى-رىنى تېخىچىلا لۈكچۈن گاڭ ئوردىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېيىشتى، ئال-دىلىرىغا سالامغا كەلدىم.

نەمەت خەلپەتنىڭ ئاغزىدىن «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» دېگەن ئى-سىمنى ئىشىتكەن يۇرت ئەھلى شۇ زاماتلا «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېگەن بىر زات نەمەت خەلپىتىمنى يوقلاپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ھەممە ياققا تارقىتىۋەتتى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىياز قارىي (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەمراھى)، نەمەت خەلپەت قاتار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقلار رىقىپ قازى ئاخۇنۇمنىڭ كەڭرى ھەم ئازادە كەتكەن ھويلى-سىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا چاققانغىنە قىلىپ راسلانغان داستى-خاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ پاراڭغا چۈشكەنىدى.

— سالامەت تۇرۇپتىلا، ئۇستاز،— دەيتتى ئابدۇخالىق ئۇي-غۇر نەمەت خەلپەتكە تويماي بېقىپ،— ئۆزلىرىنى ھەر كۈنى ياد ئېتىپ تۇردۇم.

— مەنمۇ شۇ،— دەيتتى نەمەت خەلپەت ھاياجاندىن ياشاڭغى-رىغان كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ،— يوللىرىغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى، ئۇكەم.

— خەلپىتىم، راستىتىنلا بوش ئادەم ئەمەسكەنلا،— دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم، — موسكۋادا ئوقۇپ كەلگەن ئادەمگە ئۇستاز بولغۇچى بولغاندىن كېيىن ئالاھىدە قەدىرلىسەك بولغۇدەك.

— شائىر مېنىڭ بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ،— دېدى نەمەت خەل-پەت قىزىرىپ تۇرۇپ،— مېنىڭ نەدە بۇ ئۇكەمگە ئۆگەتكۇدەك بىلىمىم بولسۇن.

— كەمتەرلىك قىلمىسىلا، خەلپىتىم،— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ كۈلۈپ،— ئۆزلىرى مەدرىسىدىكى چاغلىرىدىلا پۈتۈن تۇرپان تەۋەسىدە تونۇلۇشقا باشلىغان كاتتا شائىر، موللا كىشى. بوۋام مىجىت ھاجىمۇ ئۆزلىرىگە ئىخلاس بىلەن قارايدۇ.

دەرۋەقە، ياش شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۆزلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست، پېشقەدەم يازغۇچى مۇھەممەت شاھنىياز ئەپەندى يازغان «بالدۇر ئويغان ئادەم — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» ناملىق كىتابتا مۇنداق بايانلار بار:

«مىجىت ھاجى كىتابقا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سودا ئىشى بىلەن رۇسىيىگە بېرىپ قايتقىنىدا قازان، شەمەي شەھەر-لىرىدىن يېڭى - يېڭى كىتابلارنى ئالغاچ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزى-مۇ ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇپ قوياتتى، لېكىن كۆپ چاغلاردا كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئەرەبچە، پارسچە تىل - يېزىقتىن خەۋىرى بار، خەنزۇچىنىمۇ پىششىق بىلىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق زات ئىدى. ئۇ قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇسا، كىچىككىنە ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ ئېتىكىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قارىغان پېتى قىزىقىپ ئاڭلاپ كېتەتتى. بەزى ئاخشاملىرى ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرىنىڭ «رەۋزاتۇلئوزرا» (كۆڭلۈم باغ) داستانى ئوقۇلسا، بەزى ئاخشاملىرى نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (ئەنبىيالار قىسسىسى) دېگەن ئەسىرى ئوقۇلاتتى. چوڭلار ئارىسىدا ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىدەك دىققەت بىلەن كىتاب ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىقنى كۆرگەن چوڭ ئانىسى: «ئۇيقۇلىرى كېلىپ قاپتۇ، جېنىم بالام، ئورۇنلىرىنى سېلىپ قويدۇم، يېتىپ ئۇخلىسىلا» دېسە، ئۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتسىمۇ: «ياق، ئۇخلىمايمەن» دەپ بېشىنى چايقاپ ياتقىلى ئۇنىمايتتى. مىجىت ھاجىنىڭ قىش كۈنلىرى كەچتە بولىدىغان بۇنداق كىتاب ئوقۇش سورۇنىغا بەزىدە تۇرپان ئاستانىدىكى ياش سودىگەر مەخسۇت مۇھىتىمۇ ئىشتىراك قىلاتتى. مەخسۇت مۇھىتى مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە بەزى چاغلاردا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك دوستى، ياش شائىر نەمەت خەلپەتنى بىللە ئەكېلەتتى. ياش شائىر نەمەت خەلپەت ھەزىلكەش، قىزىقچى، چاقچاقچى ئادەم بولۇپ، بەزىدە موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنى سۆزلەپ، بەزىدە ئۆزى لەتىپە توقۇپ ھەممىنى كۈلدۈرەتتى، بەزىدە يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ سورۇننى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ شېئىرنى ناھايىتى يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن ئوقۇغاچقا مىجىت ھاجىغا يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا مىجىت ھاجى پات - پات نەمەت خەلپەتنى لۈكچۈندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا شېئىر ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. نەمەت خەلپەت بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان زېرەك ئابدۇخالىقنى ياخشى كۆرەتتى. ئابدۇخالىقمۇ بۇ ياش شائىرغا ئامراق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەمەت خەلپەت ئوقۇشنى باشلىماستىلا ئابدۇخالىق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتى. نەمەت خەلپەتنىڭ يېقىملىق، يۇمشاق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» دىن ئوقۇغان غەزەللىرىنى ۋە «خەمسە» دىن ئوقۇغان ئاجايىپ قىزىقارلىق داستانلارنى، «گۇلىستان» دىن ئوقۇغان ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىك ھېكايەتلەرنى، بەزىدە لۇتفى، فۇزۇلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا نىيازى دىۋانلىرىدىن ئوقۇغان لىرىك غەزەللەرنى، نايخاننىڭ ساتىرىك شېئىرلىرىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ، بەزىلىرىنى يېچىرلاپ يادلىۋېلىشقا تىرىشاتتى.»

مەزكۇر كىتابنىڭ 23 ـ بېتىدە يەنە «ئابدۇخالىق بىر كۈنى شائىر نەمەت خەلپەت بىلەن شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆزلەشكەندە پېشقەدەم شائىر نەمەت خەلپەت ئۇنىڭغا: ‹بىرىنچى، شېئىر پىكىرى يېڭى بولۇشى، باشقىلار دېگەن كونا مۇقاملارنى تەكرارلىماسلىق كېرەك. ئىككىنچى، شائىر شېئىرلىرىنى خەلققە ئاتاپ يېزىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسى چۈشىنىدىغان گۈزەل تىلدا يېزىش كېرەك› دېگەنىدى. ئابدۇخالىق پېشقەدەم شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئىجادىيەتتە ئۇنىڭغا ئەمەلدى قىلدى» دېگەن بايانلار بار بولۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىچىكىدىنلا نەمەت خەلپەتنىڭ شېئىرلىرىدىن بەدىئىي زوق ئېلىپ يېتىلگەن بولغاچقا، ئۇنى تۇنجى ئۇستازىم دەپ قارايتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ لۈكچۈنگە كېلىپ، رىقىپ قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بىر قىسىم يۇرت چوڭلىرى، خەلق ئىچىدىكى بىر قىسىم سازەندىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كىردى.

— تۇۋا، شائىر ئەھلى دېگەننىڭ ھەممىسى يوغان ـ يۇلپى، ئىگىز ھەم كېلىشكەن بولىدىكەن ـ ھە، — دېدى سالامغا كىرگەنلەردىن بىرى سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، — مانا خەلپىتىمنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ كىشىمۇ ئىگىز ھەم قامەتلىك. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جانابلىرى بولسا ئۇنىڭدىن ئۆتە تەمبەل كىشى ئىكەن.

— ياراتقان ئىگەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە بۇ خىل ئىلمىنى ئاتا قىلمىش،— دېدى ئارىدىن بىرى قوپۇپ،— شۇڭا بۇ خەقنىڭ ئىچى بىر دەريا بولسا تېشى تاغ كېلىمىش...

بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇ ئارىدا تالادىن: «تۇرپاندىن ئابدۇخالىق شائىر كېلىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدۇق، ئۇ كىشى بارمىكىن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئۆردا ئاخۇنى بىلەن مۇقىمنىياز كاھبەگ كىرىپ كېلىشتى.

— كەلگەن قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن،— ئۇلار ئۆردا بەگلىرىگە خاس ھالدا تولىمۇ سىپايىلىك ۋە خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قول ئۇزاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىككى كىشىنىڭ لۈكچۈن خەلقى ئۈس-تىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇم - ستەملىرى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى دائىم ئاڭلاپ تۇرغاچقىمۇ ئۇلارغا قول سوزغۇسى كەلمىدى، شۇن-داقتىمۇ ئەھۋال سوراپ كىرگەنىكەن، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىل-مايمۇ بولمايتتى.

— ھەرقايسىلىرىنى جوۋۇتۇپ سەت ئىش قىلىپتۇق،— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خالار - خالىماس ھالدا،— ھەرقايسىلىرىنى ماڭدۇرغۇچى ئادەملەر ئەمەس بىز.

— تۇرپاندىكى مىجىت ھاجىنى كىم بىلمەيدۇ،— دېيىشتى ئۇلار شائىرنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمەستىن،— مىجىت ھاجىنىڭ نەۋرىسى، ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ بەگزادىسى تۇرسىلا، چىڭ گاڭ غوجامىمۇ ئۇزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ ئالامەت خۇش بولۇپ كەتتى. ئەسلىي سالامغا ئۆزى كەلمەكچىدى، لېكىن سالا-مەتلىكى يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بىزنى ئەۋەتتى.

سورۇندىكىلەر ئۇلارغا ئورۇن بەرگەندىن كېيىن، ئۆردا ئاخۇ-نى قىسقا پاتىھە قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، قالغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

بۇ چاغدا رىقىپ قارى ئاخۇنۇم داستىخاننى يەڭگۈشلەپ، ھەر-خىل ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. قالغانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزئارا يۇرتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشكەندىمۇ بۇ ئىككى زات نازۇ نېمەتلەرنى يالماش بىلەن ھەلەك ئىدى.

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر،— دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم،— تازا ئىسمى - جىسمىغا لايىق كاتتا ئىسىم بوپتۇ بۇ.

رىقىپ قازى ئاخۇنۇمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئوردا ئاخۇنى داستىخاندىن بېشىنى كۆتۈردى.

— بىز ئاڭلىغان پاراڭلاردىن قارىغاندا،— دېدى ئۇ بۇ سو- رۇننى بوش ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەي،— ئالەم ئاپىرىدە بولۇپ، ئاللا ئىگەم بىز ئىنسانلارنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا مەرتىۋە ئاتا قىلماقچى بولۇپ، يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر مىللەتتىن بىردىن ۋەكىل سايلىنىپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، لېكىن بىز خەق ئەزەلدىن گۇمانخور بولغاچقا، بىزگە نېمە بېرەركىن، دېگەن ئۈمىدتە ۋەكىلنى ئىككى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ياراتقان ئىگەمنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندىن كېيىنمۇ ھەدەپ گەپ تالىشىپ زادى جىم ئولتۇرۇشماپتۇ. قالغانلار بولسا ناھايىتى ئىخلاس ۋە ھۆرمەت بىلەن جىم ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تارتۇق باشلىنىپ قازاققا قامچا، خەنزۇلارغا قەلەم بېرىلىپ- تۇ. تۇڭگانلارغا بولسا چەيدونى بېرىپتۇ. بىز خەقنىڭ بىر - بىرىگە ئىشەنمەي ئىككى بولۇپ كەلگەنلىكىگە ۋە بۇ يەردىمۇ دەتالاش قىلىپ جىم ئولتۇرمىغانلىقىغا غەزەپلەنگەن خۇداۋەندە كەرىم دەر- ھال بىر تال ياغاچنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ سۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىككىيلەنگە بېرىپتۇ ۋە: «سىلەر بۇ ياغاچلار ئارقىلىق بىر - بىرىڭلارنىڭ قوڭىنى كولاپ، تاكى قىيامەت قايىم بولغۇچە جەڭگى - جېدەل بىلەن ئۆتۈڭلار» دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئەمدى ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، قازاقلار ئاللا ئىگەم تار- تۇقلىغان قامچىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئاتلارغا مىنىپ، خۇدانىڭ ئاي- دالاسىدا قوي بېقىپ يۈرۈشىدۇ؛ تۇڭگانلار بولسا ئۇستا ئاشپەز بولۇپ، تاماقنىڭ ئېسىلىنى، باش بۇرنىنى يەپ خۇشال - خۇرام ئۆتۈشۈۋاتىدۇ. مانا ياڭ جاڭجۈڭ ھەزرەتلىرىنى مىسالغا ئالساق،

ئۇمۇ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق پۈتۈنسۈرۈك بىر يۇرتنى سوراپ كېلىدىۋاتىدۇ؛ بىز بولساق بىر - بىرىمىزنىڭ قوينىنى كولاش بىلەن ئاۋارە. ئابدۇخالىق بولسا بىر باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، يەنە كېلىپ چوڭ يەرلەردە ئوقۇغان كىشى تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق بىر نامنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇۋالدىكىن؟

ئوردا ئاخۇننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەمەت خەلپەتلەرنىڭ چىرايلىرى غەزەپلىك تۈس ئالدى.

— توخۇغا ئۆزىگە لايىق نېئمەت — پوق ئۇچرىغىنىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان پاراڭلارنى ئاڭلايدىكەنلا، تەقسىر، — دېدى نەمەت خەلپەت غەزەپ بىلەن، — ئەسلىدە بۇ ياغاچلارنى خۇداۋەندە كەرىم ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە ئوخشاش چالا موللىلار تۇتقۇزغان.

— سۇللا بىر گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلاغۇ، خەلپىتىم، — دېدى ئوردا ئاخۇنى زورۇقۇپ تۇرۇپ، — مەن ناھايىتى قىزىقچىلىق بولسۇن، دەپ ئاڭلىغانلىرىمنى دەپ قويدۇم شۇ.

— ئۆزلىرىگە قىزىقچىلىق بولسىلا بولامدۇ، ئۆزلىرىغۇ ئەزەلدىن تاماشا كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم. كەمبەغەلنىڭ سېلىق تاپشۇرالماي قاڭغىر قاقشىشىمۇ، ئۆكتەم بايلارنىڭ پۇقرالارنىڭ قىزىنى ھۇ تارتقۇزۇپ قويۇپ، مەجبۇرىي ئاياغ ئاستى قىلىشلىرىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر تاماشا. ئۆزلىرى ئالتۇن تەمەسىدە يوق يەردىن پەتىۋا ئويدۇرۇپ قويۇپ، ئۆيلىرىدە ئىسسىق شورپىغا يۇمشاق ناننى چىلاپ قويۇپ ئىشتىھا بىلەن ناشتا قىلىۋاتقاندا، شۇ چىقارغان پەتىۋالىرى قانچىلىغان ئاجىز مەزلۇملارنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بەربات قىلىدۇ، بۇنىڭغا ھەم ئۆزلىرىنىڭ پەرۋايى پەلەك، چۈنكى بۇمۇ ھەم ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر كاتتا تاماشا، تەقسىرىم.

— ئاخۇنۇمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويمىسىلا يەنە، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت خەلپەتكە مەنىلىك بېقىپ دېدى، — مەنمۇ مۇنداق

بىر پاراڭ ئاڭلىغان، شۇڭا شۇ ئاڭلىغان پاراڭغا ئاساسەن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنى ئۆزۈمگە تەخەللۇس قىلىپ قويغانمەن.

ئۇ زوق - شوخ بىلەن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانى ئوغۇزخان يېگانە تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، تاغىلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنى خالىماپتۇ. نەتىجىدە ئوغۇزخان بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئادەملەردىن بەزىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ، يەنە بەزىلىرى قارشى چىقىپتۇ. ئاخىرىدا دۈشمەن قەبىلىلىرى ئوغۇزخانغا تەسلىم بولۇپتۇ. غەلىبىدىن كېيىن ئوغۇزخان داغدۇغىلىق مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىگە ياردەم قىلغان ۋە قوشۇلغان قېرىنداشلىرىنى، سەركەردە - لەشكەرلىرىنى كۈتۈۋاپتۇ. ئۆزى بىلەن ئۇيۇشقانلارغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بېرىپتۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشماق»، «ياردەملەشمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئۇيغۇر» ئاتىلىپ جاھانغا تونۇلغانىكەن، لېكىن بىز ھازىر «جاھان دېگەن مۇشۇ» دەپ ئۆزىمىز تۇرغان يەرنىلا بىلىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر قالدۇق. زۇلۇم، زورلۇق، خۇراپاتلىق، نادانلىق خەلقىمىزنى قۇمدەك چېچىۋەتتى. بىزنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامىمىز ئۆچۈشكە باشلاپ، بىز ھازىر ئۆزىمىزنى تۇرپانلىق، كۇچالىق، قەشقەرلىك، ئىلىلىق دەپلا ئاتايمىز. بەزىلەر بىزنى «چەنتۇ» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭغا مېنىڭ ۋىجدانىم، ئىنسانىي غۇرۇرۇم قانداق چىدايدۇ؟ مەن ئاتا - بوۋىلارنىڭ تارىختىكى ئالەمشۇمۇل شان - شۆھرىتىنى ياد ئېتىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنى تەخەللۇس قىلىپ قويۇۋالدىم.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە ھەممەيلەن چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىختىكى شانۇ شەۋكىتىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەشمەكتە ئىدى. «يىقىلغان چې-

لىشقا تويماپتۇ، چېلىشقا تويسا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ» دېگەندەك نەمەت خەلپەتتىن بىرمۇنچە ئىزا - ئاھانەت ئىشىتىپ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ يەنە تەن بەرگۈسى كەلمىگەن ئۇردا ئاخۇنى بىرىنچى بولۇپ سۆزگە لوقما سالدى:

— خوش، بۈگۈن بىز ئابدۇخالىق شائىردىن بىرمۇنچە كاتتا گەپلەرنى ئاڭلىدۇق. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ نامى بۇرۇنلاردا ئالەمگە مەشھۇر بولغانىكەن. ئۇنداقتا ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نېمىشقا ئۇنداق ئەمەس؟ تۆمۈر خەلپە، مويدىن خەلپەت دېگەنلەر ئۆزلىرى ئۇيغۇر تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولغىيدىكىن؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىرنېمە دېگۈچە نەمەت خەلپەت دەرھال جاۋاب بەردى:

— نېمىشقا بولاتتى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياخشى ئىش بولسا ئۆزىگە، يامان ئىش بولسا ياراتقان ئىگىسىگە دۆڭگەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان تەييارتاپ مولللىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولمامدۇ! ئۆزلىرى رەھمەتلىك تۆمۈر ئاكام، مويدىن ئاكاملارنى تىلغا ئېلىپ قالدىلا، ئۇلار ئۆزلىرى دېگەندەك ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا قارشى چىقمىغان. ئۇلار ئۆزى ئۇيغۇر تۇرۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ھىدايەت يولىغا باشلىماقتا يوق، يەنە ئۇلارنىڭ ئەزىز باشلىرىدا قانلىق قامچا ئويناتقان مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. مانا يەنە ئۆزلىرى ھەقىقەتنى بۇرمىلاۋاتىدىلا. تۆمۈر ئاكام، مويدىن ئاكاملار خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي «ئۇيغۇر» غا خاس ئىتتىپاقلاشقان، زۇلۇم - سىتەم بولمىغان، ئاسايىشلىق زامانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىدىن كەچكەن. باياتىن بىرى «ياغاچنى ئاللا ئىگەم ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە ئوخشاش چالا مولللىلار ئۇتقۇزغان» دېسەم قايىل بولمىۋىدىلا. مانا ئەمدى ئۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، ئەل ئوغلانلىرىنى ھاقارەتلەپ، ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇرغا قارشى چىقتى دېگەنلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىلا ياغاچنى تۇتقۇزغانلىق بولماي نېمە؟ ئۆتمۈشنى قويۇپ، ھازىرغا كېلەيلى، مانا تاھىربەگ ئەپەندى ھەقىقىي ئۇيغۇرغا خاس ھالدا ئىش قىلماقچى بولۇپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇتقۇزماقچى بولۇۋىدى، يەنە ئۆزلىرى قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئۇستىدە بىسمىللاسى يوق بىرنېمىلەرنى ئۆگىتىدىكەن، يەر شارىنى يۇمىلاق دەپ، بالىلارنى ئىمانسىز قىلىۋېتىدىكەن، دېگەندەك سۆزلەرنى تارقاتتىلا. نەتىجىدە بىر قىسىم نادان كىشىلەر ئۆزلىرىدەك ئوردا ئاخۇنىنىڭ سۆزلىرىگە چىنپۇتۇپ، تاھىربەگ ئەپەندى چىللاپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇر - سوق قىلىپ قوغلىۋەتتى. گۇلبەگىنىڭ ئۆيىنى قورشىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشتى. يەنە بۇمۇ يەتمىگەندەك مېنىڭ تاھىربەگ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىمغا ھەسەت قىلىپ، ئەسمىتۇل مىراب، سەلەي ھاجىغا ئوخشاش ئەسەبىي كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ، مەندىن ئۆچ ئالماقچى بولدىلا. بۇلارنىڭ ھەممىسى نادان خەلقنىڭ قولىغا ياغاچ تۇتقۇزغانلىقلىرى بولماي نېمە؟

— ئابدۇخالىق شوينىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ جىم ئولتۇرۇپ بەرسەم، ئەجەب ئەدەپ كەتتىلىغۇ، خەلپىتىم،— دېدى ئوردا ئاخۇنى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ،— ئۇنتۇپ قالمىسىلا جۇمۇ، خەلپېتىم، ئۆزلىرىنى مۇقىمنىياز كاھىپگىم بىلەن ئىككىمىز ئاتايىتەن مۇرتۇقتا بېرىپ چىللاپ كەلگەن. ئەمدى شۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىمىز ئۇنتۇلۇپ، بۇ سورۇندا «تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭنى چاقاي» دېگەندەكلا بىر گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلىغۇ؟

— مەنمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا دېگەن، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ بوش كەلمەي،— مەن ئۆز چېغىدىلا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئاق- قارىنى پەرق ئەتمەي تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۇستۈن قىلىدىغانلارنىڭ قىلىقلىرىدىن جاق تويۇپ، ئازادلىق ئىستەپ مۇرتۇقتا كەتكەن دەپ. ئەل ئوغلى دېگەنگە يۇرتنىڭ يېتى يوق، يەنە خالىسام مۇرتۇقتا كېتىۋېرىمەن شۇ.

— قېنى كۆرەرمىز، مۇشۇ دېگەنلىرىنى ئۇلۇغ چىڭ گاڭ

غوجامغا بىرمۇ بىر يەتكۈزمەيدىغان بولسام، — ئوردا ئاخۇنى پىشىد-
نى قاققىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا مۇقىمنىياز كاھىبىگىمۇ
تاتارغىنىچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەندى.

— گۆش پىشىپ قالغان، يەنە بىردەم تەخىر قىلىسىلا بوپتىد-
كەن، ئاخۇنۇم، — ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇزىتىپ چىقىپ رىقىپ
قازى ئاخۇنۇمنىڭ قىلغان بۇ سۆزى سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرۈۋەت-
تى.

— بوشراق سۆزلىسىلە، قازى ئاخۇنۇم، — دېدى نەمەت خەل-
پەت كۈلۈپ، — گۆشنىڭ ئىسمىنى ئاڭلايدىغان بولسا پۈتۈن ئوردا
بويىچە قومۇرۇلۇپلا كېلىۋالىدۇ.

— ئۆزلىرىمۇ ئوردىدىن لەك يەۋاتقان ئادەم جۇمۇ، — دېدى
رىقىپ قازى ئاخۇنۇممۇ جاۋابەن، — پېقىر ئۆزلىرىدەك بىر ئوردا
ئادىمىنى قانداق تويغۇزارمەن دەم غەم يەۋاتسام، پۈتۈن ئوردىنىڭ
گېپىنى قىلىپ ئادەمنى قورقۇتمىسىلىرا.

— چىڭ گاڭ غوجىغا قىسىنىۋاتىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كېلىشتۈرۈپ قىلغان قىسقا چاقچىقىد-
دىن ھەممەيلەن كۈلكە دەرياسىغا غەرق بولدى.

— قازى ئاخۇنۇممۇ بوش ئادەم ئەمەس، — دېدى نەمەت خەل-
پەت يەنە، — ئەگەر چىڭ گاڭ غوجام ئۆزى كېلىدىغان بولسا
مەدرىسىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى گۆرۈگە قويىدۇ.

— ئۇنداقتا لۇكچۇندىكى يەنە بىر ئىلىم نۇرى ئىقتىسادتىن
قىينىلىدىكەن ـ دە.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — نەمەت خەلپەت گۆرۈكەشلەرگە چاق-
چاق قىلدى، — ئەتىسىلا ۋەخپە يەرلەرنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ئوردىدىن كەلگەنلەر چىقىپ كەتكەندە باشلانغان چاقچاق تاكى
گۆش پىشىپ داستىخانغا كېلىنگۈچە داۋاملاشتى.

*　　　　　　　　　　　　　　*

رىقىپ قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە تۈنەپ چىققان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپ، ناشتىلىق قىلغاندىن كېيىن رىقىپ قازى ئاخۇنۇمدىن ئۆزرە سورىدى.

— مەن تۇرپاندىن چىققۇچە ئىككى ئىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ چىققان، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەۋەززۇ بىلەن، — ئەمدى بىرىنچى ئىشىم ئەمەلگە ئاشتى. قىلماقچى بولغان ئىككىنچى ئىشىم، دىغار تەرەپلەرگە ئۆتۈپ ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىش. شۇڭا ئەمدى بىزگە رۇخسەت بەرسىلە.

— ئاران بىر كەلگەنسىلەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم، — لۈكچۈن دېگەن كىچىك يۇرت بولسىمۇ، لېكىن سەيلە قىلىدىغان جايلىرى كۆپ. بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، هاردۇقلىرىنى ئالغاچ كۆرۈپ كەتمەمدىلا؟

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە، — ئەگەر مەن بۇگۈنمۇ تۇرىدىغان بولسام، چىڭ گاڭ غوجىنىڭ چىللاپ مېنى ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. زۇلمەت ئوردىسىدىكى قان پۇراپ تۇرغان مەزەلەرگە باققاندىن، يەنىلا ئانا يۇرتىمىزنىڭ ساپ هاۋاسىدا قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالغىنىمىز ئەۋزەل.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دېدى نەمەت خەلپەت ئالدىراپ سۆز قىستۇرۇپ، — مەنمۇ ھەرقايسىلىرى بىلەن بىرگە باراي، شۇ باھانىدە دىغاردىكى يارەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي.

— ئۆزلىرىدىزە، — دېدى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم نارازى بولۇپ، — يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرسىلا دەپ سالا قىلامدىكىن دېسەم، دەۋاتقان گەپلىرىنى قارىسىلا، خەلپىتىم.

— كۆرۈشمىگىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ بۇ ئۇكەم بىلەن، ئۆزلىرىگە ئوخشاش قوي سويۇپ مېھمان قىلالمىساممۇ، زىيارەت جەريانىدا خىزمىتىدە بولۇپ كۆڭلىنى ئېلىۋالاي دەيمىنا. رىقىپ قازى ئاخۇنۇم ئامالسىز هالدا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالدى.

# دىغاردا بىر كۈن

نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە نىيازقارىيلار ئۆلەڭ
قوۋۇقىدىن چىقىپ ئازراق مېڭىشۇدى، لۇكچۇن دەرياسى بويىغا
يېتىپ كەلدى. لۇكچۇن دەرياسى پەسىللىك دەريا بولۇپ، يازلىقى
تاشقىن كەلگەن چاغلاردا ئاندىن ئۇنىڭ قىنىدا سۇ ئۆركەشلەيتتى.
باشقا چاغلاردا بولسا قۇرۇق تۇراتتى. پەقەت تاشقىن كەلگەندىلا
ئاندىن سۇ پەيدا بولىدىغان بۇ دەرياني يەرلىك ئاھالىلەر تاشقىن
ئېرىقى دەپ ئاتىشاتتى. لۇكچۇن دەرياسىدىن ئۆتكەندە زومچەك ـ
زومچەك قۇم بارخانلىرى ۋە كۆكىرىپ تۇرغان ئاجايىپ بىر يۇرت
كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولاتتى. مانا بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ يۇرت
لۇكچۇن خەلقلىرى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى»، «كارىز
دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان جاي» دەپ تەرىپلىنىپ
كېلىۋاتقان خىسلەتلىك ماكان دىغار ئىدى.

دىغارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى نۇرغۇن بولۇپ، ھەم-
مە كارىزلاردىن شىلدىرلاپ سۇ ئاقاتتى. ئون ئۆيلۈك، تۆت ـ بەش
ئۆيلۈك، ھەتتا بىر ئۆيلۈك كىشىلەر بىر كارىز بولۇپ ئۇيۇشۇپ،
كارىز ئەتراپىدىن بىنەم ئېچىپ، كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىپ تېرىق-
چىلىق قىلاتتى. تۇپرىقى شور ئارىلاش قۇمساڭغۇ بولغاچقا، قوغۇن
تېرىشقا ناھايىتى باب كېلەتتى، باشقا جايلاردا تېرىغان قوغۇنلارنىڭ
پىلەكلىرى قۇرۇپ كەتسىمۇ، بۇ جايدا كەچ كۈز بولۇپ تاكى
ئۇششۇك چۈشكۈچە پىلەكلەر ياشىرىپ تۇراتتى. قۇملۇق ئارىسىدى-
كى كەڭرى تۈزلەڭلەردە يانتاقلار ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ،
ئەقىل ـ پاراسەتلىك دىغار خەلقى بۇ يانتاقلارنىڭ چېچىكىدىن
يانتاقشېكىرى ئىشلەپ چىقىراتتى. ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان يانتاق-
شېكىرى مىللىي تېۋىپلار تەرىپىدىن قىممەتلىك دورا سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىلاتتى. يانتاقشېكەرنىڭ خاسىيەتلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇ لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا مەخسۇس ۋاڭ - غوجىلار، خان، ئاغىچىلار ۋە بەگزادىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيالغا ئايلىنىپ، لۇكچۇن ۋاڭنىڭ دىغاردا مەخسۇس يانتاقشېكىرى چۈشۈرۈشكە قويغان ئادەملىرى بار ئىدى. دىغارنىڭ بىر ئۇچى چۆلتاغقا تۇتىشىپ كەتكەن بولغاچقا، دىغار قەدىمكى «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم بىر تۈگۈن بولۇپ، سودىگەرلەر، سەيياھلار لۇكچۇن — دىغار — چۆلتاغ يولى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ تىرىكچىلىك يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشەتتى. چۆلتاغنىڭ ئىچكىرىسىدە يەنە سىڭىر، شىڭدى قاتارلىق جايلار بولۇپ، ۋاڭلىق تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوردىنىڭ جازاسىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلەر شۇ جايلاردا پاناھلىناتتى. دىغاردا يەنە ئۇنۇپلا قالسا ئاللانىڭ يامغۇرى بىلەن سۇغىرىلىپ، كىشىلەردىن ھېچ پەرۋىش تەلەپ قىلمايلا ئۆسۈۋېرىدىغان چۆل گۈلى — يۇلغۇن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى ۋە چىرايلىق چېچەكلىرى بىلەن ئوراپ، خۇددى قەبرىستانغا تېرىلغان گۈللەرنى ئەسلىتەتتى.

— مانا بۇ كارىز دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان جاي، دەپ قارىلىدىغان دىغار، — دېدى نەمەت خەلپەت ئاتتىن چۈشۈپ، دىغارنىڭ تۇپرىقىدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ پۇراپ، — بۇ يۇرتنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە، بۇ يۇرتتا كونا يىل ھېسابى بويىچە 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇمغا تۇخۇمنى كۆمۈپ قويسىمۇ پىشىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئەنە شۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ كارىز سۈيىدىن بىر ئوتلام ئوتلايدىغان بولسىلا، مەم، مەم، مەم، سۈيىنىڭ مۇزدەكلىكىدىن چىشلىرى يەل تارتىپ قالىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەستىقلاپ، — بىز تۇغۇلغان بۇ يۇرتنىڭ ھەربىر تال گىياھىدىن تارتىپ، زەررىچە قۇم دانىچىلىرىغىچە ھەممىسى سېھرىي كارامەتلەر بىلەن تويۇنغان، بىز ھەددى - ھېسابسىز بايلىق ئىچىدە

ياشىغۇچىلارمىز، لېكىن نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپىيلىق تۇ-پەيلىدىن شۇ بايلىقلارنىڭ مىڭدىن بىرى، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق قىسمىدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىمىز.

— ئاجايىپلا بىر گەپ بولۇۋاتىدىغۇ هوي، — دېدى دائىم جىم ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشايدىغان نىيازقارىي ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە هەي-ران بولۇپ، — مۇشۇنداق بىپايان كەتكەن قۇملۇقتا كارىز ئەڭ ئاۋۋال پەيدا بولغان دېسە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن.

— دېگەنلىرى راست، ئۇكەم، — دېدى نەمەت خەلپەت چۈشەن-چە بېرىشكە تىرىشىپ، — بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلى-رىمىز نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۆجىزاتلارنى ئىختىرا قىلغان...

— توختاشسىلاچۇ، ماۋۇ ناخشىنى... — يېقىنلا يەردىن ئاڭلان-غان بىر ناخشا نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىغاچ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ مۈگگىگە پاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇملۇق ئىچىدىن كېلىۋاتقان بىر ناخشى-نى ئاڭلاپ قالغانىدى.

دىغارنىڭ قوغۇنى داڭلىق، هەركىم قوغۇنچى بۇ يۇرتتا،
تەمى خۇش پۇراق تاتلىق، بىلەرسىز يەپ تىلنى يارغاندا.
......

— ۋاي ئۇكەم، بۇ دېگەن لۈكچۈن خەلقلىرى ئارىسىدا ئومۇم-لاشقان «قوغۇن هەققىدە نەزمە» دېگەن غەزەل. بۇنىڭ هەربىر مىسراسىدىن دۇر - هېكمەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ناخشا ئېيتقان كىشىنى تاپايلى.

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ بىر دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋىدى، كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە نامايان بولدى. تۆت ئەتراپى قۇم بىلەن ئورالغان، تەخمىنەن ئىككى مولار ئەتراپىدىكى قۇم ئارىسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن ئېچىلغان بىنەمدە قوغۇن پىلەكلىرى ياشىرىپ تۇراتتى. قوغۇنلۇقتا چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن بىر بوۋاي ناخشا ئېيتقاچ قوغۇن ئۈزۈۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا،— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چاققانلىق بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ،— سالامەت تۇردىلامۇ!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالىلىرىم، كېلىڭلار، كېلىڭلار، بىرەر تىلىمدىن قوغۇنغا ئېغىز تېگىڭلار.

بوۋاي بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا گالستۇك تاقىۋالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قىزىقسىنىپ قارىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا نەمەت خەلپەت ۋە نىيازقارىيلارمۇ يېتىپ كېلىپ بوۋايغا سالام بەردى. بۇ كونى نەمەت خەلپەت بېشىغا يوغان سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن باغلىۋالغان بولۇپ، بەئەينى يەرلىكتىكى ئاخۇن، موللىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— داموللام باشلاپ كەلگىنىگە قارىغاندا ئەزىز مېھمانلار ئوخشايدۇ - ھە.

— ھە، بۇ كىشى تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئوغلى، كاتتا شائىر، موسكۋادىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپلا بۇ يەرگە كەلدى. ئىسمى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر،— دېدى نەمەت خەلپەت چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ.

— نېمە؟ ياشىلا تۇرۇپ ئورۇس يېرىگە ئوقۇشقا چىققان دېسىلە...— بوۋاي ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نەزەرىنى نەمەت خەلپەتكە يۆتكىدى،— ئۆزلىرىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ، ئۇكەم،— بوۋاي بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى،— خاتالاشمىسام ئۆزلىرى داۋۇت كاۋىنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىدىن بىرىغۇ دەيمەن...

— ھە، مەن ئۆزلىرى دېگەن داۋۇت كاۋىنىڭ ئوغلى نەمەت خەلپەت بولىمەن.

— ۋاي مۇنداق دىسىلىرا، — دېدى بوۋاي باشقىچىلا روھلىنىپ، — بىر چاغلاردا ئاتىلىرى رەھمىتى بىلەن يېقىن ئۆلپەتلەردىن ئىدۇق. بۇ تەرەپلەردە توي - تۆكۈن بولۇپ قالىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئايىغى يەتمىگۈچە ھەرگىز قىزىمايتتى.

بوۋاي سۆزلىگەچ يۇلغۇن چىۋىقىدا پۇختا قىلىپ ئۆرۈلگەن جىمبىلىنىڭ ئۇستىگە قوغۇن تىلىشقا باشلىدى.

— ھە، ھە، قېنى ئېلىڭلار، — دېدى بوۋاي تەۋەززۇ بىلەن، — ئەگەر ئۆيۈم بولغان بولسا ئالدىڭلارغا داستىخان سالۇر ئىدىم، ئەمدى بۇ ئېتىز بېشى بولغاندىن كېيىن...

ئۇلار قوغۇنلاردىن يەپ ھوزۇرلانغاندىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەپ بىلەن سورىدى:

— بوۋا، باياتىن ئاڭلانغان ناخشىنى ئۆزلىرى ئېيتقانمۇ؟

— ئاڭلاپ قېلىشىپتىلا - دە، يالغۇزچىلىقتا ئىچىم پۇشۇپ... — بوۋاي سەل خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدى.

— تارتىنمىسىلا، ئاتا، — دېدى نەمەت خەلپەت ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىپ، — بۇ ئۇكىمىزمۇ ناخشا خۇمار كىشى، شۇڭا ئۆزلىرى ئېيتقان ناخشىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىشىمىز... بولسا بىر ئېيتىپ بەرسىلە بوپتىكەن.

— ئاھاي... كاتتا ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا، ئۇكام.

— خەلپىتىم راست دەيدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — شۇ ناخشىنى بىر ئېيتىپ بەرسىلە بوپتىكەن، بوۋا.

— بوپتۇ ئەمسە، سوۋغۇتۇۋىتىپ چىقىپ كەتسە ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا - ھە!

بوۋاي گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناخشىسىنى باشلىدى. بۇ چاغدا

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ قويۇن يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقىرىپ، بوۋاي ئېيتقان ناخشىلارنى خاتىرە بەتلىرىگە چۇشۇرمەكتە ئىدى...

دىغارنىڭ قوغۇنى داڭلىق، ھەركىم قوغۇنچى بۇ يۇرتتا،
تەمى خۇش پۇراق تاتلىق، بىلەرسىز يەپ تىلنى يارغاندا.
قوغۇنغا ئىشتىياق باغلاپ، دىغارغا سەيلىگە كەلگەنلەر،
مېھمان بولۇپ ئالچۇقتا، قۇملۇقتا جەم بولۇر داستىخاندا.
مېھمانغا شاد ـ خۇرام ئەيلەپ، تاماشا ـ كۈلكە ئايكۇلدا،
مېھماننىڭ قايتارىمۇ بىر خوپ، قوغۇننى كۆپ ئالار مۇندا.
دىغارنىڭ يوللىرى قۇملۇق، جاپادۇر نەچچە مەزگىلدىن،
بۇ سۆزگە پۇتمىگەن ھەركىم، بىلۇرلەر ھەركىم بارغاندا.
كىرگەندە دەشتى ـ قۇم ئىچىگە، كېلەر غەم لەشكىرى جەمئىي،
قىلىپ پۇشايمان قوغۇن ئالغانغا، لېۋىنى چىشلەر كالا ھارغاندا.
......

بوۋاينىڭ ناخشىسى تۈگىگەن ھامان ئولتۇرغانلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

— رەھمەت، بوۋا، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن!...— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۆزىنى باسالماي بوۋاينىڭ قوللىرىنى سىقىپ، — مانا بۇ سەنئەت، — ئۇ يەنە نەمەت خەلپەتكە بۇرۇلدى، — ئەمگەكچان، باتۇر خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ناماياندىسى...

ئۇلار بوۋاي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يەنە «قورۇلچى كارىزى»، «تۆتكارىز» ۋە «دىغار غوجام» قاتارلىق كارىز ۋە زىيارەتگاھلاردا تاۋاپتا بولۇپ، نۇرغۇن ئاددىي پۇقرالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن «دىغار ھەققىدە رىۋايەت»، «كارىز ھەققىدە رىۋايەت» ۋە «قوغۇن ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق ئەل ئىچىدە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇلاردىن

خاتىرىلەر قالدۇردى.

*　　　　　　　　　　　*

ئۇلار دىغاردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىت ناماز دىگەرگە توغرا كەلگەندى، ئۇلار نامازنى يۇرت ئىچىدە ئوقۇسا يەنە لۈكچۈن خەلقىگە تۇتۇلۇپ قېلىپ يولدىن قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دىگەر نامىزىنى ئېتىزلىقتىكى بىر بوش يەردىلا ئوقۇشتى.

— ئەمدى ئۆزلىرىگىمۇ خوش،— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىياز قارىيلار نامازدىن كېيىن مېڭىشقا تەمشىلىپ،— بىز يەنە لەمجىن، خاندو تەرەپلەرگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىـنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كەلمىسەك بولمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ لۈكچۈندە بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتمىسىلە. سېيىتنىياز قازى ئاخۇنۇم، رىقىپ قازى ئاخۇنۇم قاتارلىقلارنى بار دېگەندىمۇ، لېكىن ئەسمىتۇل مىرابنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى لۈكچۈن تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ ئاستانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرخىل ئەسەبىي كۈچلەر توپلاشقان جاي. ئۆزلىرىغۇ دانا ئادەم، لۈكچۈندە تۇرغان مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە پۇقرالارغا كۆپ ياخشىلىقلارنى كەلتۈرۈپلا، لېكىن «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» دېگەندەك ئۆزلىرى بىر ئادەم مىڭ كۈچىگەن بىلەنمۇ بىكار. شۇڭا چاپسانراق تۇرپانغا قايتسىلا. پۇرسەت تېپىپ خەلقنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشـتۈرۈش ئۈچۈن چوڭراق بىر ئىش قىلمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار نەمەت خەلپەتنى يالغۇز قالدۇرۇپ لەمجىن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# شائىرنىڭ ئايىغى ياراشتى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىچان، لۈكچۈنلەرگە بېرىپ شۇ يەردە ياشاۋاتقان ئەزىز قېرىنداشلىرىنىڭ خار ـ زەبۇن ئەپتىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئېچىشقا بولغان قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئويىچە مەكتەپ بولسا ھەممە بولاتتى. «جەمئىيەتتە بىلىملىك ئادەملەر قانچىكى كۆپەيسە زۇلۇمنىڭ زاۋالى شۇنچە يېقىنلىشىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — زۇلۇم ـ ستەم دەستىدىن بىھۇدە ئازاب چېكىۋاتقان بىچارە خەلقىمنىڭ دىلى ئىلىم نۇرى بىلەن نۇرلانسا، كۆزى ئېچىلىپ نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى چاپسانراق پەرق ئېتىۋالالايدىغان بولسا زالىملارنىڭ قانلىق قامچىسى ئالدىدا قورقۇپ بېشىنى ياقىسىنىڭ ئىچىدىگە تىقىپ يۈرمىگەن بولاتتى.»

شائىر ئەنە شۇنداق ئۆزى بىلەن ئۆزى كېڭىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لۈكچۈندىن ئۇنى يوقلاپ نەمەت خەلپەت كېلىپ قالدى. نەمەت خەلپەتنى كۆرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇكەم، — دېدى نەمەت خەلپەت غۇلاچلىرىنى كەڭرى يايغىنىچە، — سالامەت، ئامدان تۇردىلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاۋاب سالام قايتۇرۇپ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنى ئۆز خانىسىغا باشلىدى.

— خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىر ئىش بىلەن ئۆزلىرىنى ياد ئېتىپ ئولتۇراتتىم، خۇدايىم ئۆزى يەتكۈزدى ئۆزلىرىنى.

نەمەت خەلپەت تۆرگە چىقىپ ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كې-
يىن، قىسقا پاتىھە قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، دۇئا قىلىنىپ
بولغاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن
كېيىن، نەمەت خەلپەتنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ مەزە كەل-
تۈردى.

— قېنى مەزەگە باقسىلا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت
خەلپەتنى مەزەگە تەكلىپ قىلىپ، — لۈكچۈندىن كەلگۈچە قور-
ساقلىرىمۇ ئېچىپ قالغاندۇر.

— لۈكچۈندىن كەلگۈچە مۇرتۇقتا بىرىپ باللارنى يوقلاپ
ئۆتتۈم، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ جاۋابەن، — بىر كېچە قونۇپ
بۇ يانغا ماڭاي دەپ تۇرسام يولدا ئەيسا تاز ئۇچراپ قېلىپ ئۆيگە
تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ
قورساقنى ئەستەرلىۋالغان.

ئەيسا تازنىڭ گېپى چىقىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈۋەت-
تى:

— ئەپلىشىپ قاپتىلا - دە ئۇ تاز بىلەن.

— ئۆز چېغىدىلا ئەپلىشىپ قالغان، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ
جاۋابەن.

— ئۇ ھازىر ئۇنداق جازانىخورلۇق قىلمايدىغان بوپتۇ.

— ئەدەبىياتنىڭ سېھرى، ھەجۋىينىڭ كۈچى دېگەن شۇ -
دە.

ئۇلار كۈلۈشۈپ تۇرغاندا تاشقىرىدىن نېمىگە بۇنچىۋالا كۈلۈ-
شۈۋاتقاندۇر بۇلار، دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ھىسامىدىن زۇفەر كى-
رىپ كەلدى، ئۇ نەمەت خەلپەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن-
دىن كېيىن، باياتىن بېرى بولۇۋاتقان كۈلكىنىڭ گېپىنى سورى-
دى.

— ئەيسا تازنى دەيمىنا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلكى-
سىنى باسالماي، — بۈگۈن خەلپىتىمگە داستىخان ساپتۇ، شۇنىڭغا
ئۆتكەنكى ئىش يادىمىزغا كېلىپ كۈلۈۋاتىمىز.

— نېمە ئىش ئۇ زادى شۇنچە ئۇزاققا ئۇنتۇلمىغۇدەك، مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقايچۇ، خەلپىتىم.

شۇنىڭ بىلەن خەلپىتىم پاراڭنى باشلىدى.

*                *

بۇ چاغ نەمەت خەلپىتىنىڭ مۇرتۇقتا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان كۈنلىرى بولۇپ، مۇرتۇقتا بەگنىڭ كارىزى، دەيدىغان بىر كارىز بار ئىدى. بۇ كارىزغا لۈكچۈن ۋاڭ ئەۋلادلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولۇپ، چىڭ گاڭ غوجام بۇ كارىزدىكى يەرلىرىنى مۇرتۇقتىكى دېھقانلارغا ئورتاققا بېرەتتى. بۇ كۈنلەردە تىرىكچىلىك يولىدا نەمەت خەلپەتمۇ بۇ كارىزدىكى يەرلەردىن ئورتاققا ئالغان بولۇپ، نەگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، دېگەندەك مۇرتۇقتىكى ئورتاقچىلارمۇ تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئورتاقچىلارغا ئوخشاشلا دوپپىسى چۈشسىمۇ ئالالىنىڭ زېمىنىغا چۈشىدىغان يوقسۇللاردىن بولغاچقا، بەزى مۇتتەھەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئات- ئۇلاغلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئورتاقچىلارنىڭ يېرىنى تېرىپ بېرىپمۇ بىرمۇنچە پايدىغا ئېرىشەتتى. ئەيسا تاز، مۇسا تازلارمۇ شۇ مۇتتەھەملەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئات - ئۇلىغى، ساپان - سۆرەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئورتاقچىلارنىڭ يەرلىرىنى يۇقىرى ئۆسۈمدە تېرىپ بېرەتتى. دېھقانچىلىق دېگەن پەسلىنى ئۆتكۈزۈپ قويسا كۆزدىكى مول ھوسۇلدىن قۇرۇق قالىدىغان نازۇك كەسىپ بولغاچقا، ئورتاقچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي ئامالى يوق ئىدى.

بىر ئەتىيازلىقى ئىدى، نورۇزدىن بۇرۇنلا ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئاتلانغان ئورتاقچىلار ھەر كۈندىلىكى كېلىپ، ئۇلارغا ئۆز يەرلىرىنى ئاغدۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ نەپسى يوغىناپ، بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك، غىلاڭ باشلىرىغا قايتىدىن چاچ ئۆسۈپ چىققاندەك خۇشال

بولۇشۇپ، ئىشنى قوللىرىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ، جىقراق پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ يەرلەرنى چالا ـ بۇلا ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. ساپاننى بولسا يەرگە چوڭقۇر پاتۇرمايلا ئىزىنى چىقىرىپ قويۇپ پۇل تەلەپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىدىن نارازى بولغان ئورتاقچىلار نەمەت خەلپەتنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— خەلپىتىم، — دېدى ياشقا چوڭراق بىر ئورتاقچى سۆز باشلاپ، — ئۆزلىرى كۆپ ئوقۇغان شائىر ئادەمكەنلا، ئەيسا تازلار بىزنى بەك بوزەك قىلىپ كېتىپ بارىدۇ، بولسا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويغان بولسىلا.

ئورتاقچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان نەمەت خەلپەت كۆپچىلىكنى باشلاپ ئېتىزلىققا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلار نەمەت خەلپەتنىڭ يېرىنى ئاغدۇرۇۋاتقان بولۇپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ كېلىۋاتقان نەمەت خەلپەتنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— خەلپىتىم، يەرلىرى ئۆتۈپ كېتىشكە ئازلا قاپتىكەن، ئۆزلىرىگە دېمەيلا ئاغدۇرۇۋەتتۇق.

ئۇلار بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق نەمەت خەلپەتنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچىدى. لېكىن نەمەت خەلپەت ئۆز يېرىگە كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلار ئاغدۇرغان يەرلەرنىڭ ئورتاقچىلار ئېيتقاندەك قوللىنىڭ ئۇچىدىلا قىلغانلىقىنى كۆردى. ئورتاقچىلارنىڭ يېرىنىڭ سەل نېرىسىدا چىڭ گاڭ غوجىنىڭ يەرلىرى بار بولۇپ، ئۇ يەرلەر تۇجۇپىلەپ ئوبدان ئاغدۇرۇلغانىدى. يەر ئاغدۇرغۇچىلارنىڭ گاڭنىڭ يەرلىرىنى بىر خىل، ئورتاقچىلارنىڭ يەرلىرىنى بىر خىل ئاغدۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن نەمەت خەلپەت دەرھال ئۇلارنى قوشاقتا قېتىپ مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى:

سەن يەرنى ئوبدان ھەيدە،
بەگلەر كېلەدۇر كۆرگىلى.
ئىككى ـ تۆت سەر ياغ بېرەدۇر،
تاز بېشىڭغا سۇرگىلى.

سەن بەگلەردىن قورقمىغىن،
ئۇنىڭ ھەيۋەت چاپىنى.
ئىككى ئىلىكمۇ ئولتۇرماپتۇ،
ئەيسا تازنىڭ ساپىنى.
......

يۇقىرىقى قوشاقنى ئاڭلاپ كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي قالغان ئوغرى چاشقاندەك ساراسىمىگە چۈشكەن ئاكا - ئۇكا تازلار خەلق-نىڭ نەپرەتلىك كۆز ئالايتىشلىرى ئالدىدا تىزلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار نەمەت خەلپەت باشلىق ئورتاقچىلاردىن ئەپۇ سوراپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى قايتىدىن ھەقسىز ئاغدۇرۇپ بېرىدىغانغا ۋەدە بېرىپ ئاران قۇتۇلدى.

ھىسامىدىن زۇفەرمۇ يۇقىرىقى ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، كۈلۈپ تاشلىدى ۋە:

— ھازىر جاۋاب ئادەم - دە، خەلپىتىم ئۆزلىرى، تازا دەككىسىنى بېرىپتىلا - دە، — دېدى.

* *

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ چاغدا يەنە ئۆزىنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، نەمەت خەلپەت چاۋاك چېلىۋەتتى:

— يارايدىلا، ئۇكەم، ھەزرىتى رەسۇلۇللامۇ ھەدىستە «ئىلىم چىندا بولسىمۇ ئېلىڭلار» دېگەن.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەزمىن ئا-ھاڭدا، — ھازىر شورالار ئىتتىپاقىدا ئىلىم نۇرلىنىپ خەلقنىڭ دىللىرى ئېچىلىپ كەتتى، كوچىلاردا بولسا ئىلىم ئۆگىنىش دول-قۇنى، بىزنىڭ بۇ يەردە بولسا خۇراپىي سوپى - ئىشانلارنىڭ «ھۇ - ھۇ ئاللاسى» بىلەن «زىكرى ساماسى» بازار تېپىۋاتىدۇ. نەتىجىدە خەلقىمىزنىڭ دىلى قازاندەك قارىيىپ نەشە چېكىپ، چىلىمنىڭ يېنىدىن قوپالماس بولۇپ قالسا، يەنە بىر قىسىم كىشى-

لىرىمىز قىمار ئويناپ بار ۋەسلىدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، يەنە
خۇدايىم ياراتقان قۇلاق، بۇرۇنلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ غەلىتە مەخلۇق-
لارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

*　　　　　*

شۇ قېتىمقى سۆھبەت بولۇپ ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، تۇرپان يېڭىشە-
ھەردە يېڭى مەكتەپ ئاچتى. ئوقۇتقۇچىلىقنى بولسا ئۆزى ئۈستى-
گە ئالغان بولۇپ، بىر سائەت ئانا تىل، بىر سائەت ھېساب،
ئارىلاپ تەنتەربىيە، ناخشا دەرسلىرىنى قوشۇپ ئۆتەتتى. مەكتەپ
ئىككى يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ خەلق ئارىسىدا ناھايىتى زور داغ-
دۇغا قوزغىغان بولسىمۇ يەنە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم سوپى -
ئىشان، خۇراپىي مولىلارنىڭ پىتنە - پاسات تارقىتىپ ھۆكۈمەتكە
چېقىشتۇرۇشى نەتىجىسىدە مەكتەپ تاقىلىپ قالدى. بۇنىڭدىن قاتتى-
تىق غەزەپلەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈرۈمچىگە بېرىپ، تۇرپاندا
مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدا ياڭ جياڭجۇنگە ئەرز سۇنۇش قارارىغا
كەلدى ۋە ئات كارۋىنىغا قوشۇلۇپ ئۈرۈمچىگە چىقتى. لېكىن
ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىدى، چۈنكى ئۈرۈم-
چىدىكى ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ دوستلىرىدىن خۇسەيىن چانىشىفقا ئوخ-
شاش جەمئىيەتتە خېلى يۈز - ئابرۇيى بار، لېكىن ئۆز پايدىسىنى
كۆزلەپ خەلقنىڭ غەم - قايغۇسى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان
پۇرسەتپەرەس بايلار ئۇنىڭ ياڭ جياڭجۇنگە ئەرز سۇنۇش ئىشىغا
قىلچە ياردەم قىلمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇنىڭدىن قىلچە ئۈمىد-
سىزلەنمەي، جياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ ئىچىگە كىرىشنىڭ يولىنى
ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ۋەقە
«يەتتىنچى ئىيۇن» ۋەقەسى يۈز بېرىپ، قانخور ياڭ زېڭشىن
خارچى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئې-
تىپ ئۆلتۈرۈلدى. ياڭ جياڭجۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئامال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىز قالغان شائىر يېڭىدىن تەختكە چىققان جىن شۇرېنغا ئۇمىد باغلاپ تۇرپانغا يېنىپ كەلدى.

*　　　　　　*

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنلەردە، شائىرنىڭ ئايىغى يارىشىپتۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياڭ جياڭجۇنىنى جايلىۋېتىپ كەپتۇ، دېگەندەك پاراڭلار تارقىلىشقا باشلىدى. قاذخور جاللات ياڭ زېڭشىڭنىڭ يەر چىشلىگەن كۈنلىرىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇرۇمچىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان نەمەت خەلپەت ئۆزىنىڭ قىزىق ـ قىزىق پاراڭلىرى بىلەن جامائەت سورۇنلىرىدا خەلقنى كۈلدۈرەتتى.

— بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولساق شائىرنى بۇرۇنلا ئۇرۇمچىگە ئۇزىتىدىغان ئىش ئىكەندۇق، — دېدى نەمەت خەلپەت بىر سورۇندا.

بۇ سورۇندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېقىنلىرىدىن لېتىپ ئەپەندى قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، لېتىپ ئەپەندى سورىدى:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، خەلپىتىم، ئەجەب قىزىق گەپلەرنى قىلىدىلىغۇ؟

— ھەي، نېمە دېگىنىم بولاتتى، — نەمەت خەلپەت دەرھال جاۋاب بەردى، — بۇرۇن بىر كىشىنىڭ بىر بىشەم ئايالى بار ئىكەندۇق، ئۆرۈك پىشىشقى بولغان كۈنلەردە ئايالى ئۆرۈك قاقدمەن دەپ ئۆرۈك بېشىغا چىقىپ دەرەختىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇ ئايالنى يۇيۇپ ـ تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇپ قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەل ـ ئاغىنىلىرى لايىق تېپىپ ئۇ كىشىنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. بۇ قېتىم ئالغان ئايالى ناھايىتى ۋاپادار ھەم كۆيۈمچان ئىكەن. ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن، كېيىن ئالغان خوتۇنىنىڭ قانداقلىقىنى سوراپتىكەن، بۇ خوتۇن بىلەن ئەپ ئۆتۈۋاتقان بۇ كىشى ئەل ـ ئاغىنىلىرىغا بۇرۇنقى

چاغلىرىنى ئەسلەپ بېرىپ: «ھەي، بۇنداق بولارىنى بىلگەن بول-
سام ئاۋۇالقى خوتۇننى بۇرۇنلا ئۆرۈك بېشىغا چىقارسام بولاركەن-
دۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئابدۇخالىق ئۇك-
ىمىزمۇ مەكتەپ ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ
ئۈرۈمچىگە چىقىۋىدى، مەرھۇم تۆمۈر ئاكامدەك، مويدىن خەلپەت-
لەردەك باھادىرلارنىڭ بېشىغا چىققان يالماۋۇز يەر چىشلەپتۇ ئە-
مەسمۇ!

كېيىنكى كۈنلەردە بۇ پاراڭ قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ تۇر-
پاندىكى قىزىق پاراڭ تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە

قېرى تۆلكە ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تەختكە چىققان جىن شۇرېن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى چېكىگە يەتتى. قاتمۇقات زۇلۇم ۋە ئېزىلىشلارغا چىدىمىغان قۇمۇل خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ ۋەقە 1931 ـ يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا يۈز بەردى. ئەسلىدە قۇمۇلنىڭ ئەڭ چەت يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان شوپۇلدا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى جاڭ جىسا بۇ يۇرتنىڭ دورغىسى سالى دورغىنىڭ ئەمدى رەسىدە بولغان چىرايلىق قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ، ئۇلارنى مەجبۇرلاشقا باشلىدى. يامان ئىشنى كۆرسە چىدىمايدىغان، ھەققانىيەتچى، قورقۇمسىز، چېرىكلەرنىڭ جەبىر ـ زۇلمىدىن جاق تويغان سالى دورغا بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، مەھەللىدىكى پالۋانلارنى تەشكىللەپ جاڭ جىسانى ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەربىي گازارمىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان 12 تاغ خەلقى قوزغىلىپ، سالى دورغا قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. كېيىنچە 1907 ـ يىلىدىكى تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە 1912 ـ يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ باتۇر ۋە قورقۇمسىزلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە پالۋان ئاتالغان، دۈشمەنلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇرپان، باركۆل، ئالتاي تەرەپلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە رۇسىيە قاتارلىق جايلاردا 1923 ـ يىلغىچە تۇرۇپ، ھەج سەپىرىنى تاماملاپ، ھەربىي مەشقلەرگە قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن قۇمۇل تاراتىلىق خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭنىڭ داھىيسى بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى كەينى ـ كەينىدىن ئەسكەر

ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئىخىر مەغ-لۇبىيەتكە ئۇچرىدى، قوزغىلاڭچىلار تېخىمۇ كۈچىيىپ ئىنقىلاب يالقۇنى قۇمۇل تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئىدىقۇت بويلىرىغا، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگىچە تۇتاشتى.

1931 - يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا قوزغالغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى پاراڭلار ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغانىدى. بازار - رەستىلەردە، يېزا - سەھرالاردا، جامە - مەسچىتلەردە، ئېتىزلىق-لاردا بۇ پاراڭلار تارقىلىپ، بىرىگە ئون، ئونىغا يۈز قوشۇلۇپ، ئاجايىپ زور داغدۇغا پەيدا قىلماقتا ئىدى. يۇرت ئەھلى يەنە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرى بويىچە، كېچىسى كۆرگەن چۈشىگە، قاپاقلىرىنىڭ تارتىشلىرىغا قاراپ دېگۈدەك ھەرخىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى.

— كېچە چۈشۈمدە تازا ئۇچۇپتىمەن، — دەيتتى بىر كىشى تازا زوقلىنىپ سۆزلەپ، — ئۇنىڭغا قارىغاندا نۇسرەت ھامان يېڭىد-چىلار تەرەپتە بولىدۇ.

— مېنىڭمۇ سول قاپىقىم تارتتى، ئەر كىشىنىڭ سول قاپى-قى، ئايال كىشىنىڭ ئوڭ قاپىقى تارتسا ياخشىلىقتىن دېرەك بېرەرمىش...

بۇ كۈنلەردە يەنە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان «ئاچىل» ناخشى-سى ئېلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق شاۋقۇنلاپ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ ئاچىل،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ ئاچىل.

دېگەندەك پاساھەتلىك مىسرالار بىلەن باشلىنىپ،

قاچان بولسا بىر ئۆلۈم، يا كۆرۈم ئاچىل،
ئاچىل، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار ئاچىل.

دېگەن جەڭگىۋار مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ ناخشا ئەمدى كىملەرنىڭدۇر ئۆز خاھىشى بويىچە، «ئاچىل، ئاچىل، دەرۋازىسى يوغان ئاچىل، گۈندىخانىنىڭ ئىشىكلىرى ئاچىل، كەڭتاشا يوللار ئاچىل» دېگەندەك مەزمۇنلار قوشۇلۇپ تۈرپان ئاسمىنىدا ياڭرىماقتا ئىدى.

دەرۋەقە بۇ ناخشا شۇ يىللىرى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن جەبىر - زۇلۇم تارتقانلىكى ئاممىنىڭ ياقتۇرۇپ ئېيتىشىغا نائىل بولۇپ، ناخشىنى ئېيتقۇچىلار خۇددى ئۆز قېنىغا يېڭى قان قوشۇلغاندەك، بىر جېنىغا مىڭ جان قوشۇلغاندەك ھېس قىلىشاتتى. خەلقنىڭ بارغانچە روھلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن تۈرپان ئامبىلى ھەر كۈنى دېگۈدەك تۈرپاندىكى ئاۋات رەستە، كوچا باشلىرىغا «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتماسلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ چاپلىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار چاپلىغان بۇ خىل ئۇقتۇرۇشلار خەلق ئارىسىدا ئەكس تەسىر بېرىپ، ئاچىل ناخشىسىنىڭ شۆھرىتىنى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرمەكتە ئىدى.

— تاغلىقلار تاغقا چىقىۋالسا بىرى يۈزگە تېتىيدىكەن.

— تاغلىقلار باشقا ئاتىدىكەن، چېرىكلەر تاشقا...

— خوجىنىياز ھاجى جەڭگە كىرسە ئوق ئۆتمەسمىش، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي جەڭگە كىرەرمىش، جەڭ تۈگىگەندە چاپىنىنى سىلىپ بىر سىلكىسە، چاپىنىدىن بىر شازىدەك ئوق تورۇكلاپ چۈشەرمىش...

بۇ كۈنلەردە ئاستانە، مۇرتۇق خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ بۇ خىل پاراڭلار ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئاستانە خەلقى «ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى» غا بېرىپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈپ تۇرسا، مۇرتۇق خەلقى مۇرتۇقتىكى «مەۋلانە غوجام» مازىرىدىكى چوڭ مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇشۇپ، ئاللادىن قوزغىلاڭچىلارغا نۇسرەت تىلەيدىتى.

مۇرتۇق غوجام توغرىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، مۇرتۇق غوجامنىڭ ئەسلىي ئىسمى «مەۋلانە ئابدۇلھەمىد»

ئىكەن. بۇ كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان ھىندىستانلىق مۇسۇلمان ئىكەن. كېيىن سەيلە ـ ساياھەت ۋە ئىلىم تارقىتىش ئىستىكىدە تۇرپانغا كەلگەن. ئۇ ناھايىتى بىلىم-لىك بىر مۆتىۋەر زات بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمدارلىرى، بەگ ـ تۆرىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭ تەربى-يىسىگە تاپشۇرغان. مەۋلانە ئابدۇلھەمىد غوجام بولسا مۇرتۇقنىڭ ئىدىقۇت تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جىرالار ئارىسىغا جايلاش-قان گۈزەل يۇرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ۋە شۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەستى مۇرتۇقتىكى چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان، كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈمبەز ياسىتىلىپ، ئۇنىڭ ھۆر-مىتى ئۈچۈن «مۇرتۇق غوجام» دېگەن نامنى بەرگەن. مۇرتۇق خەلقى مەۋلانە ئابدۇلھەمىد غوجامىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ھېيت ـ ئايەم، جۈمە كۈنلىرىدىكى نامازلارنى چوڭ مەسچىتكە توپلىشىپ ئوقۇيدىغان بولغان. مەۋلانە غوجام قەبرىسىنىڭ شىما-لىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا مارجانبۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر پېشىلزارلىق بار بولۇپ، ئۇ يەردە مەۋلانە غوجام مەدرىسە ئېچىپ، مۇددەرىسلىك قىلىپ بالا تەربىيىلىگەنىكەن.

ئۆز ۋاقتىدا تۇرپاندا دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان ھەربىي ئەربابلار، سىياسىئونلار، تارىخچىلار، يازغۇچى، شائىرلار، ئە-دىبلەردىن تارتىپ بىر قىسىم خۇراپىي سوپى ـ ئىشانلارغىچە ئەل ئىچىدە بىر قەدەر نام ـ شۆھرىتى بار بولغانلىكى زاتلار بۇ جايغا كېلىپ تاۋاپتا ئولتۇرغان. شۇنداقلا ئەل ئىچىدىكى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمارلار، بېشىغا كۈن چۈشكەن پېقىر ـ مىسكىن-لەر بۇ جايغا توپلىشىپ دۇئايى ـ تىلاۋەت قىلىپ بۇ جايىنى ئاۋاتلاش-تۇرغانىكەن. مانا ئەمدى ئەجداد ئۇدۇمى ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغاندەك، قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئىنقىلاب بورىنىنىڭ غەلىبە خە-ۋەرلىرى مۇرتۇققا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇ جايىنى تاۋاپ قىلىدى-غانلار، چوڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلار يەنە بۇ جايىنى ئاۋاتلاش-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە نەمەت خەلپەتمۇ ئوردىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ مۇرتۇققا يېنىپ كەلگىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھەمدۇل-لا داموللا، ھېسامىدىن زۇفەر، لېتىپ ئەپەندى ۋە ئاستانىدىكى مەخمۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ھەمدەمدە بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم خۇراپىي سوپى - ئىشانلارنىڭ خەلقنى ئازدۇرۇپ قىلغان ئەپقاچتى پاراڭلىرىغا رەددىيە قايتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ مەۋلانە غوجام مەقبەرىسى يېنىدىكى چوڭ مەسچىتكە بېرىپ، ئۇ يەرگە توپلاشقان نامازخانلار، تاۋاپچىلار ۋە تىلاۋەتچىلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرەتتى، جۈمە كۈنلىرى بولسا جۈمە نامىزىدىن يانغان خەلق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلەيتتى، بۈگۈنمۇ ھەم شۇنداق بولدى. بۈگۈن چوڭ مەسچىت ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، نەمەت خەلپەتنىڭ جۈمە نامىزىدىن يېنىپ نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان سىڭگىم، ئاستانە، قارىغوجا، تۇيۇقلارغىچە بولغان يۇرت-لاردىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي بۇ يەرگە يىغىلغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلىرىم،— دېدى نە-مەت خەلپەت يوغان بەستىگە ماس ھالدا جىقىلدىغان بوم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — ھەممىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ھازىر يۇرتى-مىز مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىدا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، خانىۋەيران بولدى. نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز ئېغىر ئالۋان - ياساق، خىلمۇخىل سېلىقلار دەستىدىن كۈن ئالماق تەس كېلىپ، كوچا - كويلاردا سەرگەردان بولۇپ مەھكۇملارچە كۈن كەچۈرمەك-تە. ھەممىڭىزگە مەلۇمكى، قۇمۇل تاغلىرىدىن كېلىۋاتقان ئى-

شەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قومۇللۇقلار زالىم ئىستىبدات ھۆكۈمەت ئۇستىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، دەسلەپكى جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بىزدە «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل» دېگەن تەمسىل بار. قومۇللۇقلارنى ئانىلىرى ئوغۇل دەپ تۇغقان بولسا، بىزنىمۇ ئانىلىرىمىز ئوغۇل دەپ تاپقان. ئۆز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىر كۈلپەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە سۈكۈت قىلىپ ئۆتسەك، ئۇ چاغدا بىزنى قانداقمۇ ئەر دەپ ئاتىغىلى بولسۇن؟!

بۇ چاغدا توپ ئىچىدىن:

— قومۇللۇق قېرىنداشلارغا ئاللا ئىگەم نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن، — دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ، ھەممەيلەن بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. كىشىلەر دۇئا قىلىۋاتقان پەيتتە توپ ئىچىدىن بىرەيلەن سۆز قىلىپ قالدى:

— ئەزىز قېرىنداشلار، كەرەملىك ئىگىمىز ئۆز بەندىلىرىنى ياراتقان چاغدا، كىمنىڭ چوڭ بولغاندا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكەن. بىزنىڭ مۇشۇنداق خار - زەبۇن بولمىقىمىز ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىش. ئاللانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، شۇڭا بۇ كۈنلەرگە «شۈكرى» قىلىپ ئۆتمىكىمىز لازىمدۇر.

يۇقىرىدا سۆزلىگەن بۇ كىشى خوجا سەئىدلەر جەمەتىدىن بولۇپ، ئۆزىنى لۈكچۈن ۋاڭغا تۇغقان كېلىمەن دەپ بىر قىسىم نادان كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان مىرغىياس ئىشان دېگەن كىشى ئىدى. شۇ كۈنلەردە لۈكچۈندە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چىڭ گاڭ غوجا (يەنى ئىمىن ۋاڭ) قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ كۈيئوغلى بولغاچقا، تۇرپان خەلقى قوزغىلىپ كەتسە ئىمىن ۋاڭغا بىرەر زەرەر يېتىپ، ئۆزى يەۋاتقان ئېشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، جامائەت توپلاشقانلىكى جايلاردا تەتۈر تەشۋىقات يۈرگۈزەتتى.

— مەم، — دېدى نەمەت خەلپەت ئۇ كىشىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لا، — ئىسلام دىنى دېگەن پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۇلۇغ دىن. دىنىمىزدا بىراۋ مال ـ مۈلكۈڭنى تارتىۋالسا «شۈكرى» قىلىپ ئۆت، دەيدىغان كەلىمە يوق. تېخى كەرەملىك ئىگىمىز ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلەرگە گۇناھ يازىدۇ. دىنىمىزدا «يارىتىشىنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن بىر كەلىمە سۆز بار. دېمەك، كەرەملىك ئىگەم ئۆزىنىڭ شاپائەت نۇرى ئارقىلىق بىزنى ياراتتى. بۇ دۇنيا دېگەن ئىزدىنىش دۇنياسىدۇر. ھۆر بولامسەن، قۇلمۇ، بۇ ئۆزۈڭنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭغا باغلىق. ئەگەر بىز ئۆز بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە شۈكرىلەر ئېيتىپ ئۆتسەك، ئۇ چاغدا كەرەملىك ئىگىمىزنىڭ ئالدىدا ئاسىي بەندىلەردىن بولۇپ قالمايمىزمۇ؟

نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئەل دەۋرەپ كەتتى.

— ھۆرلۈك يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلايلى، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى بولايلى!

— كۈرەش قىلايلى!...

خەلق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ ئوتلۇق سادالار تاغۇ تاشلارنى تىترەتمەكتە ئىدى.

* *

1931 ـ يىلى ئىيۇل ئايلىرىدا مەخسۇت مۇھىتى رۇسىيىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىنقى يىلى ھەم ساياھەت، ھەم تىجارەت ئىشلىرى بىلەن رۇسىيىگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ موسكۋادا چىقىدىغان «پراۋدا» گېزىتىدىن قۇمۇل دېھقانلار قوراللىق قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىشى ئىدى.

— قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىسى خوجىنىياز

هاجی مەن بىلەن بىر يىل ساۋاقداش بولغان، — دېدى ئۇ نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھىسامىدىن زۇفەر قاتارلىق يېقىندىلىرىغا، — ئەينى يىللىرى مەن ئاستانىدە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا قۇمۇللۇق بىر ئايال ئۆزى ئېشەككە مىنىپ، 20 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ مەدرىسە ئالدىدا پەيدا بولدى. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ، بۇلار نېمــە ئادەمــلەردۇر، نېمىگە كەلگەندۇر دەپ ھەيــران بولدۇق. بۇ ئايالــنىڭ گەپ ـ سۆزلــىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن قۇمۇللۇق ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئەمما بۇ ئايال ئۆزىنى توقسۇندىن كەلدىم، توقسۇندىكى نىياز شىاكىز ۇكنىڭ تۇغقىنى بولىمىز. تۇيۇق غوجامنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىۋىدىم. ئاڭلىسام بۇ يەردە تالىپلار ئوقۇيدىغان بىر مەدرىسە بار ئىكەن. بۇ ئوغلۇممۇ بىر ـ ئىككى يىل مەدرىسە تەربىيىسى كۆرگەن. يەنە ئوقۇسۇن دېگۈم كېلىپ ئەكەلدىم، قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇپ بەرگەن بولساڭلار، دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا مەدرىسىدە مويدىن داموللا مۇدەررىس ئىدى، ئۇ كىشى ماقۇل بولۇپ ئۇ ئوغۇلنى ئېلىپ قالدى. ئۆزىنى ئىسھاق دەپ تونۇشتۇرغان بۇ تالىپ ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجى، يەنى قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىر ئىنقىلابچى ئىكەن ئەمەسمۇ!

— ئۇ چاغلاردا ھاجى ئەمەس بولغىيدى؟ — نەمەت خەلپەت قىزىقسىنىپ سورىدى.

— نەدە ھاجى بولسۇن، ئۇ دېگەن كېيىنكى ئىشلار، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى لۇكچۈن ۋاڭى ئارقىلىق بىز تەرەپلەرگە يەتكەندىن كېيىن، ئانىسى كېلىپ ئەمدى ھەرەمگە بارىمىز، دەپ ئەكەتكەنىدى. كېيىن ئۇ قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن ھەمدە رۇسىيىدىكى بىر باينىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، زامانىۋى قوراللارنى ئىشلىتىشتىــن تارتىپ، ياساپ ـ قۇراشتۇرۇشلارغىچە بولغان ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ، مەخ-

سۇس ھەربىي تەلىم كۆرۈپ يېتىلگەن.

— مەم، مەم، مەم، — دېدى نەمەت خەلپەت قىزىقچىلىق قىلىپ، — خۇدايىمنىڭ بەرگۈسى كەلسە بىرىپلا تۇرىدىكەن ـ ھە، ھەم ھاجى، ھەم يولباشچى. بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق سۆزلەر ـ ھە!

— خۇدايىم ئۆزلىرىگىمۇ بەردىغۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇي-غۇر قىزىشىپ، — كالامۇللانى قوللىرىغا ئالسىلا كاتتا موللا، قەلەمنى قولغا ئالسىلا كاتتا شائىر، كىم بىلىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىزمۇ قوزغىلىپ قالساق مەخسۇت ئاكامنىڭ قابىل سەركەردىلىرى-دىن بولۇپ قالامدىلا تېخى!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئوتتۇرىدا كۈلۈشمەك بولدى.

*                    *

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭغا دائىر خەۋەرلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن «ئاي-نى ئېتەك بىلەن ياپقىلى» بولمىغاندەك، ئۈرۈمچى ئەتراپى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى قۇمۇل تەرەپ-كە يۆتكەۋاتقانلىقى ھەممە سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتاتتى.

ياز ئايلىرىدا تۇرپان يولى، پىچان ـ گۇچۇڭ يوللىرىدا ئۇزۇل-مەستىن چېرىكلەر قاتنىشىپ يۈردى. ئۇلار ئېغىر تېپىنكى قورال-لارنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ پىيادە كەلگەن بولغاچقا، يۈز ـ كۆزىنى توپا بېسىپ تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە توپ ـ زەمبىرەكلەرنى سۆرىگەن، قازان ـ قومۇچ، يوتقان ـ كۆرپە، ئوق ـ دورا، ئاشلىقلىرىنى ئېلىپ ماڭغان نۇرغۇن ئاتلار بار بولغاچقا، ئۇلار ھەربىر يۇرتقا بارغاندا يەرلىك دائىرىلەر ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ چېرىكلەرگە ئاشلىق، ئاتلار-

غا يەم ـ خەشەك، يول خىراجىتى ئۈچۈن پۇل ـ پۇچەك توپلىشاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى زالىم ئەمەلدارلار تەرىپىدىن يەرلىك خەلقلەردىن يىغىلىدىغان بولغاچقا، ئۆز جېنىنى باقماق تەس كېلىپ تۇرغان پۇقرالارغا نىسبەتەن، ئۇرۇپ قانماي تەپكەن بولاتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن نارازىلىق تۇيغۇسى كۈچىيىپ، ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنقىلابچىلار ھەرىكەتتە

1932 ـ يىلى ئەتىيازلىقى، ئاستانىدە مۇھىتىلار ئائىلىسىدە بىر سۈننەت توي بولدى. مۇھىتىلار ئائىلىسى خەلق ئىچىدە تەسىر دائىرىسى چوڭ ئائىلىلەردىن بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سۈننەت تويغا پۇختا تەييارلىق كۆرگەنىدى.

— قانداق، بۇ تويمۇ باشقا تويلارغا ئوخشاش يەپ ـ ئىچىش بىلەن ئۆتەمدۇ ياكى نەغمە ـ ناۋا بىلەنمۇ؟— نەمەت خەلپەت مەخسۇت مۇھىتىغا چاقچاق قىلدى.

— ئۆزلىرىچچۇ،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — قانداقراق ئۆتكۈزسەك ياخشى بولار، خەلپىتىم.

— مېنىڭچە،— دېدى نەمەت خەلپەت كۈلۈمسىرەپ تۇ. رۇپ، — سۈننەت توي دېگەن بىر ئوغۇل بالىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىشتۇر. شۇڭا بۇ توي ئۆز مەنىسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى تۈزۈكمىكىن.

— قېنى مەسىلەن،— دېدى بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر،— بۇ تويدا قانداق ئويۇن. لارنى ئۆتكۈزسەك مۇۋاپىقراق بولار؟

— بىز ئۇيغۇرلاردا بۇنداق مەرىكىلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئو. يۇن تۈرى كۆپقۇ، مەسىلەن، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش دېگەن. دەك. لېكىن ھازىر ھاۋا تېخى بوشىغىنى يوق. شۇڭلاشقا چېلىش قىلىشقا سەل بىئەپرەك. مېنىڭچە بولغاندا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇ. نى ئۆتكۈزۈلسە، مۇۋاپىقراق بولارمىكىن!

— تازا كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىلا، خەلپىتىم،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى ھاياجانلىنىپ،— مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان شۇنداقراق بىر ئويدا بولۇپ كەلگەن. شۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، ياشلىرد.

مىز ئات چاپتۇرۇشۇپ تازا پۇخادىن چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۆرۈپ دەڭسەپ باققىلى بولىدۇ.

— ھۇششەرە، مەخسۇت ئاكا، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇپتۇ، دېگەن شۇ ـ دە.

— ئەمسە شۇنداق كېلىشتۇق...

بۇ سۇننەت توي ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈندىكى بولغان سۆھبەتتىن قىسقىچە خاتىرە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاستانىدىكى يىگىتلەر يۇرتمۇ يۇرت ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا ئاستانىدە ئوغلاق تارتىشىش بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، يۇرت ـ يۇرتلارغا ئېلان چاپلاپ، يۇرت ئەھلىنى ئوغلاققا چىللىدى. ئوغلاق تارتىشىش — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرىدىن بىرى بولغاچقا، يەنە كېلىپ تۇرپانلىقلار ئەزەلدىن تەنتەربىيە ئىشلىرىنى قەدىرلەيدىغان خەلق بولغاچقا، بۇ كۈنى توپلانغان ئادەم 400 — 500 ئاتلىققا يەتتى. ئوغلاقچىنىڭ كۆپلۈكىدە بىرىنچى قېتىم تاشلانغان ئوغلاق ئەتىگەندىلا پارچە بولۇپ كەتتى. توي ئىگىسى ئىككىنچى بىر ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ بەرگەچكە، ئوغلاق تارتىشىش كەچكىچە داۋام قىلدى. ئوغلاق تاشلىنىدىغان يەرگە قىزىل شەلپەر تارتىلغان بولۇپ، ئۇ يەردە نەمەت خەلپەت، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، ھىسامىدىن زۇفەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار ۋە يەنە بىرمۇنچە يۇرت چوڭلىرى كۆزەتچى سۈپىتىدە ئولتۇراتتى. ئوغلاقچىلار ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن جايغا تاشلاشنى كۆزلەپ، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن كۈچەپ تارتىشاتتى. ئات تولا، ئوغلاقچى كۆپ بولغانلىقتىن ئوغلاقنى قولىغا ئالغان ھەرقانداق كىشى توپنى يېرىپ چىقىپ، بەلگىلەنگەن جايغا تاشلاش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇڭا ئوغلاق تارتىشىش جىددىيلىشىپ، «پاقا كۆلگە تارتىپ، ئاق قۇ بولسا ئاسمانغا» دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتاتتى.

ئوغلاققا قاتناشقان قاراغوجا، ئاستانىلىقلار، سىڭگىم، مۇرتۇقلۇقلار، ياڭخى، لۈكچۈنلۈكلەر، لەمجىنلىكلەر ھەرقايسىسى

ئۆز يۇرتلىرى بويىچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاستاندە ئوغلاق تارتىشىش قىزىغان شۇ كۈنى تۇرپان، ئاستانىدىكى يۇرت چوڭلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى، نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار خوجىنىياز ھاجىنى چىللاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئېشەكچى يۈسۈپ قۇمۇلغا بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرپان خەلقىگە يوللىغان سالىمىنى ئېلىپ يولدا جىددىي كېلىۋاتاتتى. چوڭنىڭ ئەقلى ھامان چوڭ بولىدۇ، دەپ بىكار ئېيتىمىغانىكەن كونىلار. مانا بۇ يەردە مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ بەخىرامان ھالدا ئوغلاق تارتىشىشقا كۆزەتچى بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېچكىممۇ ئۇلارنى قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى.

بۇ يەرگە ئوغلاق تارتىشىش ئۈچۈن توپلانغانلارنىڭ ھەممىسىلا پەقەت ئوغلاق تارتىشىپ، ئۆز شۆھرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەل ئارىسىدا ئىناۋىتى بار، يۇرت ئىچىدە گېپى گەپ ئوغلانلارمۇ خېلى بار بولۇپ، ئۇلار مەخسۇت مۇھىتىلارنىڭ قۇمۇلغا ئادەم ماڭدۇرغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەردار قىلىنغاچقا، ھەم ئويۇن ئويناش ئۈچۈن، ھەم قۇمۇلغا خەت ئېلىپ كەتكەن ئادەمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلانغانىدى. يۇرت دېگەننىڭ قوينى كەڭ بولغاندىن كېيىن باھادىر ئەزىمەتلەرمۇ كۆپ بولىدىكەن. مانا ئوغلاق تارتىشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئاتلىرىغا مىنىشكىنىچە، ئۆز گۇرۇھلىرىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. بۇ مەيداندا يەنە تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار بىرەر باھادىر ئەزىمەتنىڭ ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ ئېقىمدىغىنىنى كۆرگەن ھامان: «چاپسان بول، نىشانغا تاشلىمامسەن» دەپ قىي - چۇ كۆتۈرۈشەتتى. لېكىن توپ ئىچىدىكى يىگىتلەر بىر - بىرىدىن كۈچتۈڭگۈر، ئاتلىرى بولسا خىل بولغاچقا، ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ ئېقىمداپ نىشانغا ئېلىپ بارغۇچە، باشقىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ يەنە تارتىشماق باشلىنىپ كېتەتتى. قىش كۈنلىرى

دېگەن كۈن كالتە بولۇپ، دىگەر ۋاقتى بولا ـ بولمايلا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن چاچرىغان توپىمۇ ئەتراپنى بىر ئالغان بولۇپ، مۇھىتنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتكەنىدى. كەچ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سىڭگىملىكلەر دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى ئوغلاق تارتىشىشقا ئۆزىنى ئۇرماي، پەقەت سىرتتىن ھە ـ ھۇ دەپ قويۇپلا تاماشا كۆرگەچ ئاتلىرىنى ئارام ئالغۇزغان بولغاچقا، ئەمدى ئۇلار ئارام ئالغاننىڭ پايدىسىنى كۆردى. سىڭگىملىك 20 — 30 دەك ياش بىرلىشىپ ئوغلاق تارتىشىۋاتقانلارنىڭ توپىغا بۆسۈپ كىردى ـ دە، ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ قاچتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئوغلاقنى نىشانغا تاشلاشنى مەقسەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ، يولنى ئۆزگەرتكىنىچە ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەلىبە سىڭگىملىكلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئوغلاق تارتىشىش ئاياغلاشتى.

* *

شۇ ئاخشىمى مەخسۇتباينىڭ قىشلىق مېھمانخانىسىدا ئەتىگەندىن بۇيان ئوغلاق تارتىشىپ باش ـ كۆزىنى توپا باسقان ئوغلاقچىلار توپلاشقانىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە بۇ ئۆيدە نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھىسامىدىن زۇفەر قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ بار ئىدى. مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان 24 ـ ئاسما لامپا ئۆي ئىچىنى بىمالال يورۇتۇپ تۇراتتى. ئوغلاقچىلار ئۆزئارا ئات پارىڭى، ئوغلاق پارىڭى قىلىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئارىدىن بىرىنىڭ ئىچى پۇشتىمۇ قانداق، پاراڭ تېمىسىنى بۇرىدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — ھەممىمىز ئۆز گەپلىرىمىزنى قىلىپ كەتتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىمىز يىراق. كەتمىسەك خوتۇن ـ بالا، ئاتا ـ ئانىلىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنسىرىشىپ قالدۇ. بۇگۈن ئاخشام بىز بۇ يەرگە بىر خىيال بىلەن جەم بولغان. شۇنداق بولغانىكەن، باشقا پاراڭلارنى يىغىش-تۇرۇپ قويۇپ، نەق گەپلەرنىلا قىلىشايلى.

— تازا كۆڭلىمىزدىكى پاراڭنى قىلدىڭ، — دېدى يەنە بىرى، — بۇ ئىشتا ئاۋۋال يۇرت چوڭلىرى بىرنېمە دەپ باقسۇن، چۈنكى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنى ئۇلار ئاللىقاچان بىلىپ بولغان.

— بىز قاچانغىچە جىم ياتىمىز، — دېدى دەسلەپ سۆزنى باشلىغان ئوغلاقچى گەپنى ئەگىتمەستىن تۇزلا قىلىپ، — بۇگۈن توپلاشقان ئادەملەرنى كۆردۇققۇ، ئۇلار نېمىدېگەن جەڭگىۋار، نې-مىدېگەن كۈچتۇڭگۈر، ئۇلاردىن ھەربىرى بىردىن يولۋاس! بىز مۇشۇ ئادەملەر بىلەنلا قوزغىلىپ ئىشنى باشلايدىغان بولساق، شە-ھەرلەرنى تۇزلەپ، دۈشمەنلىرىمىزنى تۇپ - تاراس قىلىۋېتەلەي-مىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ جىم يېتىپ ئازاب تارتى-مىز؟

كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلار بارغانچە ئايدىڭلاشماقتا ئى-دى. بۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇر-غان نەمەت خەلپەت سۆزگە كىرىشتى:

— مەن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، سىيىتنىياز قازى ئاخۇنۇمدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، ئەگەر مۇمكىن بولسا مەن شۇ ھېكايىنى بىر سۆزلەپ بەرسەم.

نەمەت خەلپەتنىڭ مۇشۇنداق چاغدىمۇ ھېكايە سۆزلەپ بېرىمەن دېگىنىگە نارازى بولغان ئوغلاقچىلار مەخسۇت مۇھىتىغا قاراشتى.

— خەلپىتىم سۆزلەپ باقسۇن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا مەنىلىك بېقىپ، — ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن بىزگە يول چى-قىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بۇرۇنقى زاماندا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى نەمەت خەلپەت، — بىر تاغدا بىر توپ ھايۋانلار ياشايدىكەن. تۇرۇپلا بىر كۈنلەرگە بارغاندا بۇ تاغدا بىر ئاچ بۆرە پەيدا بولۇپ قېلىپ، ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ، يەپ بولالمىغانلىرىنىڭ قارنىنى يېرىپ

ئۇلارغا ھېچبىر ئارامچىلىق بەرمەپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان تېكە بىر كۈنى ھايۋانلارنى بىر يەرگە يىغىپ مەجلىس ئېچىپتۇ. «مېنىڭ بىر جۈپ قاتتىق مۈڭگۈزۈم بار، — دەپتۇ ئۇ دەسلەپ سۆز ئې-چىپ، — مەن ئاشۇ ئاچ بۆرىنىڭ بىقىنىغا بىر ئۇسسىدىغان بولسام، نەچچە دومىلىتىۋېتىمەن. ئېشەك ئاداشنىڭ بولسا تۇياقلىرى قات-تىق، ئۇ بۆرىنىڭ بېشىغا تېپىدىغان بولسا كۆزلىرىدىن ئوت چاق-نىتىپ مېڭىسىنى ئېشىلمەس قىلىۋېتەلەيدۇ. ھەممىسىنى دەپ ئولتۇرمىساممۇ ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى-مىز بار. شۇنداق ئىكەن، قاچانغىچە ئاچ بۆرىنىڭ زۇلۇم سېلىشى-غا چىداپ ئۆتىمىز؟» تېكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھايۋانلار ھايا-جانلانغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي شۇ كۈنىلا ئاچ بۆرە ئۇس-تىگە جازا يۈرۈش قىلىپتۇ. بۇ بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ تازا غالجىرلاشقان چاغلىرى ئىكەن. ھايۋانلارنىڭ سەپ تۈزۈپ كېلىۋات-قانلىقىنى كۆرگەن ئاچ بۆرە دەسلەپ ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ، بىردەم سولىنىپ ياتقاندىن كېيىن غەلىبىنىلا ئويلاپ، مەغلۇبىيەتنى ئوي-لىماي تەكەببۇرانە ھالدا سەپنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ كېلىۋاتقان تې-كىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. تېكى-نىڭ جان تەسلىم قىلغىنىنى كۆرگەن ئېشەك جېنىنىڭ تاتلىقلىقى-دىن بۆرىنىڭ بېشىغا تېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ، سەت ھاڭرىغىنىچە ئار-قىغا قاراپ قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۆرە ئارقىدا قالغان ھايۋانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ۋەھشىيلەرچە ھالدا جەھەننەمگە ئۇزاتقىلى تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىردەملىك ھايا-جان ئىلكىدە ھېچبىر پىلانسىز ئىلىپ بېرىلغان بۇ ھايۋانلار توپى-لىڭى ئۆز جېنىنى بۆرىگە سېلىپ بېرىش بىلەن نەتىجىلىنىپتۇ.

نەمەت خەلپەتنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەن ھامان ئەتراپتىن غۇدۇ-راش ئاڭلاندى:

— نېمە دەيدىكىن دېسەك، سۇللا بىر گەپنى قىلىۋاتىدىلاغۇ خەلپىتىم، يا بىز تېكە، ئېشەك بولمىساق...

— خەلپىتىم توغرا ئېيتىدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى مەخسۇت

مۇھىتى، — بىزدە يەنە «پىلانسىز ئىش، قېلىپسىز خىش» دېگەن ھېكمەتمۇ بارغۇ. بۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئىش. قوزغىلاڭ دېگەنگە ئالدىراش بىلەن بىر ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىز دەپلا تېككىگە ئوخشاش ئۆزىمىزدە بار كەتمەن، گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقساق، ياۋنىڭ قولىدىكى مىلتىقنىڭ ئوقىدا خۇددى بۆرىنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقى ئاستىدا جان بەرگەن ھايۋانلاردەك ئاقىۋەتكە قالىدىغان گەپ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن پۇختا بىر پىلان بولۇشى، قوزغىلاڭچىلارنى يېتەكلەيدىغان بىلىملىك يولباشچى بولۇشى، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرىدىغان، دۈشمەن قورالى بىلەن ئارا تۇرالايدىغان قورال بولۇشى لازىم.

— «كۆپ تۆكۈرسە كۆل بولۇر» دېگەندەك ھازىر بىزدە 10 — 20 تالدەك قورال بار. بىر يەرگە توپلاپ تەۋەككۈل دەپ قوزغالساقلا بىر يەردىن چىقاتتى.

— يولباشچى قىلىمىز دەپ خوجىنىياز ھاجىنى ساقلاپ چاچلىرىمىز ئاقىرىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئاغىنىلەر، سۆزلىرىڭلار توغرا، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى، — بۈگۈن ئوغلاقچا توپلاشقان خەلقنىڭ غەيرىتى يالغۇز ئوغلاقنى ئەمەس، بەلكى سىڭگىمدىن لەمجىنگىچە سوزۇلغان ئىدىقۇت تېغىنى تارتىسمۇ، سوزۇپ قۇمۇلغا يەتكۈزەلىگۈدەك بولسۇن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۆزىدىن رازى بولغان كۆپچىلىك بەھۇزۇر كۈلۈشتى. شائىر يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— باياتىن بېرى مەخسۇت ئاكام ئېيتقاندەك تەشكىلىي ئاساسىمىز بولۇشى كېرەك. بولمىسا خەلپىتىم ئېيتقان ھېكايىدىكىدەك ئاقىۋەتكە قالىدىغان گەپ.

— بىز قۇمۇلغا ئەۋەتكەن ئادەم تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئارقىسىدىن سۆز باشلاپ، — ئەۋەتكەن ئادىمىمىز كەلسە، بىرىنچى قەدەمدە قۇمۇللۇق قېرىنداشلار بىلەن

ئالاقە باغلاپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ئىش قىلساق ئوڭ بولارمىكىن دەيمەن، شۇنداق قىلساق توغرا بولامدۇ، قانداق؟

ئۇ ئەتراپقا تەكشى قاراپ چىقتى. ئوغلاقچىلار بىردەك:
— چۇشەندۇق، ئەسلىي خەلپىتىم گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا توزۇلا دەۋەرسە بولاتتى. بولمىسا بىزدەك قارىتورۇك ئادەملەر تەتۇر چۇشىنىپ قالىدىكەنمىز، — دېيىشكىنىچە قوللىرىنى چايقىشىپ، خىزمەتچىلەر تەييار قىلغان داستىخاندىكى گۆشكە تۇتۇش قىلدى.

*　　　　*　　　　*

ئوغلاقچىلار تاماقتىن كېيىن يەنە بىرمۇنچە پاراڭلىشىپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن مەنىۋى ئوزۇقلار ئېلىپ، كۆڭۈللىرىنى يورۇق قىلىشقىنىچە ئۆز ئۆيلىرىگە جۆنەشتى. بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتمۇ تالاغا قاراپ ماڭدى.
— خوش، خەلپىتىم، سەپەر قاياققا؟ — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چاقچاق قىلدى.
— مەنمۇ ئەتىگەنكى يەرگە قاراپ باقاي، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، — خۇدا خالىسا ئەتە ئەتىگەندە يەنە مەخسۇت باينىڭ ئۆيىدە پەيدا بولىمەن.

ئۆيدە قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھىسامىدىن زۇفەر قاتارلىق كىشىلەر ئۆزئارا يەنە نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشىپ تۇن نىسپى بولغاندا ئاندىن ئارام ئالماقچى بولۇشتى. ئۇلار چوڭ مېھمانخانىغا ئورۇن سېلىپ يېتىشماقچى بولۇپ تۇرغاندا تالادىن جىرىڭلىغان زىل قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەخسۇت باي چۆچۈپ، گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قايتىدىن تىڭشاپ:
— يۇسۇپ كەلدىغۇ دەيمەن، — دېدى.

قوڭغۇراق ئاۋازى يېقىنلاپ بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ

مۇھىتىلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— كەلدى، چوقۇم شۇ،— مەخسۇت مۇھىتى چاپىنىنى يې- پىنچاقلاپ چىقىپ كېتىپ، بىر هازادىن كېيىن يۇسۇپنى يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىردى. بۇ چاغدا يۇسۇپ تالادىكى سوغۇقنىڭ دەستىدىن توڭلاپ كەتكەن بولۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىدا مۇز قاتقان، كال- پۇكلىرى سوغۇقتىن ئۇمچەرەپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇچىسىدىكى كۆك جۇۋى- سىنى سېلىپ تاشلاپ، ئارانلا مەشنىڭ ئالدىغا كېلەلىدى. بۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتى پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئۇلگۇرگەن بولۇپ، ئۇ مەخسۇت مۇھىتى سۇنغان قىزىق چاينى ئىچكەندىن كېيىن، بەدەن- لىرى ئىللىپ، باشقىدىن جان كىرگەندەك بولدى ۋە سۆزگە كى- رىشتى:

— بۇگۇن سوغۇق بەك قاتتىق بولدى،— دېدى ئۇ،— يولدا ئارام ئېلىپ ئەتە كېلەي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن ھەرقايسىڭىزلارنى ساقلىتىپ، ئەنسىرىتىپ قويماسلىق ئۇچۇن سوغۇق بولسىمۇ چى- داپ كېلىۋەردىم.

— ھېلىمۇ سالامەت قايتىپ كەپسەن!

يۇسۇپ ساقال ـ بۇرۇتلىرىدىكى مۇزلارنى تازىلىغاچ پاراڭغا چۈشتى.

— خوجىنىياز ھاجى بىلەن كونا تونۇش ئىكەنسىزغۇ!— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— قانداق دەيسەن؟

— ئۇ كىشى خەتنى كۆرۈپلا ئاستانە مەدرىسىدە بىللە ئوقۇۋات- قان چاغلاردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇر- دى.

— تۇرپان تەرەپلەرگە ئۆتۈش توغرىسىدا بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— هازىرچە چىقمايدىكەن، ئاۋۋال قۇمۇل تەرەپلەردىكى ئىش- لارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتىمەن دەيدۇ. ئۇ تەرەپتىكى ئىشلارمۇ بەك جىق ئىكەن. هازىرقى كۈندە

قۇمۇل تەرەپتىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئاز دېگەندىمۇ 5000 — 6000 دىن كەم ئەمەسكەن، نەگىلا قارىسىڭىز ئەسكەر-نىڭ تولىلىقىدىن ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىپ قۇسقۇسى كېلىدىكەن. تاغلارنىڭ ھەممە ئېغىزلىرىنى دېگۈدەك شۇلار ئىگىلىۋاپتۇ. مې-نىڭ قۇمۇلغا بېرىشىم ۋە كېيىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىشىم بەك قىيىن بولدى. يولدا ئېتىلىپ كەتكىلى قىل قالدىم. ئۇرۇش دېگەنمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. قۇمۇل دېگەن 12 تاغ بولغاچقا، ھەرقاي-سى تاغلىقلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئاراتۇرۇكتىكى ئابدۇنىياز مى-راب، نېرىنكىردىن سادىق قورمال، نومدىن پازىل دورغا، شوپۇل-دىن سالى دورغا، باركۆلدىن باقىنىياز دورغا دېگەندەكلەر ھەرقاي-سىسى ئۆز تەۋەلىرىدىن بىرەر يۈزدىن پالگانلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ توسۇپ ئۇرۇش قىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يولۋاس، بېشىر ۋاڭ دېگەنلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ 100 — 200 چە ئاتلىق پالگانلىرى بار ئىكەن. كۆچ ئەنە شۇنداق پارچە - پارچە بولۇپ، يول ئارىسى يىراق بولغانلىقتىن، بىرەر يەرگە ئوڭايلىقچە جەم بولالمايدىكەن. ئەگەر جەم بولىدىغان بولسا بىرەرمىڭ ئاتلىق ئادەم بولىدىكەن. يەنە باركۆل قازاقلىرىدىن ئايامەت، نۇرغالى دېگەنلەر-نىڭمۇ بىرەر يۈزدىن ئادىمى بار بولۇپ، بەزىدە خوجىنىياز ھاجىغا بولۇشۇپ جەڭ قىلىدىكەن. قۇمۇلنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق تارقاق ھالەتتە ئىكەن.

— تاغ يېرى بولغاندىكىن ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە.

— تاغلىقلار تاراتىدا بىر يىغىن ئېچىپ خوجىنىياز ھاجىنى ئۆزلىرىگە باش قوماندان قىلىپ سايلاپتۇ. ھەممە ئادەم خوجىنىياز ھاجىغا بويسۇنىمىز دېسە، يولۋاس دېگىنى بىرئاز گەدەنكەشلىك قىلىدىكەن. ئۆزى شەرقىي تاغدا تۇرۇۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، يول توسۇپ، كارۋانلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئەل ئىچىدە يامان تەسىر قوزغاپتۇ. تاغلىقلار بۇنى ئاڭلاپ، يولۋاسنى تۇتۇپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا ئىتائەت قىلدۇرۇش توغرىسىدا قەسەم ئىچىپتۇ.

— قۇمۇلدا تۇرۇپلا گا سىلىڭ دېگەن بىرنېمە پەيدا بولۇپتۇ دېۋىدى، ئاڭلىساق هازىر يەنە قايتىپ كېتىپتۇدەكقۇ،— مەخسۇت مۇهىتى بۇ توغرىدا ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن يۇسۇپتىن سورىدى.

— گا سىلىڭ دېگەن بۇ هارامزادە بەكمۇ يامان نېمىكەن. ئۇ 17 يېشىدىلا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا يىگجاڭ بولۇپ، 20 يېشىدا باش قوماندان بولغان سېرىق تۇك نېمىكەن. شۇڭا ئۇنى گا سىلىڭ، بالا سىلىڭ دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئۇرۇشقا كەلگەندە قالتىس جىگەرلىك، يامان نېمىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بىر ئاجىزلىقى، ئۆزىگە بەكمۇ تەمەننا قويىدىغان كىبىرى ئۈستۈن نېمىكەن. ئۇنىڭ ئادەملىرى بولسا ئاچ قالغان بۆرىلەردەك ئۆلجىغا بەك ئامراق ئىكەن.

— ئادىمى كۆپمىكەن؟

— ئەسلىدە 200 دەك ئادەم 90 تالدەك قورال بىلەن چىقىپ-تىكەن،— دېدى يۇسۇپ ما جۇڭيىڭ توغرىسىدا ئىزاهات بېرىپ،— ئۇنىڭ يامانلىقىنى شۇ يەردىن بىلىۋېلىش مۇمكىنكى، 200 دىن ئادەمنى بىرقانچە زۇڭدۇيلەرگە ئايرىپ، تۇەنجاڭ، لۈي-جاڭ دېگەندەكلەرنى تەيىنلەپ، ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن ئاق ئاتلىق، قارا ئاتلىق قاتارلىق تۇرلەرگە ئايرىپ، ئاز ئادىمىنى جىق قىلىپ كۆرسىتىپ قويۇپ، ئاندىن خوجىنىياز هاجى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا هۆكۈمەت تەرەپتىن جاڭ لياڭچىڭ، خې جىڭكۇي ئىسىملىك ئىككى تۇەنجاڭ 2000 غا يېقىن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئاراتۇرۇككە باستۇرۇپ كەپتۇ. تاغلىقلار ئۇلارنى كۆمۈر تېغى ئىچىگە ئالداپ ئەكىرىپ، غول ئىچىدە تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ يوقىتىشقا مەسلىهەتلىشىپتۇ. دۈشمەن ئالدىنىپ غول ئىچىگە كىرگەندە تاغلىقلار تەرەپ - تەرەپتىن هۇجۇمغا ئۆ-تۈپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپتۇ. گا سىلىڭنىڭ تورۇق ئاتلىقلار قىسمىدىكى ما جىڭخەي تۇەنجاڭ دېگىنى ئىككى قولىغا بىر تالدىن ماۋزېرنى ئېلىپ تاراسلىتىپ ئاتقىنىچە ئۇرۇشقا قوماند-

دانلىق قىپتۇ. پىيادە قىسىملار بىرئاز بوششىپ قالغاندا گا سىلىڭ قولىغا ئۆزى تاپانچا ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. دۈشمەنلەر-نىڭ جاڭ تۈەنجاڭ دېگىنىگە ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇرۇش ناھايىتى جىددىي بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن قىلىنغان شىددەتلىك ھۇجۇم نەتىجىسىدە خې تۈەنجاڭ دېگىنى ئاق بايراق چىقىرىپ، بىرەر مىڭدەك ئەسكىرى بىلەن تەسلىم بوپتۇ. گا سىلىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئەپيۇنخورلارنى بىر يەرگە ئېلىغاپ، تەندۇرۇس، بېجىرىملىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋې-لىپ، ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ قوراللىرىنى تولۇقلىۋاپتۇ.

— لودۇڭ سوقۇشىدا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپتۇ دەيدىغۇ؟

— ئۇرۇمچى تەرەپ جاڭ تۈەنجاڭ، خې تۈەنجاڭلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، بارىكۆلنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ لو زىخۇي (شياۋزۇ) دېگەننى قوماندان قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ قارمىقىدا دۇ جىگۇ بىرىگادىسى (لۈي)، 10 روتىدىن (لىيەن) تەركىب تاپقان كۈچلۈك قىسىم بار ئىكەن. ئۇلار لودۇڭدا ئاكوپ قېزىپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈپتۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن گا سىلىڭ ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغاپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن دۈشمەن تەرەپ گا سىلىڭ ئۆلدى، دەپ خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە گا سىلىڭ قوشۇنلى-رى ئەمدى قوماندانىمىز ياردار بولدى، دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ روھىي جەھەتتىن بوششىپ پاسسىپ ھالەتكە يۈزلىنىشكە باشلاپ-تۇ. ما جۇڭيىڭ بولسا ياردار بولغىنىغا قارىماي ئورنىدىن تۇرغى-نىچە يەنە ئېتىغا مىنىپ، ئىككى قولىغا بىردىن ماۋزېرنى ئېلىپ تاراسلىتىپ ئوق ئۈزۈپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. قوماندانىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۆرگەن ئەسكەرلەر يەنە ئۆز ئىسكەتىگە قايتىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. بۇ تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ بىرىنچى سېپىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ. ئىككىنچى سەپتىكى دۈشمەننىڭ بىرىگادا سەنمۇجاڭى فېي جەندىگە ئوق تېگىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇ جىگۇ بىرىگادىسى ئالاقزادە بولۇپ، يەتتەقۇدۇق تەرەپكە قېچىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن ئۇلارنى يەنە بىر قىسىم تاغلىقلار توسۇپ زەربە بېرىپتۇ، موڭغۇل تۆەنجاڭ ناسىڭ باتۇرمۇ بۇ جەڭدە ئۆلۈپتۇ. بىرىگادا باشلىقى دۇ جىگۇ بۇ مەغلۇبىيەتكە چىدىيالماي ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن پۈتۈنلەي تارمار بوپتۇ. بۇ قېتىممۇ ما جۇڭيىڭ يەنە ئۇستاتلىق قىلىپ دۈشمەنلەردىن غەنىيمەت ئالغان توققۇز پىلىموت، ئىككى دانە زەمبىرەك، نەچچە يۈز تال مىلتىق ۋە نۇرغۇنلىغان ئوق ـ دورىلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇللۇقلار لودۇڭ ۋە ئاراتۇرۇكلەردىكى جەڭدە دۈشمەنلەردىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ گا سىلىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق خاپا بوپتۇ.

— ئەسلىدە گا سىلىڭنى كىرگۈزۈپ خاتا قىلغان، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، — ئۇ دېگەن قۇمۇللۇقلارغا ياردەم بەرگىلى ئەمەس، بەلكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قېنىۋالغىلى چىققان نېمە. خوش، يەنە قىزىل موڭغۇلدىن ئادەم كەپتۇ دەپ ئاڭلايمىز، بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ يەردىن كىملەر كېلىپتۇ؟

— قىزىل موڭغۇلدىن جامسىن دورغا دېگەن بىر موڭغۇلنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئۆمەك چىقىپتۇ. ئۆمەك تەركىبىدە ئاباۋ (قازاق)، نىياز (ئۇيغۇر)، قاسىم قازاق، ئىسمائىل داتو، زوردۇن ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. جامسىن دورغا دېگىنى: «بۇرۇن بىزمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئېزىلگەنىدۇق. ئاخىرى ئىنقىلاب قىلىپ ئازاد بولدۇق. شورالار ھۆكۈمىتى بىزگە جىق ياردەملەرنى قىلدى. ئۇلار سىزلەرگىمۇ ياردەم قىلىدۇ» دەپ جىق چۈشەنچە بېرىپتۇ. ئاندىن ئۆزىمۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرقانچە قېتىملىق سوقۇشلارغا قاتنىشىپ، تاغلىقلارنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى مەدھىيىلەپتۇ. ئۇ كىشى

يەنە كۆپرەك ئىتتىپاق بولۇشنى تەكىتلەپتۇ. جامىسىن دورغا قايتـ
قاندا خوجىنىياز ھاجى ئىسمائىل ئاخۇن، زوردۇن ئاخۇن، سالى
دورغا دېگەن كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ تاشقى موئىغۇلىيىگە ۋەكىل
ئەۋەتىپتۇ. ۋەكىللەر تاشقى موئىغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلەـ
شىپ بىرمۇنچە مىلتىق، ئوق - دورا، يامغۇرلۇق كىيىم، ئۆـ
تۈك، ئېگەر قاتارلىق ماددىي ياردەملەرنى ئەكەلگەندىن كېيىن،
تاغلىقلارمۇ خېلى كۈچلىنىپ قاپتۇ.

— بىز يازغان خېتىمىزدە قىزىل موئىغۇلدىن، شورالار ھۆـ
كۈمىتىدىن ياردەم قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇق. بۇ
توغرىدا بىرەر گەپ - سۆز يوقمۇ؟

ئەسلىدە مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار خوجىنىـ
ياز ھاجىغا يازغان خېتىدە ئۇلارغا شورالار ھۆكۈمىتى ۋە تاشقى
موئىغۇلىيىدىن ياردەم قوبۇل قىلىش توغرىسىدا مەخسۇس توختالغاـ
نىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ تۇرپاندا تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ
غېمىنى يەۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، چەكسىز خۇـ
شاللىقتا چۆمگەن ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقانىدى.

— جىق ھەشقاللا ئېيتتى. «تۇرپانلىقلارغا، مەخسۇت بايلارغا
كۆپتىن كۆپ رەھمەت، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ھامان بىر كۈنى ئېلىـ
ۋالىمىز» دېدى.

— ھەممىدىن ياخشىسى تۇرپانغا چىقسا ياخشى بولار ئىـ
دى، — دېدى ھىسامىدىن زۇفەر ھەسرەت چېكىپ.

— ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قۇـ
مۇلغا مەركەزلەشتى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ مۇھاكىمە يۈرـ
گۈزۈپ، — بۇنداق شارائىتتا خوجىنىياز ھاجى ئاساسىي كۈچىنى
قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، ئازلا ئادەمى بىلەن تۇرپانغا چىققان بولسا،
دۈشمەننىڭ كۈچلىرى پارچىلىنىپ كەتكەن بولار ئىدى.

— تۇرپانلىقلارنىڭمۇ تەييار بولۇپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا يەنە
خەت ئەۋەتەيلى، — دېدى ھىسامىدىن زۇفەر.

— بۇ قېتىم مەن باراي، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيـ

غۇر،— قۇمۇلغا ئۆزۈم بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ كەلمىسەم بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— سىز بۇ كىشىدەك ئىشەكچىلىككە يارىماي قالارسىزمى۔كىن،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى ھارغىنلىقتىن ئولتۇرغان جايىدىلا قىيسايغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىشەكچى يۇسۇپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— بىچارە بەك چارچاپ كېتىپتۇ. بىزمۇ ئارام ئالايلى، ئەتە يەنە قىلىدىغان ئىشلار كۆپ. سائەت 3 تىن ئېشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قىڭغىيىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پىچاندىكى چوڭ قىرغىن

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىدى...

تاڭ سۈزۈلۈپ بامدات نامازغا ئاز قالغان چاغدا پىچان ئاسمىنىدا ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ، كوچىلاردا ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، چاپقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن پىچان خەلقى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، دېرىزە، ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىشىپ، تالانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا «قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجى چىقتى. مۇسۇلمان بولساڭلار جەڭگە تەييار بولۇڭلار» دېگەن ئاۋازلار ياڭراشقا باشلىدى. «قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ...» دېگەن خەۋەر خۇددى سۈزۈك ئاسماندا چاقماق چاققاندەك ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا تارقىلىپ، ئۇزۇندىن بۇيان مۇستەبىت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىنىپ كېلىۋاتقان پىچان خەلقى ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، تاياق ـ توقماقلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە جەڭگە تەييار بولدى.

«ھە، خوجىنىياز ھاجى ئاتىمىز چىقىپتۇ ـ دە، زالىملاردىن ئەمدى قۇتۇلغۇدەكمىز...»

كۆڭلى خۇددى بوراندىن كېيىن ياغقان يامغۇردا تازىلانغان ھاۋادەك يوپيورۇق بولۇپ كېتىشكەن كىشىلەر قەلبى لەرزىگە كېلىپ كۈچىگە غايىبتىن يېڭى بىر كۈچ قوشۇلغاندەك بولۇپ، خۇشاللىقىدا بارلىقىنى ئۇنتۇشقىنىچە سوقۇش بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى.

يالغانچىلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ھەقىقىي ئەھۋالنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك پارقىراپ چىققان كۈننىڭ نۇرىدا پىچان شەھىرى نۇرغا تولۇپ، ھەممە ئىش ئاشكارا بولدى. ئۇزاقتىن

بۇيان جەبىر ـ زۇلۇم دەستىدىن جانلىرىدىن جاق تويۇشۇپ، قۇ-مۇلدا ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىغا غايىبانە ئەقىدە باغلىغان كىشىلەر خوجىنىياز ھاجىنى بىر كۆرۈۋېلىش، ئۇنى تاۋاپ قىلىپ پەشلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى، لېكىن سوقۇش بولۇۋاتقان جايدا ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

«خوجىنىياز ھاجى ئۆزى چىقماپتۇ، ئۆزى ئورنىدا ما شىمىڭ بىلەن تۆمۈر بوتۇڭ دېگەن ئادىمىنى چىقارتىپتۇ…»

دەرۋەقە شۇ كېچىسى ما جۇڭيىڭ ئىچكىرىگە كەتكەن چاغدا قالدۇرۇپ قويغان ما شىمىڭ، تۆمۈر بوتۇڭلار 50 ئاتلىقچە ئادەمى بىلەن پىچانغا يېتىپ كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىغانىدى. ئۇلار قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن «شەرقىي يولنىڭ غالىب سەركەر-دىسى» دەپ ئاتالغان شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى سوقۇشۇپ، خوجى-نىياز ھاجى مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ تاغقا قاراپ چېكىنگەن چاغدا ئاستىلا ئۇلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، پىچانغا قاراپ يولغا چىققان، «خوجىنىياز ئەۋەتتى» دېگەن پەتىۋا بىلەن پىچان خەلقىنىڭ مايىل-لىقىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە ھۇجۇم قوزغىغانىدى. بۇ ئۇلار-غا سىڭىشىپ كەتكەن ئادەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پىچان خەلقىنىڭ قولى ئارقىلىق دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، تەييار ئولجىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆز كۈچىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئىدى. ئۇرۇش داۋام قىلماقتا. شەھەر ئىچىدە تۇرۇشلۇق بىر پولك ھۆكۈمەت ئەسكىرى بىلەن بىر باتالىئون ئاتلىق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى دەرۋازىلارنى چىڭ تاقىغان پېتى مۇداپىئە ھالىتىدە تۇراتتى. «پىچانغا خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ» دېگەن بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە قاراغوجا، ئاستانە، تۇرپان، توقسۇنلارغىچە يېرىپ يەتتى. بۇ خەۋەرنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئاستانە-دىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا توقسۇنلۇقلار قوزغىلىپ توقسۇن شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، قا-

راشەھەر، كورلا تەرەپلەرگە قاراپ ھەرىكەتلەندى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى شېڭ شىسەيگە تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىكى قوزغىلاڭنى جىددىي باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بۇ بۇيرۇق شۇ كۈنلەردىكى شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن بولۇپ، قوشۇندىكى سوقۇشتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمىنى گەنسۇغا، بىر قىسمىنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ تېرىسىگە سىغماي قالغان شېڭ شىسەي «ئەمدى تاغلىقلارنى تارمار قىلدىم، ئۇلار مەڭگۈ باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە بېرىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىم كېرەك» دەپ چوت سوقۇۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن دېگەندەك بۇ ئىش چىقىپ، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى.

«خەپ، ئەمدى رېئاللىققا يۈز تۇتقان خىياللىرىمنى بەربات قىلدىڭ» دەپ قاتتىق ئاچچىقلانغان شېڭ شىسەي دەرھال قول ئاستىدىكى كاللا كېسەرلىكتە داڭق چىقارغان شۈن يافو بىرىگادىسىنى پىچانغا قارىتىپ ئالدىن يولغا سالدى. شۈن يافو بىرىگادىسى كېچە ـ كۈندۈز تېز ئىلگىرىلەپ، پىچانغا كېلىپلا ما شىمىڭ، تۆمۈر بوتۇڭلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە تۆمۈر بوتۇڭ ئۆلۈپ، قاتتىق مەغلۇپ بولغان ما شىمىڭ قۇيرۇقىنى خادا قىلغىنىچە دىغارغا قېچىپ بېرىۋالدى.

شۈن يافو بىرىگادىسى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، شەھەر خەلقىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. كوچا ـ كويلاردا بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قېنى سەلدەك ئاقتى. نۇرغۇن ئاياللار ئەرلىرىدىن، سەبىي باللار ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ ئىگە ـ چاقىسىز يېتىملارغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ ما شىمىڭ، تۆمۈر بوتۇڭلارنىڭ باشباشتاقلىق قىلىپ قوزغىغان ھۇجۇمى بىرەر مىڭدەك بىگۇناھ پۇقرانىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى بىلەن خۇلاسىلەندى.

* *

بۇ چاغدا ئاستانىدە ئەھۋال تېخىمۇ قىزىق بولدى. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن بىر ئىشان پەيدا بولۇپ، كوچا بېشىدا ئىنقىلاپ توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقان ياشلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن ھازىر تۆپۈق غوجامدىن كەلدىم، خوجىنىياز ھاجى ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن پىچانغا ئادەم چىقارتىپتۇ. شۇڭا بىزمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ، يۇرتىمىزدىكى كۇپپارلارنى ئۆلتۈرمىكىمىز لازىم،— دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشلىدى.

بۇنىڭدىن كاللىسى قىزىپ كەتكەن ياشلار ئاستانىدىكى گۆرۈ-كەش، ئەپيۈنكەش، دۇكاندار خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قوللىرىدىكى تاياق - توقماقلار بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى ۋە گۆرۈكەشلەرنىڭ قەرز يىغىدىغان دەپتەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، دۇكانلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى چېقىشقا باشلىدى ھەمدە يۇرت خەلقى بىلەن ئەزەلدىن ئۆم، ئىناق بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئۆيلۈك خەنزۇلارغىمۇ تەھدىت سالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەخسۇت مۇھىتى ۋە نەمەت خەلپەتلەر ۋەقە چىققان جايغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى توسۇدى.

— ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئاددىي پۇقرا تۇرسا،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى غەزەپ بىلەن،— ئەر بولساڭلار زالىم ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرماي، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان پۇقرالارنى بوزەك قىلىشقا يۇزۇڭلار قانداق چىدىدى؟!

— ئۇلار دېگەن كاپىر تۇرسا،— دېدى ئارىدىن بىرى نارازى بولۇپ.

— ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى دېگەن ئايرىم ئىش،— دېدى نەمەت خەلپەتمۇ گۇرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ،— «قۇرئان كەرىم» دە دىنسىزلار بىلەنمۇ ئىناق ئۆ-تۈش توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەتلەر پۈتۈلگەن. ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامۇ ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنسىزلار بىلەن ناھايىتى ئىتتىپاق ئۆتكەنىكەن. ئۇلار بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزغا بىرەر زەرەر يەتكۈزمىسىلا ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىشقا بولمايدۇ.

نەمەت خەلپەت ۋە مەخسۇت مۇھىتىلاردىن بىرمۇنچە تەنبىھ ئىشتكەن ياشلار ئۆزلىرىنى قۇتراتقان ئىشاننى خېلى ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىش چىڭىغا چىقىپ قالغاندا بۇ ئىشان ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق ئىدى.

*　　　　　　*

خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىچانغا چىققان - چىقمىغانلىقىنى ئىنقلاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئاستانە قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى مەخسۇت مۇھىتى ئۆز يېقىنلىرىدىن ئىمىن باي، نىياز ۋاجىدى، ھەمدۇللا ۋاجىدى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە پىچانغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار بىرمۇنچە يول يۈرۈپ لۈكچۈنگە كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى، پىچانغا چىققان كىشىنىڭ خوجىنىياز ھاجى بولماستىن، بەلكى ما شىمىڭ باشلىق چېرىكلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇن يافو بىرىگادىسىدىن يېڭىلىپ، لۈكچۈننىڭ دىغار دېگەن يېرىگە بېرىۋېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقتى.

ما شىمىڭ مەسىلىسىگە كەلگەندە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشى تازا قاتتى. ئۇنى تەكلىپ قىلاي دېسە، ئۇنىڭ تۈزۈكرەك ئادىمى يوق بولۇپ، ئىنقىلابقا پايدىسىز ئىدى. تەكلىپ قىلماي دېسە ئاستانىلىكلەر ئاللىقاچان قوزغىلىپ كەتكەن بولغاچقا، دۈشمەنلەرنىڭ باستۇرۇپ كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بۇ ئىشقا تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە نەمەت خەلپەت كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، خەلپىتىم، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئويچان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالەتتە، — يانلىرىغا ئادەم چىقارتاي دەپ تۇرغان…
— نېمە ئىش بولغاندى؟…
مەخسۇت مۇھىتى ئالدىراپ سۆزگە كىرىشتى:
— نېمە ئىش بولاتتى، ما شىمىڭنىڭ مەسىلىسىگە كەلگەندە بېشىم قېتىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.
— ئەسلي بولسىغۇ ئارىغا ئالماسلىق كېرەك ئىدى ئۇ مەل- ئۇننى، — دېدى نەمەت خەلپەت سالماق تەلەپپۇز بىلەن، — چۈنكى پىچان خەلقىگە قىلغىنى ئازمۇ ئۇنىڭ، لېكىن ھازىرقى شارائىتتا ئاداۋەتنى بىر ياققا قايرىپ تۇرمىساقمۇ ئەپلەشمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى ئەمدى بىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدۇق. دۈشمەننىڭ باستۇ- رۇپ كېلىشى مۇقەررەر. ما شىمىڭ بولسا ھەر ھالدا ھەربىي ئادەم، ئۇنىڭ چېرىكلىرىمۇ مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم ئالغان نېمە- لەر، ئۇلارنى تەكلىپ قىلساق ھېچبولمىغاندا، ئۇلارغا قاراپ پىدا- ئىيلىرىمىزنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
— مەنمۇ شۇنداقراق ئويدا بولۇپ تۇرغان، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.
دەرۋەقە بۇ چاغدا ھاۋا كىلىماتى ۋە تەبىئىي شارائىتى ناچار دىغاردا لالما ئىتتەك پىتىراپ يۈرگەن ما شىمىڭ مەخسۇت مۇھىتى- لارنىڭ ئۆزىنى چىللاپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، چۆلدە سۇ- سىز قالغان يولۇچى بىر خىسلەتلىك بۇلاققا ئۇچراپ قالغاندەك خۇشاللىققا چۆمۈپ دەرھال ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇنىڭ- دىن خەۋەر تاپقان شۇن يافو بىر بۆلۈك ئەسكەر ئاجرىتىپ، ئۇنى تاكى مۇرتۇقچە قوغلاپ باردى. بۇ چاغدا «پىچانغا خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەردىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان 70 — 80 دەك توقسۇنلۇق ياش شۇن يافونىڭ ئادەملىرىگە ئۇچراپ قالدى. غال- جىرلاشقان ئەسكەرلەر قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان بۇ پىدا- كار ئەزىمەتلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلىدى.
شۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ تورپاندا تۇرۇشلۇق

قىسىملىرىنىڭ باشلىقى ما لۇيجاڭ (ما داخەنزە) ئاستانىدىكى قوز-غىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر چىقارغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، جازا قوشۇنىغا قارشى تۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. بۇ قېتىمقى مەسلىھەت-تە ھەمدۇللا داموللا، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، نەمەت خەلپەت، سەمەت ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

— شۇن يافو دېگەن جاللات پىچاننى قانغا بويىدى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئاچچىق بىلەن، — ئەمدى تۇرپاندىكى ما داخەنزە دېگەن جاللاتمۇ ئاستانىنى قانغا بويىماقچى.

— پىچانلىقلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن توقسۇنلۇق ئۇكاللارچۇ تېخى، — دېدى بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتمۇ سۆز ئېلىپ، — ئۇكاللار قوزغىلاڭغا قاتناشماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەندى. قاچان بولسا بىر ئۆلۈم، دەپ قوزغالمىساق بىزمۇ شۇلارنىڭ ئاقىۋىتىگە دۇچار بولىمىز.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى مەسلىھەتتە جازا قوشۇنىغا قارشى تۇرۇش قارار قىلىندى. ھەمدۇللا داموللام يۇرت خەلقىنى جەڭگە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ دۇئا بەردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاستانە خەلقى قوزغىلىپ، ئۆز بېشىغا كۆلپەت باشلاشنى نىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان جازا قوشۇنىغا قارشى كۆرەشكە تەييارلىنىپ تۇردى. مەخمۇت مۇھىتى ۋە سەمەت ھاجىلار قولىدا قورالى بار بىر تۈركۈم پىدائىيلارنى ئۈيۈشتۇرۇپ بازارنىڭ ئىككى بېشىغا ئورۇنلاشتى. قورالى يوق پۇقرالارمۇ قوللىرىغا ئارا - كەتمەن ئېلىپ، ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقاپ ئۆگزىلەرگە چىقىپ يوشۇرۇ-نۇپ تۇردى.

چۇشكە يېقىن بولغاندا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 100 گە يېقىن ئادەمدىن تەشكىللەنگەن جازا قوشۇنى ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار بازار بېشىغا كېلىپلا ئاسمانغا قارىتىپ 10 — 20 پاي ئوق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا ھۇجۇم باشلاندى. پىدائىيلار

www.uyghurkitap.com

دۈشمەنىنىڭ ئالدى ـ كەينى تەرەپلىرىدىن ئېتىپ، هايت ـ هۈيت
دېگۈچىلا دۈشمەنىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىنى جەهەننەمگە يولغا
سالدى. ئۆگزىلەردە ماراپ ياتقان خەلق بولسا چالما ـ كېسەكلەرنى
ئېتىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىپ، ئۇلارنى
ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بۇ خىل ئەهۋالدىن گاڭگىراپ كەتكەن دۈش-
مەن ئەسكەرلىرى خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان هەرىلەردەك هەريان
پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار هەرقانچە پىتىرىغان بىلەنمۇ
خالتا كوچىغا كىرىپ قالغان چاشقاندەك هېچ يەرگە قاچالمىدى.
بۇنىڭدىن روهلانغان خەلق چۇقان ـ سۈرەن بىلەن، تاياق ـ توق-
ماق، ئارا ـ گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇرۇپ سۇر ـ
توقاي قىلىش نەتىجىسىدە قېچىپ قۇتۇلغان ئىككى چېرىكنى هې-
سابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ هەممىسىنى يەر چىشلەتتى.

بۇ قېتىمقى غەلىبە ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار بىرەر يۈز تالدەك
مىلتىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار خېلىلا هەيۋەتلىك بىر قوشۇنغا ئايلان-
غانىدى. ئاستانە خەلقىنىڭ غەلىبىسى بىردەمدىلا قارىغوجا، لۈك-
چۈن، ياڭخى، مۇرتۇق ۋە باشقا يۇرتلارغا تارقاپ، ئۇ جايلاردىنمۇ
بىرمۇنچە ئادەم كېلىپ توپقا قوشۇلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاز-
لىقتىن كۆپىيىشكە باشلاپ، ئادەم سانى جەهەتتە 1000 — 2000
غا يەتكەنىدى.

# پىچانغا ھۇجۇم

ئاستانە خەلقىنىڭ غەلىبە خۇشاللىقىدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى تۆمۈر جىسا ھاجى بۇ خەۋەرنى ھىساملىدىن زۇفەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە لېتىپ ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرگە يەتكۈزدى.

— ئۇكىلىرىم، خۇش خەۋەر، ما لۇيجاڭ دېگەن لومودى ئەۋەتكەن ئادەمدىن ئاران ئىككىسى قۇتۇلۇپ قېچىپ كەپتۇ. قالغان. لىرىنى ئاستانىلىكلەر تولۇق يوقىتىپ، قورال - ياراغلىرىنى. سى تارتىۋاپتۇ.

— بارىكاللا! بارىكاللا!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مېنىڭچە، ئۇلارنى تۇرپانغا باشلايلى، — دېدى ھىساملىدىن زۇفەر، — بولمىسا ئۇلار پىچان شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىشى مۇم. كىن.

— ھازىرقى شارائىتتا پىچانغا ھۇجۇم قىلىش پايدىسىز، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەكىتلەپ، — چۈنكى پىچاندا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلدىنمۇ بىر بىرىگادا ئەس. كەر كېلىپ، بۇ جايغا توپلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پۈتۈن كۈچنى بىر يەرگە يىغىپ تۇرپان شەھىرىنى ئىشغال قىلىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۆزى ھەممەيلەن تەرە. پىدىن ماقۇل كۆرۈلۈپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلەمنى قولىغا ئې. لىپ، ئاستانىلىكلەرنى چىللاپ خەت يازدى. تۆمۈر جىسا ھاجى خەتنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئارقىلىق خەتنى مەخسۇت مۇھىتىغا يەتكۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرپاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان قوزغىلاڭچىلار بۇيرۇق بويىچە ياڭۋارنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىغىمۇ پىسەنت قىلماستىن كېچىچە يول يۈرۈپ، تۇرپان يېڭىشەھەر ئەتراپىغا كېلىپ بولدى.

ناماز بامداتقا چىللاپ ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ شەھەرگە ھۇجۇم باشلاندى. بۇ چاغدا بۇ ئەھۋاللاردىن ھۆكۈمەت ئارمىيىسى خەۋەرسىز بولغاچقا، بىغەملەرچە ئۇيقۇدا بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولۇپ تۇرغان باغرى، بۇيلۇق، يار، يارغول، يەمشى قاتارلىق شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ئاممىنى تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، توپ - توپى بىلەن كېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى. بۇيرۇققا بىنائەن ھېچكىم ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمىدى. توپلانغان نەچچە مىڭ ئادەم خۇددى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تەرتىپلىك ئىدى. يەمشىدىن 100 دىن ئارتۇق پىدائىينى باشلاپ كەلگەن ئابدۇسەمى باي ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن قوماندانلىق شتابقا كىرىپ ئەھۋال مەلۇم قىلىپ تۇرۇۋىدى، بىرەيلەن كىرىپ گۇچۇڭ تەرەپتىن شاپتۇللۇققا بىر تۈركۈم ئەسكەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ، شاپتۇللۇققا قاراپ ئاتلاندى. شاپتۇللۇقتىكى جەڭمۇ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى، گەرچە قورال كۈچى جەھەتتە دۈشمەن تەرەپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىق جەھەتتە قوزغىلاڭچىلار ئۈستۈن ھالەتتە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. دۈشمەنلەردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ھايات قالغان ئاز بىر قىسمى كونىشەھەردىكى ما لۇيجاڭ ئەسكەرلىرىگە بېرىپ قوشۇلۇۋالدى.

شاپتۇللۇق ئۇرۇشىدا 200 تالدىن ئارتۇق قورال ۋە بىرمۇنچە ئوق - دورىغا ئىگە بولغان قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى تېزلا تۇرپان يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھىسامىدىن

زۇفەرلەرنىڭ شەھەرنىڭ ئىچىدىن، مەخسۇت مۇھىتى ۋە نەمەت خەلپەتلەرنىڭ شەھەرنىڭ تېشىدىن ماسلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ئار-قىلىق، شەھەر ئوڭايلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يېڭىشە-ھەردىمۇ نۇرغۇن دۈشمەنلەر ئۆلۈپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى كونىشەھەرگە قېچىپ كەتتى. يېڭىشەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قول-غا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە بىر قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ چىقتى. ھەمدۇللا داموللام، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، ھىسامىدىن زۇفەر، ما شىمىڭلار قوماندانلىق شتاب تەركىبىدە، نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار شتابنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە كاتىپى بولدى.

*　　　　*

ئۇلار تۇرپان كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇستىدە ئىزدىنى-ۋاتقان چاغدا ئۈرۈمچى تەرەپتىن زور بىر قوشۇن يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېڭىشەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، كونىشەھەرگە بېرىپ ما لۇيجاڭ بىلەن بىرلىشىۋالدى. ئۈرۈمچى-دىن كەلگەن ئەسكەرلەر تولۇق قوراللانغان ئىككى باتالىئون پىيادە قىسىملار ئىدى. چوڭ قوشۇن بىلەن ما لۇيجاڭ قىسىملىرى بىر-لەشكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشمۇ ناھايىتى دەھشەتلىك بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ھىسامىدىن زۇفەر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پىداكار ئەزى-مەتلەر شېھىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرغان قوزغىلاڭچىلار خۇددى بۆركۈتلەردەك ئېتىلىپ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇپ، سېپىنى دەسسەپ - چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتتى. قالدۇق دۈشمەنلەر جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كونىشەھەرگە بېكىنىۋالدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ قېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىنى يەرلىككە قو-يۇپ، مۇسىبەت ئىلكىدە تۆرۈۋاتقان كۈنلەردە، ئۈرۈمچىدىن مۇ-

uyghurkitap.com

سۇل مۇھىتى ئەۋەتكەن بىر پارچە خەت ئۇلارنى جىددىيلەشتۇرۇ-
ۋەتتى. چۈنكى جىن شۇرېن تۇرپانلىق قوزغىلاڭچىلارنى توغراش
ئۈچۈن 500 دەك ئەسكەرگە 50 — 60 ھارۋىدا جادا، ئوق - دورا
بېسىپ تۇرپانغا ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى
يارغولدا كۈتۈۋېلىپ ئەجەللىك زەربىلەرنى بېرىپ، بىرمۇ دۈشمەن-
نى قاچۇرۇپ قويماي ھەممىنى ھالاك قالدى.

*　　　　　　　*

تۇرپان كونىشەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشى ما لۈيجاڭ (ما داخەن-
زە) نىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كې-
يىن، 3- ئاينىڭ باشلىرىدا باش قوماندان مەخسۇت مۇھىتى،
مەخمۇت سىجاڭ، ما سىجاڭ (ما شىمىڭ) ۋە قوماندانلىق شتاب
مەسلىھەتچىسى نەمەت خەلپەتلەرنىڭ باشچىلىقىدىكى تۇرپان قوزغى-
لاڭچىلىرى پىچان شەھىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن داغدۇغا بى-
لەن يولغا چىقتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار تۇرپاننى ساقلاش
ئۈچۈن قالدى. 2000 غا يېقىن ئاتلىق قوزغىلاڭچىلار بۇ كۈنلەردە
تۈەن، يىڭ، لىيەنلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئىككىدىن بولۇپ
قاتارلاشقان ھالەتتە جەڭ مارشى ئوقۇپ ماڭاتتى:

سەن كىمنىڭ ئوغلى سەن ئويلىساڭچۇ،
بىر ئۆيدە ئىككى باش قالمىساڭچۇ.

بەزىلەر جەڭگىۋار ئۇرۇش مارشى ياڭراتسا، يەنە بەزىلەر «ئا-
چىل» نى توۋلاپ يەر - زېمىننى تىترىتەتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن
ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ھالەتتە شۇ كېچىسى پىچان شەھىرىگە يېتىپ
بېرىپ، ئەتىسى بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى دۈشمەنگە ھۇجۇم قوز-
غىدى. مەخمۇت سىجاڭ قوشۇنلىرى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب
تەرىپىدىن ئۇرۇمچى - تۇرپان يولىنى، ما شىمىڭ قىسىملىرى

شەرق تەرەپتىن قۇمۇل يولىنى توسۇپ ھۇجۇم قىلدى. شەھەردە بىر بىرىگادا پىيادە ئەسكەر ۋە ئىككى باتالىيون ئاق رۇس ئەسكەرلىرى بار بولۇپ، ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ تاقاپ، سېپىل تاملىرىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشەتتى.

ئۇلارنىڭ قورالللىرى سەرخىل بولۇپ، مىلتىق ۋە پىلىموتلىرىدىن ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ياغدۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىلغان ھۇجۇمىنى توسۇيتتى. قوزغىلاڭچىلار دەسلەپتە شەھەر سېپىلىغا بىرقانچە قېتىم ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق ھۇجۇملار نۇرغۇن بەدەل تۆلەش بىلەن نەتىجىسىز ئاياغلىشاتتى. ھەربىر ھۇجۇمدىن كېيىن ھەرقايسى تۈەن، يىڭلاردىن قۇربان بولغانلارنىڭ سانى قوماندانلىق شتابقا مەلۇم قىلىنىپ تۇراتتى. ھۇجۇم قىلىنىپ ئىككىنچى كۈنى بولغاندا مەخمۇت مۇھىتى قوشۇنىدىنلا 60 قا يېقىن پىدائىينىڭ قۇربان بولغانلىقى مەلۇم بولدى.

— بولمىدى، پىيادىلەر مۇنداق بارىۋەرسە بولمايدۇ، — دېدى مەخمۇت سىجاڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەسلىھەتچىلىك قىلىۋاتقان نەمەت خەلپەت ئاچچىقتىن گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ، ئۇ سۆزلىرىنى ئاچچىق، ئەمما ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن داۋام قىلدى، — شەترەنج (شاھمات) ئويۇنىدا «پىيادە مات» دەيدىغان بىر ئويۇن بار. بۇ پىيادىنىڭ كۈچى ئارقىلىق شاھنى مات قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن سۆز. ھازىر بىز بۇ يەردە بىھۇدە زىيان تارتىۋاتىمىز. دۈشمەننى كۆرمەيلا تامغا ئۇسۇۋاتىمىز. ئەگەر ۋاقتىدا ئامەلىرىمىزنى توسۇمايدىغان بولساق، يەنە نۇرغۇن زىيان تارتىشىمىز مۇمكىن.

نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرى مۇنازىرىسىز ھالدا قوبۇل قىلىنىپ، قوماندانلىق شتاب ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، چۇقان سېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماستىن، پەم بىلەن سېپىلغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، سېپىل تۆشۈكلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـرىگە ئوق ئېتىپ زەربە بېرىش جېڭى ئېلىپ باردى. بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىۋىدى، چىقىم ئانچە كۆپ بولمىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ، دۈشمەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.

لېكىن دۈشمەن تەرەپمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار مەخسۇس تەلىم - تەربىيە كۆرگەن، شۇنداقلا نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كېتىشكەن بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار تۆشۈككە يېقىن كېلىشتىن بۇرۇن، مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىغا قۇلاق-چا، كىگىز پارچىسى دېگەندەكلەرنى ئېلىپ تۆشۈكلەرگە تۇتۇپ بېرەتتى. قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭدىن بىخەۋەر هالدا بۇ نەرسىلەرنى دۈشمەننىڭ بېشى كۆرۈپ، قارىسىغىلا ئوق ئېتىپ، بىرمۇنچە ئوق - دورىدىن زىيان تارتىشاتتى. بۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلار يەنە ئوچۇق دالىدا تۈنەشكە مەجبۇر بولغاچقا، يېقىلغان گۈلخان ئەتراپى-غا نۆۋەت بىلەن كېلىپ ئىسسىنىپ تاڭنى ئاتقۇزۇشاتتى. پىچاننىڭ مارت ئايلىرىدىكى ئۇزۇن هەم سوغۇق كېچىسى ۋە تاماق بولماس-لىقتەك قىيىنچىلىقلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى.

قىيىنچىلىق ئېغىر بولسىمۇ هۆرلۈك - ئەركىنلىك يولىدا ئۆزىنى جەڭگە ئاتىۋەتكەن قوزغىلاڭچىلار يەنە ئەپچىل چارىلەرنى ئىزدىشىپ گاهىدا شوتا قويۇپ سېپىلغا ياماشسا، گاهىدا لەخمە كولاپ سېپىلنى پارتلىتىش، دەرۋازىغا ئوت قويۇش، ئوقيا ياساپ ئوتلۇق يا ئوقى ئېتىش، سالغا ياساپ تاش ئېتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە تىرىشات-تى.

شەھەرگە قىلىنغان هۇجۇم 10 - كۈنگە قەدەم قويغاندا، قوزغىلاڭچىلار تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، كېچىسى سېپىلغا شوتا قويۇپ، يامىشىپمۇ باقتى. لېكىن دۈشمەن تەرەپ تۇيۇپ قېلىپ، سېپىلغا ياماشقان ئەزىمەتلەرنى توپقا تۇتتى. ئەتىسى كەچ-تە قوزغىلاڭچىلار چۇقان - سۈرەن ئىچىدە ئاشكارا هالدا هۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنە سېپىلغا شوتا قويدى، لېكىن دۈشمەنلەر يەنە ئوت

كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى توپقا تۇتۇپ، ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ خىل ئەھۋالدىمۇ يەنە بەل قويۇ- ۋەتمەي قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ پىچان شەھىرىنى ئېلىش يولىدا باتۇرلۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

شۇ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەردىن باشقا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان پىچان ناھىيىسى ئېغىر تەھلىكە ئاستىدا قالغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پا- لاقلاپ، ئالاقزادە بولۇپ تۇرالماي قالغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شەرقىي يولنىڭ «غالىب سەركەردىسى» شېڭ شىسەينى قايتۇرۇپ كېلىپ پىچان، تۇرپان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىكى قوزغىلاڭچى ئاممىنى باستۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش بۇيرۇقىنى بەردى. بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان شېڭ شىسەي قۇمۇلدا بىر قىسىم كۈچ قالدۇرۇپ قويۇپ، 4500 كىشىلىكتىن كۆپرەك مۇنتىزىم ئەسكەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى. جىن شۇرېننىڭ بۇ بۇيرۇقى تېز- رەك ئۇرۇمچى ئەتراپىغا يۆتكىلىپ كېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان شېڭ شىسەيگە ياغدەك ياقتى - دە، كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى پىچان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىۋات- قىلى 12 كۈن بولغاندا، پىچانغا ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەلدى. شېڭ شىسەي كېلىپلا ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ توپ - زەمبىرەك- لەرنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە شەرقتىن ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلارنىڭ تۆمۈر كوكىلىرى سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئىچكىرىلەپ كىرىپ شىددەتلىك ئوت ئاچاتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بولسا يىراقتىن قورشاپ كېلەتتى. پىيادە قىسىملار ئوتتۇرا ۋە يانلاردىن ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ، جەڭدە نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار جانلىرىدىن ئايرىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھايات قالغانلىرى بىرىنىڭ ئىزىنى مىڭى بېسىپ دېڭىزدەك قارشىلىق كۆرسەتتى. شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈكنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىگەن، قوزغىلاڭچىلار بولسا تېز پۇكمەي قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا «ما شىمىڭ قېچىپتۇ» دېگەن پاراڭلار تارقىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا زور دەرىجىدە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى.

— قاچان قېچىپتۇ؟

— تاڭغا يېقىن.

— مەسلىھەتمۇ سالماي، گەپ ـ سۆزمۇ قىلماي نېمە قىلغىنى بۇ، — مەخمۇت سىجاڭنىڭ شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

ما شىمىڭنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەرمۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ما شىمىڭنىڭ قاچقانلىقى قوزغىلاڭچىلارغا نىسبەتەن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرگەنىدى.

— بىزمۇ چېكىنەيلى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار تۇرپانغا چېكىندى. مەخمۇت مۇھىتى، نەمەت خەلپەتلەر خىللانغان 100 دىن ئارتۇق پىدائىي بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىپ، لەمجىن، خاندولاردا ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن قىسىملىرى بىلەن ئىككى قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاستانىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ما شىمىڭ قىسىملىرىنىڭ قاراشەھەرگە قاچقانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ قالدۇرغان خېتىدە «مەن قاراشەھەرگە بارىمەن، ئۇ يەردە كۈچ توپلاپ باشقىدىن كېلىمەن. سىلەرمۇ بارساڭلار بىرلىكتە ئىش كۆرسەك» دېيىلگەنىدى. شۇ كېچىسى باش قوماندان مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆيىدە جىددىي مەسلىھەت ئۆتكۈزۈلدى. مەسلىھەتكە ھەمدۇللا داموللام، موسۇل مۇھىتى، ئىمىن ھاجى، مەخمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەت، ئابدۇللا داموللا، نىياز تۇەنجاڭ، پولات تۇەنجاڭ، ئىبراھىم تۇەنجاڭ، ئابدۇسەمى يىڭجاڭ ۋە مەمەت ھاجىلار قاتناشقان بولۇپ، سۆھبەت ئارقىلىق مەخسۇت مۇھىتى پولات تۇەنجاڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىنى چىللاپ چىقىدى-

غان، مەخمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەتلەر بىلەن ئۆز قىسىملىرىنى ئېلىپ ۋاقىتلىق قاراشەھەرگە چېكىنىدىغان بولۇپ بىرلىككە كەلـ.
دى.

*　　　　　*

مەخمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەت، ئابدۇللا داموللا قاتارلىقلار قارا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. مەخسۇت مۇھىتى بولسا ھەمـ.
دۇللا داموللام، قۇربان سەئىدى ۋە لۈكچۈن ۋاڭى چىڭ گاڭ غوجىنىڭ (ئىمىن ۋاڭنىڭ) ئوغۇللىرىدىن مەتسايىت، ئىسكەندەر غوجىلار بىلەن بىرلىكتە لۈكچۈننىڭ دىغار دېگەن يېرىدىن ئۇدۇل يولغا چىقىپ، چۆل - جەزىلەردە نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى تارتىپ، 1933ـ يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇلغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇرپان خەلقى ئۇستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈـ.
زۈپ كېلىۋاتقان ۋاڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرىشىپ، بىرلا دومىلاپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە كىرىۋالغانـ.
دى. مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار قۇمۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېـ.
يىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. خوجىنىياز ھاجى مەخـ.
سۇت مۇھىتىلارنى ناھايىتى ھەشەم ۋە داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغانـ.
دىن كېيىن، تۇرپانلىق پىدائىيلار «خوجىنىياز ئاتىمىزنى تاۋاپ قىلىمىز» دەپ تۇرۇۋالدى، ھەم تاۋاپ، ھەم ئارام ئېلىپ دېگەندەك بىر كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنى قۇمۇللۇق ئەزىمەتلەر سېپىگە قوشۇلۇپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سۇمقاغا دېگەن يەردىكى قىسىملىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. مەخسۇت مۇھىتى باشلىق يۇرت چوڭلىرى بولسا بۇ يەرگە كېلىشتىكى پىكىر - تەلەپلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن قوشتىكەن كارىزىدا قالدى.

خوجىنىياز ھاجى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا بىر بۆلۈك ھەربىي كۈچىنى قالدۇ-رۇپ قويۇپ، ئۆز يېقىنلىرىدىن قۇربان دورغا، نىياز دورغا، پازىل دورغا، سالى دورغا، سوپى ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى 100 گە يېقىن ئادىمى بىلەن تۇرپاندىن بارغان 200 دەك ئادەمگە قوشۇلۇپ، جەمئىي 300 ئادەم بولۇپ سەپ تۈزۈپ، ھەيۋەت بىلەن پىچانغا قاراپ يولغا چىقتى.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىچانغا چىققان ۋاقتى 1933 ـ يىلى مارت ئايلىرىنىڭ باشلىرى بولۇپ، مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭ تاغ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىشقا ماھىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شە-ھەرگە كىرمەي چالقان تاغلىرىدا تۇرغۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن مەتسايىت، ئىسكەندەر غوجىلار، ھازىر قوشۇنىنىڭ ئاشلىق زاپىسى كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىنىياز ھاجى غازى ئاتىمىز ئاران دېگەندە پىچانغا چىقتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يۇرتلارغىمۇ بېرىپ، بىرەر پىيالە چېيىمىزنى ئىچىپ ئۆتسە، لۈك-چۈندە ئاشلىق زاپىسى مول، ئوردىدىمۇ بىرمۇنچە قورال ـ ياراغلار بار، دەپ تۇرىۋالدى. ئامالسىز قالغان خوجىنىياز ھاجى لۈكچۈنگە قاراپ يولغا چىقتى. شىڭ شىسەي «تاغ قاپلىنى» دەپ داڭق چىقارغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈن شەھىرىگە كىرگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال ئاق رۇسلاردىن تەشكىللەنگەن توپچى قىسىم ۋە ئىغىر ـ يېنىك پىلى-موتلارنىڭ ھىمايىسىدە لۈكچۈنگە يېتىپ كېلىپ شىددەتلىك ھۇ-جۇم باشلىدى.

پىدائىيلار بولسا شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى ئىستىھكام-لارنى مەھكەم ساقلىغىنىچە ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى. ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى كۈنى خوجىنىياز ھاجى ئوردا ئۈستىدە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغاندا دۈشمەن تەرەپ ئوردىنى ئوققا تۇتتى. توپ ئوقلىرى شەھەر مەركىزىدىكى 500 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان، تالايلىغان شاھ، سۇلتان، بەگ، ۋاڭلارنىڭ سەلتەنىتىگە گۇۋاھ بولۇپ، ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان

ئوردىنى كۆمپەيكۇم قىلىۋەتتى. ھەممە ياقنى توپ ئوقى قاپلاپ، قىيا - چىيا ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئوردا توپ ئوقىدا ۋەيران بولغان چاغدا ئوردىنىڭ كاتىپى نىياز كاھ ئۆزى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ساقلاپ كېلىۋاتقان لۇكچۇن تارىخى، ئوردا تەزكىرىسى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ لۇكچۇن ئوردىسىدا تۇرغان چاغدا يازغان داستانلىرى ۋە قۇسۇرى قاتارلىقلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بۇ مەدەنىي مىراسلارنى قۇچاقلىغان پېتى ئوتتا كۆيۈپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ۋەيرانچىلىقتا يەنە لۇكچۇن ۋاڭى ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ قالغانلىقتىن، ئۇمۇ توپ ئوقىدا كۆيۈپ ئۆلدى.

* *

لۇكچۇندە ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغلاردا ما شىمىڭ قىسىملىرى قاراشەھەردە بولۇپ، ئۆزىنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن مەخسۇت سىجاڭ قىسىملىرىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولدى ۋە قاراشەھەردە توپلىنىپ تۇرۇۋالساق ئاشلىق يېتىشمەيدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى چەتكە قېقىپ خوتۇنسۇمبۇل دېگەن جايغا بېرىپ تۇرۇشقا قىستىدى. ئۇ موسۇل مۇھىتىدىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى چىللاپ چىققىلى قۇمۇلغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەخسۇت سىجاڭغىمۇ تۇيدۇرماستىن، ھاپىلا - شاپىلا ھالدا موسۇل مۇھىتى ۋە ۋاڭ نىياز (خۇيزۇ) قاتارلىق كىشىلەردىن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ناھايىتى كۆپ سوۋغا - سالاملار بىلەن ما جۇڭيىڭنى چىللاپ چىقىش ئۈچۈن گەنسۇغا يولغا سالدى.

ما شىمىڭ قاراشەھەردە مايمۇن ئويۇنى ئوينىتىپ يۈرگەن كۈنلەردە لۇكچۇندە ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق ۋە شىددەتلىك بولۇپ، دۈشمەن توپ ئوقلىرىنىڭ ئېگىز ئوردا ۋە شەھەر سېپىللىرىنى توختىماي توپقا تۇتۇۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن مەخسۇت مۇھىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرھال خوجىنىياز ھاجىغا:

— ھاجى ئاكا، ئۆزلىرى دېگەن قاپلاننىڭ بېشىغا ئوخشايدىلا، باش ئۇزۇلسە تەن تۇگىشىدۇ. شۇڭا ئۆزلىرى شەھەردىن چېكىنىپ چىقسىلا، — دەپ تۇرۇۋالدى.

خوجىنىياز ھاجى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندى ۋە مۇشۇنداق شارائىتتا چېكىنمەيمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆلەڭ قوۋۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەسلىدە لۈكچۈن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت قوۋۇق بار بولۇپ، شەرق تەرەپتىكىسى يۇقىرىقى قوۋۇق، غەرب تەرەپتىكىسى تۆۋەنكى قوۋۇق، شىمالىي تەرەپتىكىسى يېڭىشەھەر قوۋۇقى، جەنۇب تەرەپتىكىسى بولسا ئۆلەڭ قوۋۇقى دەپ ئاتىلاتتى. ئۆلەڭ قوۋۇقىدىن باشقا قوۋۇقلار كېسەك، تاشلار بىلەن قوپۇرۇۋېتىلگەن بولغاچقا، پەقەت ئۆلەڭ قوۋۇقىلا ھەقىقىي چېكىنىش يولى ئىدى. شۇڭا ئۆلەڭ قوۋۇق ئىچىلىشى بىلەن تەڭ باشقا قوۋۇقلارنىڭ يېنىدىكى ئاق ئورۇسلار بۇ يەرگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە چېكىنگەن پىدائىيلار، پۇقرالارنى توپقا تۇتتى. خوجىنىياز ھاجى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە قېلىپ، دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەخسۇت مۇھىتى شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئېتىغا مىنگىنىچە قوۋۇقتىن چىقتى. ئۇ قوۋۇقتىن چىقىپ 50 مېتىردەك مېڭىشىغا ئوق تەگدى. ھەمدۇللا داموللا بولسا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سەل ئالدىدا قوۋۇقتىن چىققانىدى. ئۇ قوۋۇقتىن چىقىپ 20 مېتىردەك مېڭىپ بىر تۈپ جۈجەمنىڭ دالدىسىغا كەلگەندە ئاق ئورۇس مەرگەنلىرى ئاتقان بىر پاي ئوقتا «ئاللا» دېگىنىچە پېشانىسىنى تۇتۇپ، ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى جەڭدە تۇرپان قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى، مىللەتپەرۋەر زىيالىي، ئەل سۆيگەن مائارىپچى، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى، ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىمالاردىن تۇرپاننىڭ قازىسى، ئىنقىلاب يېتەكچىسى، مائارىپ ھامىيسى ھەم-

دۇللا داموللا، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، مائارىپ ھامىيسى رىقىپ قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىسىل كىشىلەر شېھىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

پىدائىيلار چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى. شىڭ شىسەي قىسىملىرى بوش قالغان شەھەر ئىچىدە ئۈچ كۈن قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرالارنى قىردى. خوتۇن ـ قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى، مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى. قىرغىنچىلىق ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، لۈكچۈن خەلقىدىن 3000 — 4000 دىن كۆپرەك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، لۈكچۈن شەھىرىدە قان دەرياسى ھاسىل قىلدى.

* *

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، يەنى لۈكچۈندىكى ئۇرۇشتىن توققۇز كۈن كېيىنكى مەزگىل ئىدى.

لۈكچۈن شەھىرىدە قوزغىلاڭچىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تېرىسىگە سىغماي قالغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۇرپانغا بېرىپ، خائىنىنىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن تۇتقۇن قىلىنغان تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىسا ھاجى باشلىق 17 كىشىنى قەتلى قىلغاندىن كېيىن 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كۈنى جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ يېقىن سەپدىشى، تۇرپان ـ پىچان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قابىل سەردارى، جانجىگەر دوستى مەخسۇت مۇھىتتىدىن ئايرىلىپ قالغان خوجىنىياز ھاجى ئەلەمگە چىدىماي قۇمۇلغا قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ قۇمۇلغا قايتىپ كەتسە مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھىسامىدىن زۇفەر، ھەمدۇللا داموللا، تۆمۈر جىسا ھاجى باشلىق تۇرپان ـ پىچان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قېنىنىڭ بىكارغا ئاققان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ،

قۇمۇلغا قايتماي خوتۇنسۇمبۇلدا تۇرۇۋاتقان مەخمۇت مۇھەتنىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن تۇرپاننى ساقلاش ئۈچۈن قالغان چېرىكلەر مەخمۇت مۇھەتى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ. رۇمچى تەرەپكە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. ما شىمىڭ بولسا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى نەزەرگە ئېلىپ، تۇرپانغا كېلىشكە پېتىنالماي قاراشەھەردە قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان يەنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مەخمۇت مۇھەتى تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى ئوغلاقچى مەنسۇر قاتارلىق بەش نەپەر يىگىتنى باشلاپ بېرىپ، مەخسۇت مۇھەتنىنىڭ تېنىنى تېپىپ كەلدى (لۇكچۈن ئۇرۇشىدىن كېيىن جاللات شىڭ شىسەي مەرھۇمنىڭ بېشىنى كېسىپ تۇرپان شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ سازايى قىلغانىدى). مەخسۇت مۇھەتىنىڭ تېنى تېپىپ كېلىنگۈچە يەرلىك خەلق ئۇنىڭ بېشىنىمۇ تېپىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ باش بىلەن تەننى ئۆز قولى بىلەن جۈپلىگەندىن كېيىن، ئاستانە ئەلپەتتاھ غوجام قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. دەپنە مۇراسىمى شۇنداق ھەيۋەتلىك بولدىكى، تۇرپان، پىچان، لۇكچۈن، ياڭخى، سىڭگىم، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاستانە خۇددى چايقىلىۋاتقان دېڭىزغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

مەرھۇم يۇيۇپ ـ تارىلىپ كېپەنلىككە ئېلىنغاندىن كېيىن، ناماز مەيدانىغا ئاچىقىلدى. خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت مۇھەتى قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى سەپنىڭ ئالدىدا، نامازغا نەمەت خەلپەت يېتەكچىلىك قىلدى. قاچانلار قارىسا خۇشخۇي كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تەرىنى ئاچماس بولۇپ قالغان، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ كۆزلىرى قىزىرىپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بىر ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا بالىلىق چاغلىرىدا ئاغزىغا ئىلىم سالغان ئۇستازى لۇكچۈنلۈك رىقىپ قازى ئاخۇنۇم، يامان كۈنلەردە ھەمنەپەس بولۇپ، مەسلەك-

داش بولۇپ ئۆتۈشكەن مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھەمدۇللا دامولла قاتارلىق جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ناماز تۈگەش بىلەن تەڭ ئىچ - ئىچىدىن بۇخسۇپ چىقىۋاتقان قايغۇنى زورىغا بېسىپ، تېخى ناماز- دىن ئىلگىرىلا كاللىسىدا تەييار قىلغان مەرسىيىلەرنى ئوقۇدى. ۋەزمىن ئاھاڭدا ئوقۇلغان مەرسىيە شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت مۇھىتى قاتار- لىقلاردىن تارتىپ، سەپنىڭ كەينىگە كېلىپ قوشۇلۇۋالغان قېرى - چۈرى، قىز - جۇۋان، مومايلارغىچە ھەممەيلەننىڭ يۈ- رەكلىرى ئېزىلىپ، كۆزلىرىدىن شۇرۇلداپ ياش قۇيۇلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جىمسار پۇتۇمى

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەستى يەرلىككە قويۇلۇپ، ئاستانىدە مەرھۇمنىڭ ۋە ئۇرۇشتا شېھىت بولغان بارلىق پىدائىيلارنىڭ روھىغا ئاتاپ كاتتا نەزىر بېرىلگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى قوشۇننى قايتا قۇرۇشقا ئاتلاندى. چۈنكى شېھىتلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۇلارغا يۈكلەنگەن، خەلق ئاممىسى يەنىلا ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئاچچىق ئىڭرىماقتا ئىدى.

قوشۇن يېڭىدىن قوشۇلغان پىدائىيلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى ھېسابىغا كۈنسايىن تولۇقلىنىپ، ھەربىي قائىدە - تۈزۈملەر بويىچە بۆلەكلەرگە ئايرىلدى. مەخمۇت مۇھىتى پۈتۈن قوشۇنغا سىجاڭ، پازىل دورغا بىلەن سالى دورغا لۇيجاڭ بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسلىدە بار بولغان ئەسكەر باشلىقلىرى قايتىدىن تولۇقلاپ سايلاندى. قوشۇن تەركىبىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئادەتتىكى كىيىم ۋە ئۆزلىرى تاپقان ئات - ئۇلاغلار بىلەن جابدۇنغان بولۇپ، قورال - ياراغ جەھەتتە قول پىلموتى ۋە بەشئاتاردىن تارتىپ قارا مىلتىق، ھەتتا قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان بولغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇن پارتىزانلارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئەلچى كەلدى. ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شېڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە يېڭىدىن ھۆكۈمەت قۇرۇپتۇ، شۇڭا ئۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپتۇدەك.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، مەن شېڭ شىسەي دېگەن لومودىنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. مەخمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەت

قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى ئارىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئاخىرى ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولدى.

ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجىلار تۇرپانغا ئۆتۈپ ئىدىقۇت ئېتىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇشنى باشلىغاندا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىمۇ ھېچبىر تىنچ ئەمەس ئىدى، ئۇ جايلاردىمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر ئۇلغايغانلىقتىن، ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەينى پۈتۈن قوشۇن بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بىراق جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى جاڭ شىڭ، چېن دېلى، چىن جۇڭ، تاۋ مىنيۈ قاتارلىق ئەمەلدارلار بۇنىڭلىق بىلەن ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرۈپ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرغاندىلا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەش مۇمكىن، دېگەن ئوي بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىماقچى بولۇپ، ئۆز قولىدا ھەربىي كۈچ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۈرۈمچىدىكى ئاق ئورۇس سولداتلىرىغا بىرمۇنچە ئىمتىيازلارنى بېرىش بەدىلىگە ياردەمگە چاقىرغان. شۇنىڭ بىلەن 200 دەك ئاق ئورۇس ئەسكىرى دەرھال جىن شۇرېن يامۇلىغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن. جىن شۇرېن بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شەھەر سىرتىدىكى قىزىلتاغقا قېچىپ چىققان ۋە ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي تەرىپىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قىسىملىرىنى يۆتكەپ كېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاق ئورۇس سولداتلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلىغان. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي گۇچۇڭ تەرەپلەردىن كېلىدىغان خەۋپكە قارشى مۇداپىئەدە بولۇپ، شەھەردە سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپلا، جىن شۇرېننى قوغداش ئۈچۈن دەرھال ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلىشىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلارنى باستۇرماقچى بولغان. دەل شۇ چاغدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار رەھبەرلىرىدىن جاڭ شىڭ، چېن دېلى، چىن

جۇڭ قاتارلىقلار شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، «جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ياردەمدە بولسىڭىز، سىزنى شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلايمىز» دەپ ۋەدە بەرگەن. شېڭ شىسەي مۇنداق تويۇقسىز كېلىپ قالغان ئامەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ماقۇل بولغان. بىراق ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكلەر جىن شۇرېننىڭ ئادەملىرى بولغاچقا، ھەرىكەت داۋامىدا بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىغىدى دەپ ئەندىشە قىلغان. ئۇنىڭ بەختىگە 1931 - يىلى 18 - ئۆكتەبىردە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرگە قىلغان تاجاۋۇزىدىن كېيىن، سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا قېچىپ كىرىپ، ئۇرۇمچىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ باشلىقى شېڭ شىسەي بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئەسكەر ئارىيەت ئېلىپ ھەرىكەتنى باشلىغان. نەتىجىدە جىن شۇرېن قىسىملىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، جىن شۇرېن چۆچەككە قېچىپ بېرىپ، سوۋېت زېمىنى ئارقىلىق تيەنجىنگە كەتكەن. بۇ تارىختىكى ئاتالمىش «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» بولۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار ۋەدىسى بويىچە شېڭ شىسەينى دۇبەن، سابىق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى ئۆلكە رەئىسى قىلغان. شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلىرى بويىچە ئالىي قوماندانلىققا تەيىنلەنگەن شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى بىلەن يارىشىش توغرىسىدا ئەلچى ئەۋەتكەن.

ئەلچىلەر يۇقىرىقى ئىنزاھاتلارنى بەرگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ھاجىغا سۇندى. مەكتۇپتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئېزىلىۋاتقان پۇقرالارنى باشلاپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىغا مەدھىيىلەر ئوقۇلۇپ، ئاخىرىدا ئۆزلىرى بىلەن بىرلىشىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

خەت ئوقۇلۇپ تۈگىشى ھامان ئۆي ئىچىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلاپ كەتتى.

— ھەي، يالغانچى كاززاپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن جەڭ

قىلغۇسى يوقمىش تېخى!

— پۇقراپەرۋەر بولۇۋالغانلىقىنى قارىمامدىغان، قۇمۇللۇقلارغا قىلغىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن؟

— تۇرپاننى قانغا بويىغان كىم؟

— مەخسۇت باينىڭ بېشىنى قوزۇققا ئېسىپ سازايى قىلغان كىم؟

— ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىسا هاجىمنى چاپقان كىم؟

قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇشمۇتۇشتىن قىلغان سۆزلىرىدىن كېيىن، خوجىنىياز هاجى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى يولغا سېلىپ قويىدى.

*　　　　　　*

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوجىنىياز هاجى، مەخمۇت مۇھىتلار قۇمۇل - تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن تەركىب تاپقان 2000 كىشىلىكتىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، شېڭ شىسەيگە جازا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. بۇ كۈنى تۇرپان شەھىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، ئامما يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ پىدائىيلارغا نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشاتتى. مومايلار، قىز - جۇۋانلار خەلق ئوغلانلىرىغا نان، توقاچ، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە قىزىل گۈللۈك تۇرپان دوپپىلىرىنى تەقدىم قىلىشاتتى. بۇ كۈنى جەڭگە ماڭغان پىدائىيلارنىڭ ھەربىرى بىردىن غالىب يىگىتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار خەلقنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئۆزلىرىنى خۇددى توي بولۇپ، قىز كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلانغان يىگىتلەردەك بەختىيار ھېس قىلىشاتتى.

قوشۇن ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا پىچاننىڭ شىمالىدىكى كۆكيار ئېغىزى ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ئۆتتى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىن چارلاپ ئەھۋال مەلۇم قىلغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەترىتى يېتىپ كەلدى ۋە چېرىكلەرنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ مورىغا چېكىنگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى.

— ئۇنداقتا ئاۋۋال ئىشنى مورىدىن باشلىساق بولغۇدەك.

خوجىنىياز ھاجى قوشۇننى ئازراق ئارام ئالدۇرۇپلا گۇچۇڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار گۇچۇڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مورىنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئاتلارنىڭ دۈكۈرلىگەن، كىشنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كەلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقەدىن ھەيران بولغان شتاب باشلىقلىرى بىر - بىرىگە قاراشتى. چۈنكى ما جۇڭيىڭ ئوزاقى يىل كۆزدە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئېچكىرىگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى خەلقنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم قەدەم باسقانلىقىدىن خوجىنىياز ھاجى ۋە شېڭ شىسەينىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ما جۇڭيىڭ بىر يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن، ئەنشى قاتارلىق جايلىرىدا ئۆز قوشۇننى قايتا رەتلەپ، تەرتىپكە سېلىپ، شىنجاڭ زېمىنىغا ئاياغ باسقاندىن كېيىن بوش قالغان قۇمۇل، بارىكۆل تەرەپلەرنى ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلغان ۋە ئۈرۈمچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال گۇچۇڭنى ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى يەتتەقۇدۇق دېگەن يەردىن باشلاپ، شىمالىي يول بىلەن مورىغا كېلىۋاتقاندا، ھاجىلارنىڭمۇ تۇرپان تەرەپتىن مورىغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ مەكتۇپىدا «… سىز — ئاتا، مەن — بالا، بالىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىكنى ئاتا ئەلۋەتتە كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات قىلىپ مېنى يەنە ئۆز ئوغلىڭىزدەك كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىز نەيزىنىڭ سېپى بولۇڭ، مەن ئۇچى بولۇپ نەگە شىلتىسىڭىز شۇ يەرگە سانجىلاي، ئىككىمىز بىرلىشىپ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئا-

لايلى، مەن يەتتەقۇدۇقتا كېلىپ سىزنىڭ گۇچۇڭغا لەشكەر تارتقان. لىقىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتىم. ئىككى يىلدىن بېرى سىز غازات قىلىپ كۆپ چارچىدىڭىز. مېنىڭ ئەسكەرلىرىم بولسا خېلىدىن بېرى جەڭ قىلماي تەييارنى يەپ دىغىراپ كەتتى. شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئالدى بىلەن جەڭ باشلاپ، مورى بىلەن گۇچۇڭنى ئېلىپ يول ئېچىپ بەرسەم...» دېگەندەك سۆزلەر پۈتۈلگەنىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ مەكتۇپى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى. بۇ چاغدا مەخمۇت سىجاڭ مىرول فۇگۇەننى چاقىرىپ، ئەلچىلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە جېكىلىدى. ئۇلار چىقىپ كېتىشى بىلەن يەنە غۇلغۇلا قوزغالدى.

— بۇ شەيتان يوچۇنلا گەپلەرنى قىپتۇغۇ، جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا، دەپ يەنە بىزنى داغدا قويماقچى.

— ھەي، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇر، سىلەرگە شەھەر ئېلىشىپ بېرەي دەپتۇغۇ؟!

— بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق ياتامتى تاشتا، دېگەننى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشمىسىلا.

شۇنداق قىلىپ خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كەلدى، لېكىن مەخمۇت سىجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ بېقىشنى تەكىتلەپ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا، ھاجىم ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلماقچى بولدى.

*　　　　　　　　　　*

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى بىر يېرىم يىل ئىلگىرىكى ئەبگار قوشۇن ئەمەس، پىيادىلىرى ياپونكا، سەنبا قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇزۇن مىلتىق، قول بومبا ۋە يېنىك قىلىچلار بىلەن، ئاتلىقلىرى بەشئا-

تار ۋە يۇزى كەڭ قىلىچلار بىلەن قوراللىنىپ، ماش رەڭ رەختتىن بىر خىل ھەربىي فورما كىيگەن، پاچاقلىرىغا گوجەي ئوراپ، ئوق پوتىلىرىنى ئوقلار بىلەن تولدۇرۇپ مۇرىسىگە ئاسقان بۇ قوشۇن تولىمۇ مۇنتىزىم ۋە جەڭگىۋار كۆرۈنەتتى. قۇيرۇقى كېسىك، ياللىرى قىرقىلغان ئاتلار بولسا ئۆز رەڭگى ۋە ئۆز نەسلى بويىچە تۇرلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، يوغان - يوغان قېچىرلارغا سۆرىتىلگەن پىلىموتلار بۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىسىگە ھەيۋە قوشقانىدى.

قوشۇننىڭ ئالدىدا «مەركەزگە قاراشلىق 36 - دىۋىزىيە» دېگەن خەتلەر يېزىلغان گومىنداڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئاتلىقتىن كېيىن كەڭ قاسقان شەپكە كىيىپ، بىر يېنىغا دۇربۇن ئاسقان ما جۇڭيىڭ كۆرۈندى. غولىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى دالىدا ھاجىمنىڭ بارگاھى كۆرۈنگەن ھامان، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى چۇشكۇن قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بىرنەچچە كىشىسى بىلەن بارگاھقا قاراپ ئات سالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەۋەتكەن زاكىر سەنمۇ، ما خۇگەن قاتارلىق ئەلچىلەر ئۆز خوجىسىنىڭ ئالدىغا ئات سېلىپ بېرىپ، ۋەزىيەتنى تولۇق ئورۇندىغانلىقىنى دوكلات قىلىشتى. مەخمۇت سىجاڭنىڭ سالاھ قىلىشى بىلەن ھاجىممۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ما جۇڭيىڭ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ھاجىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە زاكىر سەنمۇنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئېھسەنلىك سورىدى. پاتىھە دۇئاسىدىن كېيىن داستىخان ھازىرلىنىپ چاي كەلتۈرۈلدى.

— بىز ئۇيغۇرلاردا ئالتە ياشلىق ئالدىغا كەلسە، ئاتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ، دېگەن گەپ بار. بىز پاتىھەگە بارغۇچە ئۆزىڭىز كەپسىز.

— سىز دېگەن ئاتا، مەن دېگەن بالا. بىزنىڭ قائىدىمىزدە ئاتا دېگەن بالىنىڭ ئالدىغا چىقمايدۇ، — ما جۇڭيىڭ يەنە ئۇستاتلىق بىلەن بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلدى، — ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەپ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزغا تەشەككۇر. بۇ مېنى ئەپۇ قىلغانلىقىڭىزنى بىلدۇرىدۇ. مەن يەنە شۇنداق دەيمەنكى، سىز

نەيزىنىڭ سېپى بولۇڭ، مەن بېشى بولۇپ، سىز قەيەرگە شىلتى-سىڭىز شۇ يەرگە سانجىلاي.

شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن كېيىن، يەنى ئەتىسى تاڭ سۈزۈ-لۈشى بىلەن تەڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنى مورىغا ھۇجۇم باشلاپ، بۇ شەھەرنى ئىككى سائەت ئىچىدىلا پەتىھ قىلىپ، بىرمۇنچە ئولجىلار-غا ئىگە بولۇپ، ئەتىسى يەنە گۇچۇڭ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەت قاتارلىق قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىمۇ قوشۇننى باشلاپ جىمسارغا يۈرۈش قىلغان بولۇپ، جىمساردىكى چېرىكلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بىر كۇنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي شەرمەندىلەرچە تەسلىم بولۇپ، ئاق بايراق چىقىرىشقىنىچە دەرۋازىلارنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. بۇ چاغ دەل گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ، شەھەر ئىچىدىن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچلىرى ۋە زىخچە ئالتۇن قاتارلىق سوۋغا-سالاملارنى پەتنۇسلارغا سالغىنىچە ئۈچ نەپەر ئوفىتسىر چىقىپ كەلدى. ھاجىنىڭ يىگىتلىرى ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ، شەھەرگە يېقىن جايدىكى قارىياغاچلىقتا جايلاشقان باش شتاب چېدىرىغا ئې-لىپ باردى. ئۇلار ھاجى باشلىق يۇرت چوڭلىرىغا تەزىم قىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جىمساردىكى چېرىكلەرنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى، قورال - ياراغلارنى بولسا ئەتە تاپشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ قېتىم قوزغىلاڭچىلار يەنە بىخۇدلۇق قىلدى. ئۇلار ئاغزى-مىزغا كىرىپ بولغان نېمەت، ئەمدى نەگە قېچىپ كېتەلەيدۇ، دەپ ئويلاپ خاتىرجەم ئارام ئېلىشقا باشلىدى، لېكىن «دەريا ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس» دېگەندەك بۇ كېچىسى ما جۇڭيىڭ چېرىكلىرى ئارام ئالماستىن تەسلىم بولغان شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، قوراللارنى تەلتۆكۈس ئەكەتتى. ئەتىسى قوزغىلاڭچىلار قورال تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارغاندا بىرەر تالمۇ قورال كۆرۈن-مەيتتى. بۇنىڭدىن بۇ قېتىممۇ يەنە ما جۇڭيىڭنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىنى چۈشەنگەن قوزغىلاڭچىلار ئۆز گۆشىنى ئۆزلىرى

يېگۈدەك بولۇشتى.

— ھەي، ئەسلىدە ئاخشاملا يىغىۋالىدىغان ئىش ئىكەندۇق ئەمەسمۇ؟!

— كىم بىلىپتۇ، بۇ ما جۇڭيىڭ دېگەننىڭ بۇنداق يۈزسىزلىكىنى!

قوزغىلاڭچىلار پۇشايمان ئىلكىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزۈشۈپ، ئىككىنچى كۈنگە قەدەم قويغىنىدا ئۇلارنىڭ يېنىغا بەللىرىگە ئاق باغلىغان زاكىر سەنمۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپ پاتىھە دۇئاسىدىن كېيىن، گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجىننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار يەنە قورساق كۆپۈكىنى بۇياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي قائىدىسى بويىچە ئات سېلىشىپ مۇسىبەت بولغان يەرگە قاراپ چاپتى. ئۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ چۈشكۈن قىلغان جايىغا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. پەتىچىلەر كەڭ، ئازادە ئۆيلەرگە جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، نەمەت خەلپەت مۇڭلۇق قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. يوغان - يۇلپى بەدىنىگە ماس ھالدا چىقىۋاتقان بوم ئاۋازى بۇگۈن ئاجايىپ مۇڭلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئەھكاملىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. قىرائەتتىن كېيىن پەتىچىلەر ما جۇڭيىڭدىن كۆڭۈل سورىدى. بۇ چاغدا ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۇرۇش ئىچىدە ئۆتكەن قېرى تۇڭگان چېرىكلىرى مۇڭلۇق قىرائەتنىڭ تەسىرىدىن ئېسىگە كېلەلمىگەن بولۇپ، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى.

— بۇ قىزىل يۈز موللام كىم بولۇپ كەتتى ئەمدى؟

— ئاجايىپ بەلەن ئوقۇيدىغان ئادەمكەن.

ھاجىمنىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى سۆز قىستۇردى:

— بۇ كىشى دېگەن خوجىنىياز ھاجى ئاتىمىزنىڭ مەسلىھەتچىسى نەمەت خەلپىتىم بولىدۇ.

— ياپىر، بوي دېسە بويى بار، ئاۋاز دېسە ئاۋازى. ئىلىم

دېگەنمۇ تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. ھاجىمنىڭ جەڭلەردە نۇسرەت قازان-
غانلىقىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولغۇدەك.
چېرىكلەر «سۇبھاناللا» ئېيتىشتى.
خوجىنىياز ھاجى كۆڭۈل سوراشتىن كېيىن كېتىشكە تەرەد-
دۇتلاندى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىپ، قول
قوۋۇشتۇرغىنىچە ئۇلارنى ئۇزاتماقچى بولدى. ھاجى ئورنىدىن تۇ-
رۇپ قوزغىلىپ ئۈچ - تۆت ماڭدامچە ماڭغاندىن كېيىن زاكىر
سەنمۇغا يۈزلەندى:
— بىزنىڭ شتابىمىز بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى خېلى بار.
كېلىپ - كېتىشمۇ ئەپسىز. سىز گا سىلىڭدىن سوراپ بېقىڭ.
جىمساردىن ئەكېلىنگەن قورالارنى قانداق قىلماقچى، ئۇلار دې-
گەن بىزگە تەۋە قورالار.
— قورالارنىڭ ھاجىمغا تەۋەلىكى راست، لېكىن ھازىر ماڭا
لازىم، — دېدى ما جۇڭيىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن.
ئەمدى ما جۇڭيىڭنىڭ قارا نىيىتى ئاشكارىلاندى. ئۇ يەنە
ئەسكەر ئالىدىغانلىقىنى، ئەسكەرنى 50 تۈمەنگە يەتكۈزۈپ ئاۋۋال
پۈتكۈل جۇڭگونى، ئاندىن رۇسىيىنى ئېلىپ، چېگرىسى ھەرەمگە
تۇتىشىدىغان چوڭ بىر دۆلەت قۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ،
ھاجىنى ياردەمگە چاقىردى.
بۇ چاغدا ھاجىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، دۈگىلەك كۆزلى-
رىگە قان تولۇپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. مەخمۇت سىجاڭ،
نەمەت خەلپەتلەر گا سىلىڭنىڭ گەپلىرىگە ھەيران بولۇپ، ئۆز
قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قېلىشتى.
— ھەي زاكىر، — دېدى ھاجى ئاچچىق بىلەن، — سىلىڭغا
ئېيت، مەن شىنجاڭ خەلقىنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش
يولىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتسام، ئۇ تېخى يەنە يوغان دۆلەت
قۇرماقچىمۇ. بولدى، ئۇمۇ ئۆز يولىدا ماڭسۇن، مەنمۇ ئۆز يولۇم-
غا ماڭاي. بۇگۈندىن باشلاپ ئارىمىز ئوچۇق...
خوجىنىيازھاجى ۋارقىرىغىنىچە ئېتىغا مىنىپ شتاب دەرۋازى-

سىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن نامى تىللاردا داستان بولۇۋاتقان گۈچۈك شەھىرىمۇ ئېغىر تەھلىكە ئاستىدا قالغان بولۇپ، كوچا - كويلاردا مىغ - مىغ ئۆلۈك، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى پۇقرالارنىڭ كارغا كېلىدىغانلىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ ئولجا ئىزدەشنى توختاتمىغانىدى. مال - مۈلكىدىن، ئۆزلىرىگە قارانچۇق بولۇپ كەلگەن ئوغۇللىرىدىن ئايرىلغان مەزلۇملەر كوچا - كويلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشەتتى.

هاجىلار جىمسارغا قايتىپ كەلگەن كۈنى كېچىسى پۈتۈن قوشۇنغا جەڭگىۋار تەييارلىققا ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. چۈنكى مەخمۇت مۇھىتى باشلىق چوڭلار ئەمدى ما جۇڭيىڭ هاجىمنىڭ بايىقى گەپلىرىگە چىدىماي، كېچىچە باستۇرۇپ كېلەرمىكىن، دېگەن ئويدا ئىدى. هاجىممۇ: «بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دېگىنىچە توقۇمنى قارنىغا ئالغانىدى. بۇ كېچە تىنچ ئامان ئۆتتى. ئەتىسى چاي ۋاقتىدا مۇشۇ ئىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، نەمەت خەلپەت مەخمۇت سىجاڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. مەخمۇت سىجاڭ «ياخشى گەپكەن» دېدى - دە، نەمەت خەلپەتنىڭ كېچىچە ما جۇڭيىڭنىڭ يۈزسىزلىكى توغرىسىدا بىر نەزمە يازغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. نەمەت خەلپەت يانچۇقىدىن بىر پارچە ئاق قەغەزنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ بويىغا ياراشقان بوم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھەربىر سۆزىنى دانە - دانە قىلىپ شۇنداق ھاياجانلىق ئوقۇشقا باشلىدىكى، چېدىرنىڭ ئىچى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى. «يارەب» (يەنى يا ئىگەم ئاللا) دېگەن رادىف بويىچە غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىر مۇنداق ئىدى:

## يارەب

تولا غاپىل ئىكەنمىز ھەي، بۇنى بىلمەپتىمىز يارەب،

قوتانغا بۆرىنى كەل دەپ، خاتا چىللاپتىمىز يارەب.
مۇسۇلمان دېسە بۇ شەيتان، كالامىنى بىلىپ ھەق راست،
دۇئا ـ تەكبىرلەر بىلەن باشتا ئۇنى يادلاپتىمىز يارەب.
«ئىشەنگەن تاغدا ياتمايدۇ كېيىك» دەپ بىر ماقال تۇرسا،
ئاتالار سۆزىگە چىن دىل ئەمەل قىلماپتىمىز يارەب.
تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئىكەن ھەي، بىز چۈشەنمەستىن،
ئەجەب ئاسان قېرىنداش دەپ، ئۈمىد باغلاپتىمىز يارەب.
ئۇ مەككار قەدەمدە ھېسابلاپ قوم ساناپ يۈرسە،
گۆدەكتەك گول بولۇپ بىز ھەي، تاش ساناپتىمىز يارەب.
بۈگۈن ئۇقساق تېخى بىزنى جەھەننەم سارى باشلارىمىش،
ئېچىپ كەڭرى قويۇننى بىز يىلان ئاسراپتىمىز يارەب.
ئۇنىڭ باتىل خىيالىچە بويارمىش قانغا دۇنيانى،
بۇنىڭدەك زور گۇناھ بولماس، خاتا چاغلاپتىمىز يارەب.
«ئاتاڭغا بەرمىگىل بىلگەن يولۇڭنى» دەر ئىدى دانا،
نادامەت ئوتىدا ئەپسۇس، جىگەر داغلاپتىمىز يارەب.
گاھى تۇلپارمۇ ئۆز يولىدا مۇدۇرلەپ كېتىدۇ دەيدۇ،
سىراتىل مۇستەقىم[1]بەرگەن خاتاپ ئويلاپتىمىز يارەب.
كەمى[2]نەمەت يېزىپ ئەشئار، سۇخەندازلىق قىلىپ قويدى،
كەچۈرگەي مېنى دوست ـ يارلار، بۇرۇن بىلمەپتىمىز يارەب.

بۇ شېئىر سورۇندىكىلەرگە شۇنداق تەسىر قىلدىكى، نەمەت خەلپەت «تۈگىدى» دېسىمۇ ئۇلار شېئىرنىڭ ئوقۇلۇپ تۈگىگەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— يەنە ئوقۇڭ، ئۇكام.

شېئىر ئىككىنچى قېتىم ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاجىم سۆز ئالدى:

---

① مۇستەقىم — توغرا يول.
② كەمى — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى.

— ھۇششەرە، ئۇكام، بۇ نەزمىگە مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپ-
لەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپسىز، يۈرىكىمنى مۇشۇكتەك تاتىلاپ
لازىدەك ئېچىشتۇرۇۋاتقان ھەسرەت - نادامەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى
يېزىپسىز. مەن بۇ گەپلەرنى بۇنچىلىك ئېيتالماس ئىدىم. خوش،
ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئاغىنىلەر، گەپ قىلىڭلار، گا سىلىڭ
دېگەن بۇ لومودىنىڭ خۇي - پەيلىنى ھەممىڭلار كۆردۈڭلار،
نىيىتىنى ئاڭلىدىڭلار. ئۇنىڭ ئالدىدىن پەش قېقىپ چىققىنىم خاتا
بولدىمۇ - يا؟

— نېمىشقا خاتا بولغۇدەك، ئايرىلغىنىمىز ئايرىلغان، —
قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزلىرىنى بىردەك تەستىق-
لاشتى.

ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدىكى غەلىبىسى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ،
خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر
مىللەت خەلقىگە تايىنىپ چېگرىسى ھەرەمگە تۇتىشىدىغان دۆلەت
قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. خوجىنىياز ھاجى قىسمى-
لىرىمۇ ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن ئىككى قېتىم ئەخمەق قىلىنىغان
بولغاچقا، ما جۇڭيىڭ بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا
ئىش كۆرمەكچى بولۇشتى. ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق داۋالغۇش ئىچىدە
تۇرۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە شېڭ شىسەي يەنە ئەلچى ئەۋەتتى.
ئەلچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنى شېپى كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەي
بىلەن بىرلىشىش، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭمۇ ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيتتى. قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ بۇ ئىشقا تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا يەنە نەمەت خەلپەت
ئوتتۇرىغا چىقتى.

— قەدىمكى دانىشمەنلەر كېيىنكىلەرگە ئاجايىپ ھېكمەت
دۇردانىلىرىنى مىراس قالدۇرغان. «مۇشۇك بىلەن چاشقان» دې-
گەن ھېكايەت ئەنە شۇنداق ھېكمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھاجىم
ئىجازەت بەرسە، شۇ ھېكايىنى مەجلىس ئەھلىگە سۆزلەپ بەرسەم
پايدىسى بولار دەيمەن.

بەزىلەر نەمەت خەلپەتنىڭ مۇشۇنداق چاغدىمۇ ھېكايە ئېيتىپ بېرەي دېگىنىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراشتى، ھەتتا بەزىلەر غۇدۇراشتى.

خوجىنىياز ھاجى نەمەت خەلپەتنىڭ ئۆزى بىلەن سەپداش بولغاندىن كېيىن، ئۆزى يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا ئەقىل كۆزى بىلەن يول كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن چوقۇم بىر گەپ چىقىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىجازەت بەردى.

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر چاشقان بوپتىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى نەمەت خەلپەت، — بۇ چاشقان ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تەدبىر - چارىلەرگە ئۇستىلىقى بىلەن دۈشمەنلىرىدىن جېنىنى ئاسراپ، بىر جاڭگالدا ئۇزۇن يىللار تىنچ ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ جاڭگاللىقتا بىر ئوۋچى كېلىپ تۇزاق قۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئاچ مۇشۇك تۇزاقتىكى گۆشنى يەيمەن دەپ تورغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ كۈنى ھېلىقى چاشقانمۇ قورساق غېمىدە تۆشۈكىدىن چىقىپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، مۇشۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. مۇشۈك توردا ياتقىنىغا قارىماي، چاشقانغا ئېتىلماقچى بولۇپتۇ. ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن چاشقان دەرھال ئۆزىنىڭ تۆشۈكى تەرەپكە قاچماقچى بولۇپ قارىسا، ئۇ يەردە يوغان بىر ئاغمىخان ئۇنى ماراپ ياتقۇدەك، چەتكە قاچاي دېسە تېرەك بېشىدا يوغان بىر قاغا قانىتىنى رۇسلاپ قاراپ تۇرغۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چاشقان «ئالدىمغا ماڭسام مۇشۈك، ئارقامغا يانسام ئاغمىخان، مىدىرلىسام قاغا ئالىدۇ. بۇ غېمىمنى كىمگە ئېيتۇرمەن، بۇ داۋاسى يوق دەردىمنىڭ دەرمانىنى كىمدىن سورارمەن» دەپ غەم ئەندىشە دەرياسىغا غەرق بوپتۇ ۋە شۇ ئارىدا بىر شائىرنىڭ:

پەلەك راھىتىگە بولما خۇررەم، رەنجىدىن ھەم يېمە غەم،
كى جاھان رەسمى گېمى ئانداق، گېمى مۇنداق ئېرۇر.

دېگەن مىسرالىرى يادىغا چۈشۈپ، مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنى ۋەزمىن

تۇتۇپ، پاراسەت بىلەن چارە ـ تەدبىر تاپماقتىن ئۆزگە نىجاتلىق يولى بولماس دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئاخىر بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ دۈشمەننىڭ بىرى بىلەن، ئەڭ ياخشىسى كۈچلۈكرەكى بىلەن دوستلاشماقتىن ياخشىراق چارە يوقتۇر دېگەن قارارغا كەپتۇ ـ دە، مۈشۈككە دەپتۇ:

«ئەي مۈشۈك، ئۇل خۇداۋەندە كەرىم سېنى مېنىڭ ئەزەلى ۋە ئەبەدىي دۈشمىنىم قىلىپ ياراتقانىكەن. سەن بار جايدا ماڭا كۈن يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر زامان سېنىڭ ھالاكىتىڭنى تىلەر ئىدىم. سېنىڭ غەمگە گىرىپتار بولۇشۇڭ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق، پاراغەتكە چىقىشىڭ ماڭا ماتەم ئىدى. ئەمما ھازىر سېنى غەمدىن خالاس قىلىشنى خالايمەنكى، بۇ تۇپەيلى مەنمۇ غەمدىن قۇتۇلىمەن. شۇ ۋەجىدىن ساڭا مېھرىبان بولۇپ، سېنىڭ بىلەن دوستلاشماقچىمەن. ساڭا ئوچۇق ئېيتايكى، بۇ دوستلۇق غەرەزلىكتۇر. ئەمما غەرەزلىك بولغان بىلەن پايدىسى باركى، ھەرگىز زىيىنى يوقتۇر. ئەنە قارا، مەن ھازىر ئىككى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز خەۋپى ئاستىدا قالدىم. ئارقامدا ئاغمىخان، يېنىمدا بىر قاغا مېنى پايلاپ يېتىپتۇ. ئەگەر سەن سايەئى دەۋلىتىڭدە مېنى شۇلارنىڭ خەۋپىدىن خاتىرجەم قىلساڭ، مەنمۇ تورنىڭ يىپلىرىنى قىيىپ تاشلاپ، سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن. سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى خۇددى كېمە بىلەن كېمىچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىدۇكى، كېمە كېمىچىنىڭ ئېھتىياتى بىلەن دەريا قىرغىقىغا يېتىپ بارىدۇ. كېمىچى بولسا كېمىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، دەريادىن سالامەت ئۆتىدۇ. قېنى سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟»

مۈشۈك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

«مەن سېنىڭ زېرەكلىكىڭ بىلەن راستگۆيلۈقۇڭغا قايىل بولدۇم. خوش، سېنىڭ تەلىپىڭ بويىچە نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەپتۇ.

چاشقان ئېيتىپتۇكى:

«ئەمسە، مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارىمەن. سەن تازىم بەجا

كەلتۈرۈپ، ماڭا ھۆرمەت كۆرسىتىسەن، تاكى دۈشمەنلىرىم بۇنى كۆرۈپ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزدىن ۋاقىپ بولغاي ۋە مېنىڭ سەن-دەك ھىمايىچىم بولغانلىقىنى بىلىپ، نائۇمىد بولۇپ، بۇ يەردىن كەتكەيلەر، ئاندىن مەن تورنىڭ يىپلىرىنى قىيىپ تاشلاپ سېنى نىجادلىققا چىقارغايمەن.»

مۇشۇك بىر دەم ئويلىنىپ:

«ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ، مۇشۇكلەر جىنىدىن ھېچكىم تېخى چاشقانغا بويۇن ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس ئىدى. بۇ مېنىڭ ئىززەت - نەپسىمگە ئېغىر كېلەرمىكىن، شان-شۆھرىتىمنى يەرگە ئۇرارمىكىن!» دەپتۇ.

چاشقان ئېيتىپتۇكى:

«مۇشۇ سائەتتە ئۇنىڭدىن ئۆزگە يول يوق. سەن بىلەن ئىك-كىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى كېمە بىلەن كېمىچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، دەپ ئېيتىشىمغۇ، دېمەك، بىز بالا - قازادىن قۇتۇلۇشتا بىر - بىرىمىزگە موھتاجمىز. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمى-ساڭ، ھەر ئىككىلىمىز ھالاك بولىمىز.»

شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇك ماقۇل بولۇپ چاشقانغا كامىل ئېھتىرام بىلەن ئىززەت - ئىكرام رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاغمىخان بىلەن قاغا بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، چاشقاندىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ، بۇ يەردىن كېتىپتۇ. چاشقان تورنىڭ يىپلىرىنى قىيىشقا كىرىشىپتۇ. ئەمما، مۇشۇكنىڭ ھىما-يىسى بىلەن ئاغمىخان بىلەن قاغىدىنغۇ قۇتۇلدۇم، ئەمدى مۇشۇك-تىن قانداق قۇتۇلارمەن. مۇشۇكنى ئازاد قىلسام، ئۇنىڭدىن كېلى-دىغان خەۋپ ھەممىدىن يامان بولىدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ كەتسەم، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمەن، دېگەن خى-يال بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى ئاستىلىتىپ قويۇپتۇ. توردىن چاپ-سانراق قۇتۇلۇپ چاشقاننى يېمەكچى بولۇۋاتقان مۇشۇك بۇنى سې-زىپ قېلىپ:

«قېنى چاپسانراق بولمامسەن، ۋەدەڭدىن يېنىۋالاي دەۋاتام-

سەن. شۇنى بىلگىنكى، بۇاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر، كىمكى ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمىسا، چوقۇم ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ» دەپتۇ.

چاشقان ئېيتىپتۇكى:

«ياق، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ چوقۇم سېنى قۇتۇلدۇرىمەن، لېكىن باشتا ئېيتقىنىمدەك، سېنى قۇتۇلدۇرمىقىم دۇشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئۆزۈمنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. ھېلىمۇ شۇ ئەندىشە بىلەن ئىش قىلماقچىمەنكى، نەتىجىدە سەنمۇ ئۇۋچىنىڭ تورىدىن قۇتۇلىسەن. مەنمۇ ئۆزۈمنى سېنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىڭدىن ئامان ساقلاپ قالىمەن.»

مۇشۇك بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

«ئەي چاشقان، شۇنى ئېنىق ئېيت، قېنى قايسى يول بىلەن ھەم مېنى تورىدىن قۇتۇلدۇرماقچى، ھەم ئۆزۈڭنى ئاسراپ قالماقچىسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

چاشقان ئېيتىپتۇكى:

«خاتىرجەم بول، مەن شۇنداق بىر پەيتنى كۈتىمەنكى، تاكى سەن ئۆزۈڭنىڭ جېنى بىلەن بولۇپ قېلىپ، ماڭا قارىغۇدەك ھالىڭ قالمايدۇ. مانا شۇ چاغدا سەنمۇ قۇتۇلىسەن. مەنمۇ ئامان قالىمەن.»

شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇك ئۆز ئەپسۇنلىرىنىڭ چاشقانغا كار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ جىم بوپتۇ. چاشقانمۇ تورنىڭ يىپلىرىنى قىيا ـ قىيا مۇشۇكنىڭ بوينىدىكى بىر توم يىپنى ئۆز پېتى قالدۇرۇپ، قانداقتۇر بىرنېمىنى كۈتكەندەك قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىرى تاڭ ئېتىپ، ئۇۋچىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. مۇشۇك جان قايغۇسىدا تېپىرلاپ، چاشقانغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇۋچى يېقىن كەلگەندە، چاشقان ھېلىقى بىر تال يىپنى «گىرت» قىلىپ قىيىپ تاشلاپتۇ. مۇشۇك بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. چاشقانمۇ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇۋچى نائۈمىد قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئارىدا مۇشۇك چاشقاننىڭ تۆشۈكى ئالدىغا كېلىپ:

«ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭدىشى يوق، قەدىردان دوستۇم، ماڭا

قىلغان مېھرىبانلىقىڭنى قايسى تىل بىلەن ئېيتىپ، ئۇنىڭ شۇك-رىنى قانداق ئادا قىلارمەن، ئارزۇيۇم شۇكى، ئىلتىپاتىڭنى دەرىخ تۇتماي، ئايجامالىڭنى بىر كۆرسەتسەڭ. ئۇبدانراق كۆرۈپ، ھۆس-نىڭگە قېنىۋالسام ۋە يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلسام» دەپتۇ.

چاشقان تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا يېقىن كېلىپ:

«بەس، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق شۇ يەرگىچە بولىدۇ. جامالىمنىمۇ كۆرىمەن دېمە. رەھمەتمۇ ئېيتما، بۇنىڭ ۋەجى شۇكى، ئەمدى سېنىڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنۈش مېنىڭ ھالاكىتىم بولىدۇ» دەپتۇ ـ دە، ئىچكىرى كىرىپ كېتىپتۇ. مۈشۈك نائۈمىد بولۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

نەمەت خەلپەت ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئامالسىز ھالدا شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىش قارارىغا كەلدى.

*　　　　*

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، فۇكاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قارد-غايلىق ئىچىگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيدە سۆھبەت باشلاندى. سۆھ-بەتكە رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە يېڭى ھۆكۈمەت تەرەپتىن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلى، يەرلىك مۆتىۋەرلەر-دىن خۇسەيىن چانشىن، تۇرسۇن بابا، مەنسۇر جانباي، ئەخمەتخان دارىن ۋە سوۋېت كونسۇلىنىڭ ۋەكىلى باشلىق يەتتە كىشى، خوجد-نىياز تەرەپتىن ھاجى ئۆزى، مەخمۇت مۇھىتى، سالى دورغا ۋە بىرقانچە تۇەنجاڭلار ۋەكىل بولۇپ توققۇز كىشى قاتناشتى. خوجد-نىياز ھاجى نەمەت خەلپەتنىڭ قەلەمگە ماھىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى سۆھبەت خاتىرىسى يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى.

1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا «ئون ماددىلىق پۈتۈم» ئىمزالاندى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى شىمال ۋە جەنۇب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، ئۈرۈمچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭغا، باركۆل شىمالىي شىنجاڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، جۈملىدىن مالىيە ھوقۇقى جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش باش قوماندانى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قولىدا بولىدۇ. ئەمەلدار تەيىنلەش، قالدۇرۇش ئىشلىرىنى شۇ ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ تىزىملىكىلا ئۈرۈمچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىنىپ تۇرىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى 5000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ساقلىمايدۇ. شىنجاڭدا ئۇرۇش تۈگىگەندە قەدەر، مەزكۇر قوشۇننىڭ كەم قالغان قورال ـ يارىغى بىلەن ئوق ـ دورا قاتارلىق ئەسلىھەلىرىنى ئۈرۈمچى تەرەپ تەمىنلەيدۇ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشىنى دەرھال تارقىتىپ بېرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا بىر تەرەپنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئىككىنچى تەرەپ ئۇنىڭغا شەرتسىز ياردەم بېرىدۇ ۋە ياردەم زۆرۈرىيىتى تۈگىگەن ھامان ئۆز تەۋەسىگە شەرتسىز قايتىدۇ. مۇبادا ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلسا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى چارە كۆرىدۇ. لازىم تېپىلغاندا، ئۈرۈمچى تەرەپ ھەربىي ياردەم بېرىدۇ. بۇ پۈتۈم خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا ئۈچ نۇسخا يېزىلىپ، بىر نۇسخىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىنىلىدۇ. ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قولىدا بىر نۇسخىدىن قالىدۇ.

بۇ پۈتۈمگە شېڭ دۇبەن بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئىمزا قويۇپ، ھۆكۈمەت تامغىلىرىنى باسقاندىن تاشقىرى يەنە ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى گۇۋاھچى بولۇپ قول قويۇشى شەرت. بۇ پۈتۈم

ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە.

ئەتىسى ئۈرۈمچى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە بېرىپ شېڭ دۇبەن بىلەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ قولىنى قويغۇزۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرغىنىچە ئۈرۈمچى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

— ئەمدى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆزىمىز سورىغۇدەكمىز.

— ئەڭ مۇھىمى شېڭ دۇبەن بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان بولدۇق.

قوزغىلاڭچىلار ئەنە شۇنداق سادالار بىلەن خۇشاللىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۈرۈمچىگە كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. خوجىنىياز ھاجى شېڭ دۇبەن ۋە سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئىمزاسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن پۈتۈمگە ئىمزا قويدى.

بۇ تارىختا «جىمسار پۈتۈمى» دەپ ئاتالدى. خوجىنىياز ھاجى جىمسار پۈتۈمىدىن كېيىن، پۈتۈمنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاغ يولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەتىۋا

شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى بىلەن پۈتۈم ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ بولغۇچە ما جۇڭيىڭنى تىزگىنلەپ تۇرۇش مەقسىتىدە، ما جۇڭيىڭغا بىرمۇنچە ئىمتىياز بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى كۆزلەپ، ھەربىيلەردىن تەشكىللەنگەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى گۇچۇڭغا ئەۋەتتى. بىراق ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەينىڭ بۇ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئالدىن سېزىۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قۇرۇق ياندۇرۇۋەتتى.

بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن شىڭ شىسەي ئۆزى شەخسەن قوشۇن تارتىپ، ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ، ھەيۋە بىلەن قوشۇن تارتىپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭمۇ شىڭ شىسەي ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى پىلانلاپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانىدى. ئىككى قوشۇن ئۈرۈمچى بىلەن گۇ-چۇڭ ئارىلىقىدىكى زېنچۈەن بازىرىدا ئۇچرىشىپ شىددەتلىك جەڭ قىلدى. نەتىجىدە ما جۇڭيىڭ جەڭدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، جىلە بولۇپ تۇرغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ فۇكاڭ تاغلىرىدىن سەنتەي تەرەپكە يۆتكىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆزىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئەسكەرلىرىگە دەرھال چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەر-دى. بۇ چاغدا ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ تاراسلاپ مۆلدۈر يېغىپ ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. بۇ قېتىمقى قالايمىقانچىلىقتا ما جۇڭيىڭنىڭ ياپونىيىلىك ھەربىي مەسلىھەتچى-سى دان سىكيو شىڭ شىسەيگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. شىڭ

شسەي قوشۇنلىرى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ گۇچۇڭغىچە كىرگۈزۈۋەتتى. ما جۇڭيىڭ بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپاننى ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مورى تاغلىرى ئارقىلىق تۇرپانغا قاراپ چېكىندى، لېكىن خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە تۇرپانغا بارماي، تاغ ئارىسى بىلەن توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى تېخى يېقىندىلا سوۋېت كونسۇلىنىڭ شاھىتلىقى بىلەن پۈتۈلگەن پۈتۈمنىڭ روھىغا ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ كېتىش ئىدى.

بۇ كۈنلەردە توقسۇن ناھىيىسىدىكى ھەر ساھە زاتلىرى ۋەكىلىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجىنى شەھەرگە چىللىدى، لېكىن خوجىنىياز ھاجى ئەينى چاغدا لوكچۇن شەھىرىگە قاپسىلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن سەپدىشى مەخسۇت مۇھىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلىدى.

— شۇ لەنىتى سىپىل ئىچىگە كىرىۋالمىغان بولساق، مەخسۇت بايدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولار ئىدۇق. ھەي مەخسۇت، ھەي مەخسۇت، مەن سەندىن ئايرىلىپ قېلىپ خۇددى ئوڭ قانىتى سۇنغان قۇشقىلا ئوخشاپ قالدىم.

— مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي،— بىر چەتتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرغان نەمەت خەلپەت سۆزگە كىرىشتى، — مەرھۇم ئۇرۇشتا باتۇر، تولىمۇ سەزگۈر كىشى ئىدى، لېكىن ئۇرۇش دېگەندە قان تۆكۈش، قان تۆكۈلۈش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشتا تولا ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلماي، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ مەرھۇم يېتەلمىگەن، ئەمما يېتەلمەي ئارماندا كەتكەن ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سالامەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىكلىرىنى ئاسراشلىرى كېرەك.
نەمەت خەلپەتنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى تەسىر قىلدىمۇ خوجىنىياز ھاجىم جىم بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا چارلىغۇچى يىگىت ئۇرۇمچى تەرەپتىن تاھىربەگ دېگەن كىشىنىڭ ھاجى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.
— تاھىربەگ، ئاھ ئەزىز قېرىندىشىم، خەلپىتىم، ئاڭلىدىلىمۇ، تاھىربەگ كەپتۇ. چاپسان بولسىلا، ئۇ زات بىلەن كۆرۈشمىگىلى بەش يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ. ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالايلى.

*　　　　　　　　　　*

تاھىربەگ باشلىق سەككىز ئۇيغۇر چېرىك بىر قازاق يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. تاھىربەگ خوجىنىياز ھاجى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن نەمەت خەلپەتكە يۈزلەندى:
— قانداق، خەلپىتىم، ئۆزۈم ئۇرۇمچىدە بولغان بىلەن قۇلىقىم سىزلەردىلا ئىدى. ھەر قېتىملىق جەڭدە سىزنىڭ ھاجىمغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، ياۋ بىلەن بولغان جەڭلەردە نۇسرەت قازىنىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزلەرنى ئاڭلاپ كەلدىم.
— ۋاي، ئۇنى بىر دېمىسىلە، — ھاجى تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتتى، — خەلپىتىم دېسە مەدرىسە - مەسچىتلەردىكى پوشكالچىلاردىنمىكىن دېسەم قولىغا قورالنى ئالسا يولۋاسقا، كالامۇللانى قولىغا ئالسا كاتتا موللىغا، ئادەم قىيىنچىلىقتا قالغاندا كاتتا ئەقىللەرنى كۆرسىتىدىغان يېتۈك مەسلىھەتچىگە ئايلىنالايدىغان زات ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا مەخسۇت باي ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنىكەن بۇ كىشىنى...
مەخسۇت باينىڭ گېپى چىقىۋىدى، ئارىلىقنى سۈكۈت قاپلىدى.
— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، مېھمانلارغا داستىخان راسلاڭ-

لار، — ئاردىكى ئوڭايسىزلىقنى يەنە نەمەت خەلپەت تۈزىدى. شۇنىڭ بىلەن داستىخان ھازىرلىنىپ تاماقلار تارتىلدى. ھەممەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ غىزالانغاندىن كېيىن داستىخان يىغىلدى. بۇ چاغدا تاھىربەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاجىمنىڭ قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلارنىڭ جىمساردىكى پۈتۈمنىڭ روھى بويىچە، يېڭى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى 6 - دىۋىزىيە قىلىپ رەسمىي بېكىتىلگەنلىكىنى، مەخمۇت مۇھىتى دىۋىزىيە كوماندىرى (شىجاڭ) بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇلارنى تەبرىكلىدى ۋە قوشۇننىڭ بىر قىسىم خىراجىتى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشىنى ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سورۇندىكىلەر خۇشال - خۇرام تارقىلىشتى. بۇ چاغدا توقسۇنلۇق ۋەكىللەرمۇ خوش ئېيتىپ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىشتى.

نامازشام ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى شاملار بىلەن يورۇتۇلغان كەڭ سۇپىلىق ئازادە ئۆيدە ئۆز يېقىنلىرى بىلەن تاھىربەگنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. تاھىربەگ ئەگرى ساپلىق غاڭزىسىغا تاماكا باسقاچ، خىرقىراق ئاۋازى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى.

— شىڭ دۇبەن مېنىڭ ھاجى بىلەن يېقىن دوست ئىكەنلىكىمنى نەزەرگە ئېلىپ ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى بولدى. مەنمۇ ھەرقايسىڭىزلار بىلەن بىر كۆرۈشۈشنى ئىستەپ بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدۇم. قولۇمدا شىڭ دۇبەننىڭ خوجىنىياز ھاجىغا ئەۋەتكەن شەخسەن مەكتۇپىمۇ بار.

شىڭ دۇبەننىڭ مەكتۇپىدا ما جۇڭيىڭ زېنچۇەن جېڭدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرپانغا چېكىنگەنلىكى ئېيتىلغان ھەم ھاجى توقسۇن تەرەپتىن، ئۆزى (شىڭ شىسەينى دېمەكچى) داۋانچىڭ تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغاپ، ما جۇڭيىڭنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئۇ يەنە مەكتۇپىدا ئەگەر ھاجى بۇ تەكلىپكە قوشۇلسا يېتەرلىك ئوق - دورا بېرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مەكتۇپنىڭ ئاخىرىغا ئۆز ئىمزاسىنى قويغانىدى.

بۇ چاغدا ھاجى تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە خىيالغا پاتقان بولۇپ، ئۇ بىرنېمە دېگۈچە سورۇن ئەھلى قىزىپ كەتتى.

— ۋاھ، تازا پەيتى كەپتۇ، ئەمدى ئۈچىمىزنى ئېلىشۋالايلى.

— توغرا، ھېچبولمىغاندا جىمىساردا ئېلىشۋالغان قورالىلىرىمىزنى بولسىمۇ قايتۇرۇۋالايلى.

— مەھەم، — ئاردىدىن بۇ گەپكە پازىل دورغا قارشى چىقتى، — بىززە ئەمدى شىڭ دۇبەن بىلەن بىرلەشتۇق دەپلا مۇسۇلمانغا قارشى چىقىمىزمۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، دورغام، — دېدى نەمەت خەلپەت گەپكە قوشۇلۇپ، — ياتنىڭ ياندىن، ئۆزىنىڭ جاندىن ئۆتەر، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى.

— توغرا، خەلپىتىمنىڭ سۆزى جايىدا بولدى. مانا مەن جەڭگە تەييار، — سالى دورغا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

لېكىن خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ كەتمىدى.

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار. زېنچۈەن جېڭدە شىڭ دۇبەن ما جۇڭيىڭنىڭ كەينىدىن قوغلاپ تارمار قىلسا تامامەن كۈچى يېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى ئاردىكى پۈتۈمنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۇلار قورال - ياراغنى ۋاقتىدا بەرسە بولار ئىدى. بۇ لومودىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن سوقۇشقاندا بېرىمەن، دېگىنى نېمىسى؟ ئۇ ئاۋۋال گا سىلىڭنى، ئاندىن مېنى يوقاتماقچى! شۇنداق، مەن دېگەن تاغچى، تاغچى دېگەننىڭ چورۇقى يوغان بولىدۇ. مەن ئۇ يوغان چورۇقۇم بىلەن شىڭ دۇبەننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن، — ھاجى سۆزىدىن كېيىن كۈلۈپ تاشلىدى. بۇ كۈلكە سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىنى يېنىكلەتتى.

خوجىنىياز ھاجى نەمەت خەلپەتكە بۇرالدى:

— تاھىربەگنى بىز بىلەن بىللە كېتىڭ دېسەم، كېيىنكى ئىشلار بۇزۇلىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى دۇرۇس.

شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ دۇبەنگە مەكتۇپ يازماق لازىم. سىزنىڭ قەلىمىڭىز ئۆتكۈر بولغاندىكىن سىز يېزىڭ، مەن مۇسۇلمان تۇ-رۇپ مۇسۇلمانغا بىرىنچى بولۇپ ئوق ئاتمايمەن، ئەگەر ئۇ ئوق ئاتسا قالغىنى شۇ گاختا كۆرىمەن، دەپ يېزىڭ. بىز تاھىربەگنى يولغا سېلىپ قويۇپلا جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقايلى.

ما جۇڭيىڭنىڭ يۈزسىزلىكىنى تېخىچە ئېسىدىن چىقىرىۋېتەل-مىگەن نەمەت خەلپەت مەجبۇرىي ھالدا قەلەمنى قولىغا ئالدى.

*　　　　　　　　*

ئەتىسى كۈن يانغاندا تاھىربەگلەر خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن خوشلىشىپ، يولغا چىقىش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا ما جۇڭيىڭ تەرەپتىن ئەلچى كەلدى. ئەلچىلەر يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار خوجىنىياز ھاجىغا ما جۇڭيىڭنىڭ خېتىنى يەتكۈزدى. خوجىنىياز ھاجى دەرھال خەتنى ئوقۇش ئۈ-چۈن نەمەت خەلپەتكە بەردى. ما جۇڭيىڭ خېتىدە يەنە كونا مۇقامنى تەكرارلاپ، ھاجى — ئاتا، مەن — بالا، ئاتىنىڭ بالىنى كەچۈرمە-كى ھەق، ھاجى ئاتام نەيزىنىڭ سېپى بولسا، مەن ئۇچى بولۇپ، ھاجى ئاتام نەگە شىلتىسا مەن شۇ يەرگە سانجىلسام، دېگەن مەز-مۇندا يېزىلغانىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھاجى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى:

— نېمە، ئەمدى گا سىلىڭ مېنى گوللىماقچى بوپتىمۇ، ھېلىمۇ قىلغىنى يېتەر. ئالداشقا كىچىك بالا ياخشى، خۇدا ئۇر-سۇن قاقۋاشنى، دېگەنىكەن كونىلار. ھېلىمۇ ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ كۆپ قان تۆكۈلۈپ كەتتى. ئەمدى بولسىمۇ قان تۆكمەيلى. مەن شىڭ دۇبەن بىلەن پۈتۈم ئىمزالاپ جەنۇبىي شىنجاڭنى سورىغىلى ماڭدىم. شىڭ دۇبەنمۇ ئۈرۈمچىدە قالدى. گا سىلىڭمۇ تولا خەق-نىڭ يۇرتىدا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرماي ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، شۇ يەرلەردە كۈنىنى ئالسۇن. ياغاچ قازان دېگەندە بىرلا قېتىم ئاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىشىدۇ. بىزدە يەنە:

سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس،
مىسقال تۆمۈرنى.
ئالتۇن بىرىپ ئالغىلى بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

دەيدىغان گەپ بار. ھەرقايسىلىرى ئەلچى بولۇپ كەلگەنىكەنلا، ئۇ لومودىغا بىرىپ ئىيتىشىسىلا، تولا ئويۇن ئوينىماي يۇرتىغا كىتىۋالسۇن.

بۇ چاغدا مەخمۇت مۇھىتى ئەلچىلەرگە جاۋاب خەت يىزىپ بىرىش توغرۇلۇق ھاجىمنىڭ سەمىگە سالدى.

— خەلپىتىم، — دىدى ھاجى دەرھال، — ئۇلارغا جاۋاب خەت يىزىپ بىرىڭ، يۇقىرىدا مەن دىگەنلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي يىزىڭ. گا سىلىڭغا خەقنىڭ يۇرتىدا نىمە بار، ئۇمۇ دەرھال ئۆز يۇرتىنى تىپىۋالسۇن.

يۇقىرىقى ئىشلار نەمەت خەلپەتنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن بولغاچقا، ئۇ كۇلۇمسىرىگىنىچە قەلەمنى قولىغا ئىلىپ يىزىشقا كىرىشتى.

*　　　　*

خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ئەل - يۇرتنىڭ ئاللادىن نۇسرەت تىلەپ ياڭراتقان ئاسمان - پەلەك دۇئا سادالىرى ئىچىدە، توقسۇن خەلقى بىلەن خەيرلىشىپ يىلانلىقتىن قوزغىلىپ ئارغىبۇلاق تاغلىرى بىلەن كۇمۇش، قاراقىزىل ئۆتەڭلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىككى يىرىم كۈن يول يۈرۈپ ئۇششاقتالغا يىقىنلاشقاندا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئاتلىق كىشى كىلىپ ئۇششاقتالدا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 1000 غا يىقىن چىرىكنىڭ خەلققە ئالۋان سىلىپ ئاكوپ

قازدۇرۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈز-
دى. خوجىنىياز ھاجى ئۇ كىشىدىن بۇ چېرىكلەرنىڭ قايسى قى-
سىملاردىن ئىكەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ كىشى مۇنداق دېدى:
— ئۇلار گا سىلىڭنىڭ قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق خەنزۇ چې-
رىكلىرى ئىكەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ جەنۇبقا سەپەر قىلغانلىقلىرد-
نى ئاڭلاپ، گا سىلىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرقايسىلىرىنى جەنۇب-
قا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن جەڭ تەييارلىقى قىلىۋېتىپتۇ.
— ئەستا،— دېدى بۇ چاغدا مەخمۇت مۇھىتى،— دەرەخ
لىڭشىمايمەن دېسىمۇ شامال كېلىپ ئۇنى تىنچ قويمىسا، ئۇنداق
قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئوخشايدۇ.
— توغرا، بۇ ئەبلەخلەرنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويای-
لى.
— بىزگە قىلغانلىرىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىدىغان چاغ
كەلدى.
ئەتراپتىن غەزەپلىك سادالار ياڭراشقا باشلىدى.
— ما ئىشنى كۆرمەمدىغان، ئۆزۈم مۇسۇلمان تۇرۇپ يەنە
بىر مۇسۇلمان بىلەن سوقۇشسام ئاللا راۋا كۆرەمدۇ،— ھاجى
بۇرۇلۇپ نەمەت خەلپەتكە قارىدى،— ئارىمىزدا سىزدىن موللىراق
كىشى يوق، قېنى ئېيتىڭچۇ، خەلپىتىم، ئاللانىڭ كالامىدا بۇ
مۇشكۈلگە يول بارمۇ؟
— يول بار، ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ كالامىدا مۇنداق دېگەن،—
نەمەت خەلپەت بوم ناغرىدەك يوغان ئاۋازلىرى بىلەن، «قۇرئان»
ئايەتلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن، مەنىسىنى
يېشىشكە باشلىدى،— بۇنىڭ مەنىسى: سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان
ئادەملەرگە قارشى ئاللانىڭ يولىدا جەڭ قىلىڭلار، (ئۆزۈڭلار)
تاجاۋۇز قىلماڭلار، ئاللا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست
تۇتمايدۇ... ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىڭلار، دېگەنلىكتۇر،— دېدى.
— گا سىلىڭ ھەر نېمىدېگەن بىلەن مۇسۇلمان تۇرسا، بۇ

قانداق بولغىنى؟— ھاجى جىددىي قىياپەتتە سوراپ قالدى.

— توغرا، ئۇ مۇسۇلمان، ئەمما ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلمانغا تاجاۋۇز قىلماقچى. ئاللا سۇبھانالللا ئۆز كالامىدا يەنە: «پىتنە ـ ئىغۋا چىقارماق، ئادەم ئۆلتۈرمەكتىنمۇ يامانىدۇر» دەيدۇ. ما جۇڭيىڭ ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى قىلغانىكەن، ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

— بۇ ئايەتلەر قايسى سۈرىدە؟

— «سۈرە بەقەر» دە.

— مانا بۇ ئىلىمنىڭ خاسىيىتى،— دېدى ھاجى سەل ئېچىلىپ،— بىزدەك قارىتۇرۇكلەر «قۇرئان» ئوقۇغان بىلەن مەنىسىنى بىلمەيمىز، دەريا بويىغا بېرىپ سۇ ئىچەلمىگەنگە ئوخشاش. خەلپىتىممۇ بىزگە ياخشى پەتىۋا چىقىرىپ بەردى. شۇنداقتىمۇ ئىلاج بار قان تۆكمەسلىك ئۇچۈن، ئۇلارغا بىر ئەلچى ئەۋەتىپ كۆرەيلى، ئۇنىمىسا ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى كۆرەرمىز، قانداق دەيسىلەر؟

شۇنداق قىلىپ پىدائىيلار ھاجىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە قوشۇلدى ۋە قاسىم ئەپەندى باشلىق ئىككى يىگىتنى ئەلچىلىككە تاللىدى. ئەلچىلەر ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن پىدائىيلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى، لېكىن چېرىكلەر ئەلچىلەرنى كۆرۈپلا ئوق چىقىرىپ، ئەلچىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن يىگىتنى ئاتتىن غۇلاتتى. قاسىم ئەپەندىگىمۇ ئوق تېگىپ يارىدار بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى. ئەھۋالنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ دۇربۈن بىلەن كۆزىتىۋاتقان خوجىنىياز ھاجى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئات بۇ لومودىلارنى!

شۇنىڭ بىلەن پىدائىيلار بىلەن ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلىنىپ، پىدائىيلار «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ تۇۋلىسا، چېرىكلەر «شا، شا» دەپ ۋارقىرىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭ بىر مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن چېرىكلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. پىدائىيلاردىنمۇ 20 دەك يىگىت شېھىت

بولغاندى. پىدائىيلار شىھىت بولغان ئەزىمەتلەرگە يەرلىك كولاپ بولغاندىن كېيىن، نەمەت خەلپەت ئالدىغا ئۆتتى.

— كۆپچىلىك دىققەت، ھازىر شىھىتلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىمىز. تاھارەت ئېلىشقا سۇ يوق يەردە تەيەممۇم قىلىش جائىزدۇر. تەيەممۇمنى بىلمەيدىغانلار مانا مۇنداق قىلسا بولىدۇ...

شۇنىڭ بىلەن شىھىتلەر يەرلىككە قويۇلدى.

بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى يانچۇقىدىن قانغا بويىلىپ كەتكەن بىر پارچە خەتنى ئالدى.

— بۇ خەت گا سىلىڭنىڭ خەن تۇەنجاڭغا يازغان خېتى ئىكەن. خەن تۇەنجاڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن يىگىتلەر يانچۇقىدىن تېپىۋاپتۇ. بۇنى بىر كۆرۈپ بېقىڭلار.

خەتنىڭ بېشىغا «36 ـ دىۋىزىيە شتابىدىن، 170 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلىپ، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققانلىقى، شۇڭا بۇ بۇيرۇق تەگكەن ھامان تاغ يولى ئارقىلىق چىغىر يول بىلەن كېچەكۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، قاراشەھەردىكى ما تۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا يېزىلغانىدى.

— خەلپىتىمنىڭ چىقارغان پەتىۋاسىغا سەل قاراپ بىرمۇنچە چىقىم تارتتۇقۇ، — دېدى خوجىنىياز ھاجى تۆۋەنچىلىك بىلەن، — ئەمدى نېمە ئىش بولسا بولسۇن، مەن ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەرگىز بىرلەشمەيمەن. پۈتۈننىڭ روھىغا ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ يۇرت سورايمىز. بۇنىڭغا سوۋېت كونسۇلىمۇ گۇۋاھ.

ھاجى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يىگىتلەر بۇرالدى.

— ئاۋۇ ئۆلۈكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئازگال كولاپ بولسىمۇ كۆمۈپ قويۇڭلار. دۈشمەن بولسىمۇ ئادەم، ئۆلۈكى يەرلىكسىز قېلىپ قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتمىسۇن.

ئۆلۈكلەر كۆمۈۋېتىلگەندىن كېيىن، قوشۇن يەنە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەنسىز خىياللار

خوجىنىياز ھاجى سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققۇدەك، دېگەندەك كوچا پاراڭلىرى ئاۋۇپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئۇخلىسىمۇ چۈشىدە باشقىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ چۈشەيدىغان، باشقىلار قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ جاپاسىنى يەڭگىللىتىشكە ئۆگىنىپ قالغان نەمەت خەلپەت ھازىر تولىمۇ خىيالچان ھالەتتە كىشىلەرگىمۇ ئارىلاشماي ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ يۈرەتتى. چۈنكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگىنى راست بولۇپ، بۇ ھەقتە شېڭ دۇبەن ئۇنىڭغا ئۇستىلەپ تېلېگرامما يوللاپ، ئۈرۈمچىگە تېزرەك يېتىپ كەلسىڭىز، دەپ سۆيلەۋاتاتتى. بۇ كۈنلەردە يەنە توقسۇندىن قەشقەرگىچە بولغان لىنىيىدىكى ما جۇڭيىڭ، ما خۇسەن، ما جەنساڭ چېرىكلىرى بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردە شېھىت بولغان پىداكار ئوغلانلارنىڭ روھى ئۇنى ھېچبىر ئارام تاپقۇزمايۋاتاتتى.

«ئۆزلىرى دېگەن مەرھۇم مەخسۇت ئاكام زامانىسىدىن باشلاپ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە مەسلىھەتچى بولۇپ كەلگەن ئادەم، — دەيتتى ئۇلار نەمەت خەلپەت كۆز يۇمۇشىغىلا، — ئەمدى دەپ باقسىلاچۇ، خوجىنىياز ھاجى غازى ئاتىمىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ يۇرت سورىمىسىمۇ، قەشقەردە تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدىغۇ؟»

«ئۈرۈمچىگە بارسا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ يىغىسىنى يىغلىيالايدۇ ئەمەسمۇ...»

«قۇرۇق گەپ، — دەيتتى ئۇلار، — شىڭ دۇبەن دېگەن ھاجى ئاتىمىزغا ئوخشاش ئۇنداق ئاق كۆڭۈل كىشى ئەمەس. ئۇ دېگەن ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت. ئەگەر شۇنداق بولمىسا نېمىشقا بىزگە ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغ جەھەتتە ياردەمدە بولماي، ياقا يۇرتلۇق بىر تۇڭگاننىڭ ئارقىمىزدىن ئۇر ـ سوق قىلىپ قوغلاپ يۈرۈشىگە سۈكۈت قىلىدۇ...»

بۇنداق چاغلاردا كۆڭلى بۇزۇلغان نەمەت خەلپەت دەرھال ئېرىقنى ئېلىپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، دائىم ئۆز يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتقان «قۇرئان» نى ئوقۇشقا باشلايتتى. «قۇرئان» دىكى ئاجايىپ پاساھەت ۋە سۆز بالاغىتى بىلەن تولغان كەلىمىلەرنى ھەربىر ئوقۇغىنىدا كۆڭلى يورۇپ، دىلى ئازابتىن سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولاتتى ـ دە، لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىدىكى چېغىدا مەرھۇم ئۇستازى رىقىپ قازى ئاخۇنۇمدىن ئىشىتكەن «قەسىدە بۇردە» ناملىق مەشھۇر قەسىدىنى يادىغا ئالاتتى:

دەيدۇ ئۇمىد باغلاپ كەلگەن دوستلىرىم،
قىلالمايمىز ساڭا ياردەم ـ شاپائەت.
دېدىم: كۆرەي ئۆز يولۇمغا قويۇڭلار،
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى نىھايەت.
ئاخىر بىر كۈن ئۆلەر ئادەم بالىسى،
ئۇزۇن يىللار ياشىسىمۇ سالامەت.
رەسۇلىللا ماڭا ئۆلۈم بۇيرۇپتۇ،
ئۇمىدىم بار، كەچۈرەر قىپ ئىنايەت.
بەردى ئاللا ساڭا روشەن قۇرئاننى،
ھەق دىنغا قىلىپ سېنى ھىدايەت.
رەسۇلىللا دۇشمەن ئۇچۇن ئاللانىڭ،
ئۆتكۈر، نۇرلۇق قىلىچىدۇر ئالامەت.

مەزكۇر قەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى، دەپ نامى تىلـ

لاردا داستان بولۇۋاتقان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام غازات قىلىۋاتقان كۈنلەردە كەڭ ئەرەب دۇنياسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، نەمەت خەلپەت بۇ قەسىدىنى پىچىرلاپ تۇرۇپ يادلىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئالدى. «نىمىدېگەن چوڭقۇر مەنىلەرگە تويۇنغان مىسرالار ـ ھە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مانا ھازىر بىز ئەنە شۇ خىل ئەھۋالدا يۈچىلىنىۋاتىمىز». ئۇ ئەنە شۇنداق كۆڭۈل غەشلىكى بىلەن تۇرۇۋاتقان مەھەلدە مەخمۇت سىجاڭنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى كېلىپ، ئۇنى سىجاڭنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سىجاڭنىڭ يېنىغا كىرگەندە، سىجاڭ شتاب ئىشخانىسىدا يالغۇز بولۇپ، تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەخمۇت ئاكا...

— بەللى، بەللى، ئاچقان يەرگە تەگكەندەك گەپ قىلدىڭلا، ئۇكەم، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ، — ئويلاپ باقسام ئاستانىدە قوزغالغاندىن بۇيان ساپلا «دوكلات»، «بۇيرۇق» دېگەندەك سۆزلەرنىلا ئاڭلاپ، ئۆز خەلقىمىزنىڭ سالامىلىشىش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغىلى خېلى بولغانىدى.

نەمەت خەلپەت يەرگە قارىغىنىچە جىم تۇردى، بۇ چاغدا جىمجىتلىقنى يەنە مەخمۇت سىجاڭ بۇزدى.

— قارىسام، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى جىمىپلا كەتتىلە، ناماز ۋاقتلىرىدىمۇ نامازنى ئۆتەپ بولۇپلا ھەممىمىزدىن بۇرۇن ئالدىراپ ياندىلا، ئۆزلىرىگە بىر ئىش بولمىغاندۇر، خەلپىتىم؟

— يوقسۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت تۆۋەن ئاۋازدا، — يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى جەڭدە شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمنى تولا چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلار خوجىنىياز ھاجى ئاتىمىزنى ئۈرۈمچىگە بېرىشتىن توسۇسىلا، شىڭ دۇبەن دېگەن بۇ ئىپلاس ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلىدە بولمايدۇ دېگۈدەك...

— مەنمۇ شۇ قاراشتا، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەپ، — لېكىن ھازىرقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان

بولساق، ئۇ ئۇرۇمچىگە بارمىسا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— مەن ئۆزلىرىگە مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز زامانىسىدا كەڭ تارقالغان بىر شېئىرنى ئوقۇپ بېرەي، — نەمەت خەلپەت ئىلىم ئەھلىگە خاس ئىخلاس ۋە شائىرلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن «قەسىدە بۇردە» نى ئوقۇپ تۈگەتتى، — مانا ھازىر بىز نەق شۇ ئەھۋالدا قالدۇق، سىجاڭ.

— قانداق دەيدىلا؟

— ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، — دەپ سۆز باشلىدى نەمەت خەلپەت، — بىز دەسلەپتە قوزغالغان چاغلاردا ما شىمىڭغا ئۈمىد باغلاپ، دىغاردىن ئاستانىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەندۇق، لېكىن پىچاندىكى ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقانلىقىمىزنى كۆرۈپلا قاراشەھەرگە تىكىۋەتتى. مەرھۇم مەخسۇت باي ھاجى ئاكىمىزنى چىلاپ كېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ماڭغاندا، بىز يەنە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ قاراشەھەرگە بارغاندۇق، نەتىجىدە نېمە بولدى؟ بىزنى چەتكە قېقىپ خوتۇنسۇمبۇلغا قاپساپ قويۇپ، بىزدىن يوشۇرۇنچە ئەلچى ئەۋەتىپ گا سىلىڭنى چىللاپ چىقتى. گا سىلىڭ «ھاجى — ئاتا، مەن بولسام بالا، ئاتا دېگەن بالىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، ھاجى ئاتام نەيزىنىڭ سىپى بولسۇن، مەن ئۇچى بولۇپ قەيەرگە شىلتىسا شۇ يەرگە سانجىلاي» دېگەندەك ياغلىما گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىۋىدى، بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە چىنپۈتۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىۋىدۇق، ئۇ جىمسىاردا ئولجا ئالغان قوراللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ دۇبەن بىلەن بىرلەشتۇق، لېكىن ئۇ بىزگە نېمە قىلىپ بەردى؟ ناھايىتى شۇ 10 نەچچە ساندۇق ئوق ـ دورا ۋە ئاز ـ تولا خىراجەت بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا باشتىن ـ ئاياغ تاماشايىمىزنى كۆردى. مانا ئەمدى شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ قولى ئارقىلىق گا سىلىڭنى جايلىغاندىن كېيىن، ھاجى ئاتىمىزنى ئۇرۇمچىگە چىللاۋاتىدۇ. بىزدىنمۇ ئۈمىد كۈتكەنلەر چىققان. مەسىلەن، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرغۇچىلاردىن سابىت داموللا قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىزدىن ئۇمىد كۈتۈپ، ھەرقايسىمىزنى ئۆزىمىزگە لايىق ئەمەل ـ مەنسەپ بىلەن تارتۇقلىغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۇق ھەمدە يەنە شۇ شېڭ دۇبەنىنىڭ بۇيرۇقى ۋە شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارنى قولغا ئالدۇق. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇددى «قەسىدە بۇردە» دە ئېيتىلغان «دەيدۇ ئۇمىد باغلاپ كەلـ. گەن دوستلىرىم، قىلالمايمىز ساڭا ياردەم ـ شاپائەت» دېگەن مىسرالىرىدىكى مەزمۇنلارغا نەقەدەر ئوخشاپ كەتكەن ـ ھە!

— ئۆزلىرىچە بولسا ھاجى ئاكام ئۇرۇمچىگە بارسا دۇرۇس بولامدۇ؟

— ئاللانىڭ كالامىدا،— دەپ سۆز باشلىدى نەمەت خەلـ. پەت،— «سەن مەلۇم قوۋمنىڭ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقساڭ، كېلىشىمنى ئۇلارغا تاشلاپ بەرگىن. ئاللا خائىنلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» (سۈرە ئەنفال) دېگەن ئايەتلەر بار، ئەمدىكى گەپ رۇسلار جىمسار يۇتۇمى كۈچكە ئىگە دەپ ھەدەپ جار سېلىۋاتىدۇ، لېكىن شېڭ بىلەن بىللە شورالار كونسۇلى دېگەنلەر يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار ئەمەس ـ دە؟!

*　　　　　　*

يۇقىرىقى سۆھبەت بولۇپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر ئۆمەك تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەخمۇت مۇھىتىنىڭ بولسا جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە 6 ـ دىۋىزىـ. يىنىڭ قوماندانلىقىغا رەسمىي تەيىنلەنگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ چاغلار ھاجى ۋە مەخمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرى يەكەندىن ئاقسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشقىلى ئۇزاق بولمىغان چاغلار بولۇپ، بۇگۇن ئاق.

سۆ دوتەي مەھكىمىسىنىڭ كەڭرى، ئازادە يىغىن زالىدا سۆھبەت قىزىغاندى. بۇ قېتىم خوجىنىياز ھاجىنى ئالغىلى سوۋېت كونسۇ-لىنىڭ ۋەكىلى ئاپرىسېف ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا كەلگەندى.

سۆھبەتكە خوجىنىياز ھاجى تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت مۇھىتى، نەمەت خەلپەت ۋە پازىل دورغا قاتارلىق رەھبەر-لەر قاتناشقان بولۇپ، ھاجى سۆھبەت باشلىنا ـ باشلانمايلا ئاپرى-سېفنى تەمتىرىتىپ قويىدى.

— سىلەر شىڭ دۇبەننىڭ تەلىپى بويىچە ما جۇڭيىڭ قىسىم-لىرىنى بومباردىمان قىلىپ ھالاكەتكە يۈزلەندۈردۈڭلاريۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن قانات ئاستىڭلارغا ئېلىپ ئۆز تەۋەلىكىڭلاردىن پاناھلى-نىشقا يول قويدۇڭلار؟

ئاپرىسېفتىن سادا چىقمىدى.

— يا لېنىن ئىنقىلاب قىلغاندا، ئاق پادىشاھنىڭ سولداتلىرى-نى ئاشۇ تۇڭگانلارغا ئوخشاش قورالسىزلاندۇرماي، بىر بۇلۇڭدا ساقلاپ قويغانمۇ؟

دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىشلەپ، بۇ ساھەدە خېلى تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرخىل تائىپە كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا دىپلوماتلارغا خاس سالاپەت ۋە ئۇستا ناتىقلىقى بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىپ شۆھرەت قازانغان ئاپرىسېف خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاچچىق كىنايە يوشۇرۇنغان سوئاللىرى ئارى-سىدا سەل تەمتىرەپ قالدى ۋە بۇ ئىشنى شىڭ دۇبەنگە ئىتتىرىپ قويدى:

— ھاجىم سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدىكى ئىش ئەمەس، بۇنى ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى ئۈرۈمچى-گە بارغاندىن كېيىن، شىڭ دۇبەن ئۆزى چۈشەندۈرۈپ قويسۇن.

— جىمسار پۇتۇمى ھازىر كۆچكە ئىگە بولامدۇ؟ — تۇيۇقسىز سوئال قويدى مەخمۇت مۇھىتى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە كۈچكە ئىگە، — بۇ ئوڭاي سوئالغا

ئاپرىسىپ ئالدىراپ جاۋاب بەردى، — خوجىنىياز ھاجى جانابلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىنىنىشىمۇ، سىز گېنېرال جانابلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋە قوشۇمچە 6-دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىڭىزلەر بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق بولسا جىمسار پۇتۇمى بويىچە ئىش كۆرگىنىمىز توغرۇلۇق، — دېدى مەخمۇت مۇھىتى، — ئۇ پۇتۇمدە ھاجى ئاكىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن، بۇ پۇتۇمگە ھۆكۈمىتىڭىزلارنىڭ سابىق كونسۇلى زىلاتكىن شاھىت بولۇپ قول قويغان.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — دېدى ئاپرىسىپ مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۇنداق بولغاندىكىن ھاجى ئاكام ئۈرۈمچىگە بارمىسىمۇ بولۇۋەرمەمدۇ؟

— ھاجى جانابلىرى ئۈرۈمچىگە بېرىپ مەنسەپكە ئولتۇرسا، جەنۇبىي شىنجاڭغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە ھۆكمىنى يۈرگۈزەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟...

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ئاپرىسىپنىڭ سۆزى نەدىن چىقاركىن، دېگەن نىيەتتە جىم بولۇپ قالدى.

— شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان قايسىبىر ئۇيغۇر بۇنداق كاتتا شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولالىغان؟...

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەپ كەتتىكىن بىر چاغدا ھاجىنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى:

— ياق، مەن ئۈرۈمچىگە بارمايمەن، ياڭ جاڭجۇڭ دېگەن قېرى تۈلكىمۇ ئۆز چېغىدا تۆمۈر ئاكامغا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلغانىيۇ، ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئاپىرىۋالغاندىن كېيىن يەنە قىلارىنى قىلغان.

— شىڭ دۇبەن دېگەن ياڭ جاڭجۇڭ ئەمەس، ئۆزلىرى ياشا-
ۋاتقان بۇ زامانمۇ تۆمۈر خەلپە زامانىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە
گېنېرال مەخمۇت مۇھىتى نەچچە مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن
جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدى-
كى بارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۆزۈڭلار سايلاڭلار، جىمى-
سار پۇتۇمىدە بۇ ئىشلار ئېنىق دېيىلگەنغۇ، بىز پۇتۇمنىڭ ئىجرا-
سىغا، شۇنداقلا ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلى-
كىگە ئۆزىمىز كېپىل بولىمىز.
— بۇ ئورۇس ھىيلىقى ئايەتلەردىن خەۋەرداردەكلا گەپلەرنى
قىلىۋاتىدىغۇ؟ — دېدى نەمەت خەلپەت يەنە قىزىقچىلىق قىلغۇسى
كېلىپ مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.
بۇ چاغدا سۆھبەتكە قاتناشقان باشقا كىشىلەرنىڭ چىرايىدا
خۇشاللىق جىلۋىسى پارلىغان بولۇپ، ئۇلار ئاللىقانداق شېرىن
خىياللارنىڭ ۋەسۋەسىگە چۆمگەنىدى.

* *

ھاجى مەخمۇت مۇھىتى بىلەن نەمەت خەلپەتلەرنىڭ ئانچە رازى
ئەمەسلىكىنى پەملەپ، ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى.
— مەن شىڭ دۇبەن دېگەن لومىـودىنغا ھەرگىز ئىشەنمەي-
مەن، — دېدى مەخمۇت مۇھىتى ئاياپ ئولتۇرمايلا، — شۇڭا ھاجى
ئاكامنىڭ ئۇرۇمچىگە بارماسلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەۋسىيە
قىلىمەن.
— خەلپىتىم، سىزچىچۇ؟ — خوجىنىياز ھاجى نەمەت خەل-
پەتكە قارىدى.
ئەسلىدە نەمەت خەلپەتمۇ مەخمۇت مۇھىتىنىڭ سۆزىنى قۇۋ-
ۋەتلىمەكچىدى، لېكىن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇلار ئىشنىڭ
ئاللىقاچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەملەپ، مۇنداق دېدى:
— ھاجى ئاكام رۇخسەت قىلسا، مەن ئاۋۋال بىر ھېكايە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ بىرىنچى تورى

ئېيتىپ بەرسەم.
— ھەي، خەلپىتىم، — دېدى ھاجى كولۇپ، — سىز بەكمۇ قىزىق ئادەم جۇمۇ! قارىغاندا مەدرىسىنىڭ نېنىنى بىكار يېمەپ-سىز، بۇلتۇر جىمساردىكى چېغىمىزدىمۇ بىرلا ھېكايە سۆزلەش بىلەن مېنى قايىل قىلغانىدىڭىز، ئەمدى يەنە بىر ھېكايە بىلەن بۇ قېتىممۇ قايىل قىلاي دەمسىز؟
— دەرۋەقە، مەدرىسىدىكى چېغىمدا بىر كىتابتىن مۇنداق بىر ھېكايە ئوقۇغانىدىم، — دېدى نەمەت خەلپەت، — بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مايمۇنلار مەملىكىتىدە كاردان دېگەن مايمۇن پادىشاھ بار ئىكەن. يىللار ئۆتكەنسېرى كاردان قېرىپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە پادىشاھلىق تەختىنى ئوغلىغا بېرىپ، ئۆزى خىلۋەت بىر ئارامگاھتا يالغۇز ياشاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئارامگاھ بىر ئەزىم دەريانىڭ ياقىسىغا جايلاشقان بىر مېۋىزارلىق باغ بو-لۇپ، ئۇنىڭدا پىستە ـ بادام، ئەنجۈردىن تارتىپ جاھاندا بارلىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى تەييار ئىكەن. كاردان شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ مېۋىلەرنى خالىغانچە يەپ، ھۇزۇر قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يوغان بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇر-غاندا، دەريادىن بىر تاشپاقا چىقىپ، شۇ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئۆمىلەپ كەپتۇ. كاردان ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئىككى تال ئەنجۈرنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. تاشپاقا ئۇنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ بولۇپ، يەنە بارمىكىن دەپ يېنىغا قاراپتۇ. كاردان ئەنجۈرنىڭ سۇغا چولتۇكلاپ چۈشكەن ئاۋازىغا قىزىقىپ يەنە بىرنەچچە تال تاشلاپتۇ. تاشپاقا بۇ ئەنجۈرلەرنى ئاسماندىن چۈشتى، دەپ ئويلاپ: «توۋا، نەچچە يىللاردىن بۇيان ئەجەب بىلمەپتىمەن، بۇ يەردە ئاسماندىن ئەنجۈر چۈشىدىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. كاردان بۇ گەپ-نى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدىلا تاشپاقا بۇ ئەنجۈرلەرنى شۇ مايمۇننىڭ تاشلاپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا سەممىي رەھمەت ئېيتىپتۇ.
كاردان بۇ تاشپاقىنىڭ ساددا مەخلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،

دەرەختىن چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ مۇڭ قىلىشقا باشلاپتۇ. تاشپاقا مۇنداق داستىخىنى كەڭ يېڭى بىر دوست تاپقىنىدىن، كاردان مۇنداق يالغۇزچىلىقتا بىر مۇڭداش تېپىلغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تاشپاقا ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىدىغان، كاردانمۇ ئۇنى ھەرخىل شېرىن مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان يىللىرىدا ئاڭلىغان ـ بىلگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بېرىدى-غان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق رىشتىسى باغلىنىپ، بىر ـ بىرىنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. تاشپاقىنىڭ ئۆيى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئىكەن. ئۇ ھەركۈنى تاڭ سەھەردىلا ئۇنى كۆرگىلى كېلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەچكىچە مۇڭدىشىكەن.

— بۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان، — دەپ داۋام قىلدى نەمەت خەلپەت، — تاشپاقىنىڭ خوتۇنى تولىمۇ كۈنچى ئىكەن. ئۇ ئېرىنى «نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ» دەپ سوراق قىلغىلى، ھەتتا بارا ـ بارا «سەن ئاشنا تېپىۋاپسەن» دەپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىلى تۇرۇپتۇ. تاشپاقا ئۆزىنىڭ ھېلىقى مايمۇن بىلەن دوستلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە زادى تۇرالماي-دىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەنە ھەر كۈنى كاردانىنىڭ يېنىغا بېرىۋېرىپ-تۇ. خوتۇنى مۇنداق بولۇۋەرسە، ئېرىنىڭ ئۆيدىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا چارە تاپماق مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ دەردىنى شۇ مەھەللىدىكى بىر قېرى دەللىگە ئېيتىپتۇ.

«بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، — دەپتۇ دەللە، — سېرىق ھېلىلە-نى سۇدا ئېزىپ، يۈزىڭىزگە سۈرتسىڭىز، ئۆزۈڭ يىل ئاغرىق تارتقان بىماردەك سارغىيىپ كېتىسىز، ئاندىن: ‹ئۆلدۇم، ئۆچ-تۇم› دەپ يېتىۋېلىڭ، ئېرىڭىز ئەلۋەتتە تېۋىپ ئىزدەيدۇ ۋە چوقۇم مېنى تاپىدۇ. قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.»

تاشپاقىنىڭ خوتۇنى دەللىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ، ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ئىنجىقلاپ يېتىۋاپتۇ. تاشپاقا ھېلىقى دەللىنى

www.uyghurkitap.com

چىللاپ كېلىپ تومۇر تۇتقۇزۇپتۇ.

«خوتۇنىڭىزنىڭ ئاغرىقى جانغا قادالغان ئاغرىق ئىكەن، دەرھال دورا قىلمىساق ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسىز» دەپتۇ دەللە ۋە بۇ ئاغرىققا مايمۇننىڭ يۈرىكىدىن باشقا دورا يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

تاشپاقا مايمۇننىڭ يۈرىكىنى نەدىن تاپىمەن، دەپ قايغۇرۇشقا باشلىغاندا، ھېلىقى دەللە:

«مايمۇندىن بىر دوستىڭىز بارلىقىنى ھەممىمىز ئاڭلىغان، ئەجەبكى، ئۇ دوستىڭىز سىزدىن بىرەر يۈرەكنى ئايىسا!» دەپتۇ.

بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتقان تاشپاقا:

«ۋاي جېنىم چوڭ ئانا، ئۇ ھەرقانچە دوستۇم بولغان بىلەن مەن سورىغانغا يۈرىكىنى بېرەمتى؟» دەپتۇ.

دەللە ئاچچىقلىنىپ:

«ئۇنىڭدىن يۈرىكىنى سورىۋالامسىز، سۇغۇرۇۋالامسىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، يا خوتۇنىڭىزغا تۇرۇڭ، يا مايمۇن دوستىڭىزغا، ئىككىنىڭ بىرى» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەخمەق تاشپاقا ئاخىر نىيىتىنى بۇزۇپ، كاردانىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. كاردان ئۇنىڭ نەچچە كۈنلەپ كەلمىگىنىنى ۋە چىرايىدىكى غەم- قايغۇ بۇلۇتلىرىنى كۆرۈپ:

«سىزگە نېمە خاپىلىق يەتتى، دوستۇم؟» دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. تاشپاقا خوتۇنىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ:

«مۇشۇنداق كۈنلەردە دوستلۇق ھۆرمىتى ئۈچۈن، مېنىڭ غېرىب كۆلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئايالىمدىن بىرەر ئېغىز ئەھۋال سوراپ قويسىڭىز، سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىز شارائىتىدىن ئۇ بىچارە بىمار تەسەللى تېپىپ، ساقىيىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. مېنىڭمۇ بېشىم كۆككە تاقىشۇر ئىدى» دەپتۇ.

كاردان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ دەريادىن ئۆزۈپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئۆزرە قىلىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا تۈرلۈك مېۋىلەردىن سوۋغات ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. تاشپاقا:

«سۇ ئۈزەلمەسلىكىڭىز ئۆزرە ئەمەس، مېنىڭ ئۇستۇمگە مىنسىڭىز، دەريادىن بەھۇزۇر ئۆتۈۋېرىسىز ئەمەسمۇ؟» دەپ قاتـ-تىق تۇرۇۋاپتۇ. كاردان ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي، تاشپاقىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئەمما دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيۇپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاشپاقىنىڭ پەيلى بۇ-زۇقتەك، «ئاپلا، قىلتاققا ئىلىنىپتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ كاردان ۋە دەرھال ھوشىنى يىغىپ:

«ئەي ئەزىز دوستۇم، نېمە قىلىۋاتىسىز، ھەرىكىتىڭىز باشـ-قىچىغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. تاشپاقا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ:

«مانا شۇ ۋەجىدىن ماڭا سىزنىڭ يۈرىكىڭىز لازىم بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن سىزنى دەرياغا غەرق قىلىپ يۈرىكىڭىزنى سۇغۇرۇۋالىمەن، مەندىن رەنجىمەڭ» دەپتۇ.

كاردان ناھايىتى ئاقىل ۋە چېچەن مايمۇن ئىكەن. ئۇ دەرھال يوتىسىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ۋە:

«ھەي دوستۇم، سىزدىن بىر يۈرەك ئايلانسۇن، ئەمما بۇ گەپنى نېمىشقا بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئېيتمىدىڭىز؟ بىز مايمۇنلارنىڭ سەپەرگە چىققاندا يۈرىكىمىزنى ئۆيىمىزدە قويۇپ ماـ-ڭىدىغان ئادىتىمىز بار ئىدى، مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئۆيدە قالغان ئەمەسمۇ!» دەپتۇ.

«ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دەپتۇ تاشپاقا.

«دەرھال ئۆيگە قايتىپ، يۈرەكنى ئېلىۋېلىپ، يەنە يولغا چىقايلى» دەپتۇ مايمۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ، دەريانىڭ ئۇ قېشىغا كەلگەندە، مايمۇن بىرلا سەكرەپ ھېلىقى ئەنجۈر دەرىخىگە چىقىـ-ۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن تاشپاقا:

«قېنى، دوستۇم، يۈرىكىڭىزنى تاپقان بولسىڭىز، تېزرەك يولغا چىقايلى» دەپتۇ مايمۇنغا خىتاب قىلىپ.

مايمۇن دەرەخ بېشىدا ئولتۇرۇپ:

«ئاۋۋال مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن يولغا چىقساقمۇ ئۈلگۈرىمىز» دەپتۇ ۋە ھېكايىنى باشلاپتۇ:

«يىرتقۇچلارنىڭ پادىشاھى بولغان شىر قوتۇر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تۈكلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ. تېۋىپلار كۆرۈپ، بۇ كېسەللىكنىڭگە ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقى دورا بولغاي، دەپتۇ. شىر تۈلكىنى بىر ئېشەك تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شىر ماكان تۇتقان غارغا يېقىن بىر يەردە بىر دەريا بار ئىكەن. شەھەردە بوياقچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم بويىغان ماتا ـ چەكمەنلىرىنى ئېشىكىگە ئارتىپ كېلىپ، شۇ دەريانىڭ سۈيىدە چايقايدىكەن. بوياقچى ماتا ـ چەكمەنلەرنى قۇرۇتۇپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئېشىكى شۇ ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرىدىكەن. تۈلكە بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغاچقا، دەرھال ئېشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ھەي بىچارە، مۇنداق سېسىق ئوتلارنى يېگۈچە، ئاۋۇ غاردىكى زۇمرەتتەك يېشىل، سۇمبۇلدەك يۇمران مايسىلارنى يېسەڭ بولماسمىدى؟›، دەپتۇ. ئېشەك تۈلكىنىڭ گېپىگە كىرىپ، غار تەرەپكە مېڭىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق غارغا كىرىپ، شىرغا خەۋەر قىپتۇ ۋە ئېشەككە ئالدىراماي تېگىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئارقىدىنلا ئېشەكنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ‹بۇ بىر تىلسىم غار، ئۇنىڭ ئىچىدە شىرغا ئوخشايدىغان بىر تاش بۇت بار. ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمە، بۇرادەر›، دەپ قويۇپتۇ. ئېشەك غارغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا ياپيېشىل يۇمران ئوت ـ چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغۇدەك. بىراق ئۇ ئەمدىلا ئوتلاشقا باشلىغاندا، نەپسى تاقىلداپ كەتكەن شىر مىدىرلاپ تاشلاپتۇ.

ئېشەك بۇنى تۇيۇپ قېلىپ بەدەر قېچىپتۇ. تۈلكە ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، نېمىشقا قاچقانلىقىنى سورىغاندا، ئېشەك بايىقى ئەھۋالنى ئېيتىپ: ‹سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟›، دەپ تۈلكىگە كايىپتۇ. تۈلكە بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن ئېشەكنى ئىشەندۈرۈپ، يەنە غارغا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ قېتىم شىرمۇ نەپسىنى يىغىپ تاكى ئېشەك خاتىرجەم ئوتلاپ، قارنىنى تويغۇزۇپ،

بەخىراماڭ ئېغىناپ ياتقۇچە جىم تۇرۇپتۇ. ئاندىن تۇلكىنىڭ ئىشا. رىسى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئېشەكنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭغا ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى يېيىشتىن ئاۋ. ۋال، غۇسۇل - تاھارەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانىكەن. شۇنىڭغا بىنائەن، شىر غارنىڭ ئىچكىرىسىگە غۇسۇل قىلىشقا كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا تۈلكە ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى يەۋاپتۇ. شىر كېلىپ ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى تاپالماي: «تۈلكىجان، بۇ ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقى يوق ئىكەن. غۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ۋاي تەقسىر، بۇ ئېشەكنىڭ يۈرىكى بولغان بولسا، مېنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىمگە ئالدانماس ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭدا قۇلاق بولسا، سىزنىڭ يىرتقۇچلىقىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇق. لۇق ئالدىڭىزغا ئۆز ئايىغى بىلەن كەلمەس ئىدى» دەپتۇ تۈلكە.

مايمۇن بۇ ھېكايىنى تۈگىتىپ، تاشپاقىغا مۇنداق دەپتۇ: «شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئۇ ئېشەككە ئوخشاش يۈرىكىمۇ يوق، قۇلىقىمۇ يوق مەخلۇقلاردىن ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن مې. نىڭ بوسۇغامغا قەدەم قويغۇچى بولماڭ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز شۇنىڭ بىلەن تامام.»

— بۇ قالتىس ھېكايە ئىكەن، — دېدى نەمەت خەلپەتنىڭ ھېكايىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىغان خوجىنىياز ھاجى، — سىز بۇ ھېكايىنى ئېيتىش ئارقىلىق مەخمۇت سىجاڭغا ئوخشاش ئۆرۈم. چىگە بارماڭ دېمەكچىمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن ئۆزلەرنى ئۆرۈمچىگە بارمىسۇن دې. مەكچى ئەمەسمەن، — دېدى نەمەت خەلپەت جاۋاب بېرىپ، — قازارلا، يامان كۈننىڭ سايە تاشلىشىدىن ياراتقان ئىگەم ئۆزى ئامان قىلسۇن، ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىمۇ ئاشۇ مايمۇنلارنىڭ پادىشاھى كاردانغا ئوخشاش مېنىڭ يۈرىكىم قەشقەردە، مەخمۇت سىجاڭنىڭ يېنىدا قاپتۇ. مەن ئەكې. لىپ بېرەي، دەپ دەرھال قەشقەرگە يېنىپ كەلسىلە دېمەكچىمەن، تەقسىر.

www.uyghurkitap.com

*　　　　　　*

خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا جىمسار پۇتۇمد-
نىڭ روھىغا ئاساسەن، تۇنجى بولۇپ ۋىلايەت ۋالىيلىرى بىلەن
بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى تەيىنلەپ بۇيرۇق چۈشۈر-
دى. شۇ كۈنلا پىچان ياڭخىلىق ئىبراھىم تۆەنجاڭ ئۈچتۇرپانغا،
قۇمۇللۇق قادىرھاجى كۇچارغا، توقسۇنلۇق ھەمدۇللا يىڭجاڭ قەش-
قەر پەيزىئۇاتقا ھاكىم بولۇپ ماڭدى. ئاستانىلىق نىياز شېرىپى
ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. سالى دورغا بىلەن پازىل دورغا
6 ـ دىۋىزىيە تەركىبىدىكى مىللىي قىسىملار تۆەنجاڭلىقىغا، نەمەت
خەلپەت بولسا 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا رەسمىي
تەيىنلەندى.

خوجىنىياز ھاجى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا
چىقارغاندىن كېيىن، كۆڭلى يورۇپ بېشىدىكى غەملەر سەل يېنىك-
لىگەندەك بولدى ۋە نەمەت خەلپەتنى ئايرىم قوبۇل قىلدى.

— شۇنداق قىلىپ مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم،
خەلپىتىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — لېكىن سىز
بىلەن مەخمۇت سىجاڭ بۇ يەردە قالىدىغان بولۇۋاتسىزلەر، مەخمۇت
سىجاڭ بولسا ئۇرۇشتا باتۇر كىشى، لېكىن قېنى سەل قىزىقراق،
شۇڭا بۇ كىشىنىڭ ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىپ تۇرارسىز.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزلىرىدىن نەمەت خەلپەتنىڭ كۆڭلى
بۇزۇلدى:

— ئۆزلىرى بىلەن گەرچە بىر يۇرتتا تۇغۇلمىغان بولساقمۇ،
تۇرپاندا بىرلەشكەندىن كېيىن خۇددى ئاغا ـ ئىنىلەردەك مېھر-
لىك بولۇپ قاپتىكەنمىز، — دېدى ئۇ ئۈنلىرىنى تىترىتىپ تۇ-
رۇپ، — ئۆزلىرىمۇ ھەر دائىم ھوشيار تۇرغايلا. ئۆزلىرىنى
بىرىنچىدىن، يارانقان ئىگەمگە، ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرى بىلەن
بىللە كېتىدىغان پىدائىي يىگىتلەرگە تاپشۇردۇق.

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يەنە بىر ـ بىرىگە دېيىشىدىغان نۇر-

غۇن ـ نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى، لېكىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېيىشكەندىن باشقا ھېچنېمە دېيىشەلمىدى.

ھاجى نەمەت خەلپەتتىن كېيىن مەخمۇت سىجاڭ بىلەن، پازىل، سالى دورغىلار بىلەن، ئاندىن كېيىن يەنە 6 ـ دېۋىزىيىنىڭ بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ خەيرلەشكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئالغىلى كەلگەن ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا چىقتى.

بۇ چاغدا ئاجايىپ تەسىرلىك ئىش يۈز بەردى. ماشىنا قوزغىلاي دەپ تۇرغاندا خوجىنىياز ھاجىنى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئىچىدىن: «ھاجى ئاكا» دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە باغلاقتىن بوشانغان بۇقىدەك ھۆركىرىگەن پېتى مەخمۇت سىجاڭ ئېتىلىپ چىقىپ، ھاجى ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ يېنىدا توختىدى.

— مەخمۇت ئۇكەم، — ھاجىمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن چىڭ قۇچاقلاشتى، — خەير، ئۆزلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، خەلپىتىم ئېيتقان ھېكايىنى ھەر دائىم يادلىرىدا تۇتقايلا.

بۇ كۈنى ھاجىنى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئىچىدە يەنە ئاقسۇنىڭ ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلىرىدىن باشقا يەنە بارلىق شەھەر پۇقرالىرىمۇ قوزغىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل مەنزىرە ئالدىدا ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت توپنىڭ خېلى كەينىدە بولۇپ، ھاجىلارغا كەينىنى قىلغان ھالدا، بارلىق ئەلەمنى ئىچىگە يۇتقۇنچە ئۈنسىز نىدا قىلماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كۈنلەردە

مەخمۇت سىجاڭ ۋە نەمەت خەلپەتلەر خوجىنىياز ھاجىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. چۈنكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ مەرىپەتلىك يۇرت بولغانلىقى بىلەن نامى تىللاردا داستان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى كەبى ئىلىم ساھىبلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ھەرقايسى ئەللەر تەرىپىدىن ئۇلۇغ نامى زىكرى قىلىنىپ كېلىنۋاتقان ئەزىزانە قەشقەر شەھىرى ئۇزاق مەزگىللىك ئۇرۇش جەريانىدا خانىۋەيران بولۇپ، كوچا - كويىلاردا بوران ئۇچۇپ، كىشىلەرنى غەپلەت باسقانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە 6 - دىۋىزىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان پىدائىيلارغا نىسبەتەن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئىشلار ئۇلارغا قاراشلىق ئىدى. ئۇلار قەشقەرگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن قوشۇن قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تۇتۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ قەشقەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ئۇرۇش جەريانىدا باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ بىرمۇنچە يوچۇقلار پەيدا بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرى خېلىلا كەينىدە قالغانىدى.

— ئەڭ ئالدى بىلەن مائارىپنى خەلققە يۈزلەندۈرۈش كېرەك، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ بىر كۈنى ھارغىن قىياپەتتە، — ھازىر خەلقىمىزنىڭ ئەپتىگە قارايدىغان بولساق يۈرەكلەر ئېچىشىپ كېتىدۇ.

— ئۆز چېغىدا ئۇلۇغ رەسۇلىللامۇ ھەقىقىي بايلىق — روھىي بايلىقتۇر دېگەنىكەن، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سۆز

ئېلىپ، — روھى ئويغانغان مىللەت چوقۇم ئۆز ئەركىنلىكىنى ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىنشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بىر قولد-نى ئىككى قىلالماي يۈرگەن كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن تېلېگراممىا كېلىپ قالدى.

— نېمە، ھاجىم كېتىپ ئۈچ ئاي بولا - بولمايلا ئۆزلىرىنى چىللاپ تېلېگراممىا يوللاپتىمۇ؟ — مەخمۇت سىجاڭ شىڭ دۇبەننىڭ نەمەت خەلپەتنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ خىزمەتكە قويۇش توغرىسىدا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چېچىلىشقا باشلىدى، — قارا بۇلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى، ھۇ لومودىلار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ يوقات-ماقچى!

— ھەي، بۇنىڭغا ھاجىمنىڭمۇ قول قويۇپ بەرگىنى نېمىسى؟ — دېدى نەمەت خەلپەت غەمكىنلىك بىلەن، — بىز قەشقەردە مۇستەھكەم تۇرۇپ بەرگەن بولساق، ئۇنىڭمۇ گېپى گەپ بولۇپ ئۆتەر ئىدى.

ھاجىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، مەخمۇت سىجاڭنىڭ ئاچچىقى سەل يانغاندەك بولدى:

— بەلكى ھاجى ئاكامۇ ياتسىراپ قالغاندۇر ئۇ يەردە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەنلەر گەرچە ئۈرۈشتا باتۇر ئەزىمەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئىچى پۇشقاندا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ كۆڭۈل كۆتۈرۈشنى بىلمەيدىغان تۈز كۆڭۈل يىگىتلەر، بوپتۇ، خەلپىتىم، قارىغاندا ئۆزلىرى بىلەنمۇ ئۆتىدىغان كۈنلىرىمىز مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ، مەندىن ئەنسىرىمەي كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ ھاجى ئاكامنىڭ خىزمىتىگە بېرىۋەرسىلە...

مەخمۇت سىجاڭ ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن ئىچى ئاچچىق بولۇپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— بولدى، مەن بارماي ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولاي، سىجاڭ، — دېدى نەمەت خەلپەت دەرھال، — ھاجىمغىمۇ ئاللانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈتكەن كۈنى باردۇر.

بۇ چاغدا قوماندانلىق شتابقا سالى دورغا كىرىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان بولسا كېرەك، چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمە قىلغىنى بۇ لومودىلارنىڭ، — دېدى ئۇ سالام ـ سەھەتنىمۇ ئۇنتۇپ، — ئەمدىزە ھاجى ئاكامنى ئەكەتكىنى يەتمىگەندەك خەلپىتىمگىمۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ...

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، دورغام، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ سىپايىلىك بىلەن، ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنى ئوبدانلا تۇتۇۋالغانىدى، — بۇ چوقۇم ھېلىقى ئاپرېسېف دېگەن ئورۇسنىڭ قىلغان ئىشى، بولمىسازە ئۆلكىلىك بانكىغا قەشقەردىن ئادەم يۆتكەپ باشلىق قىلمىسىمۇ ئورۇمچى دېگەندە ئادەم ئازمۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، نەمەت خەلپىتىم بارمايلا قويسۇنچۇ زادى، شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ ئوغرى زادى نېمە قىلالايدىكىن قېنى؟

— ھاي، ھاي، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ يەنە، — مەنغۇ ھاجى ئاكامدىن ئايرىلىپ يولباشلىغۇچى ماياكتىن ئايرىلىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. لېكىن خەلپىتىم بارمايدىغان بولسا ھاجى ئاكامنىڭ تىلى قىسقا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا شېڭ دۇبەن دېگەن لومودى بىلەن ئاپرېسېف دېگەن كۆك كۆز ئورۇس ھاجى ئاكامغا: «قانداق، سەن شىنجاڭغا مۇئاۋىن رەئىسى بولغىنىڭ بىلەن، تېخىچە ئادەملىرىڭ ساڭا ئىشەنمەيدىكەن» دەپ ئاھانەت قىلسا، ئۇ چاغدا ھاجى ئاكام ئاچچىقىدا بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشتىن يانمايدۇ. شۇڭا ھاجى ئاكامنى ئاياپراق بىر ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك.

— ئۆزلىرى، — دېدى سالى دورغا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بەكمۇ كۆڭۈل ئايىغاق جۇمۇ، ھېلىمۇ ھەربىي بولۇپ قالغانلىقلىرى، ئەگەر ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قالغان بولسىلا بۇ چاغقىچە ئېغىزلىرىدىكى ناننىمۇ خەققە تارتقۇزۇپ قويۇپ يۈرۈركەنلا!

سالى دورغىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مەخمۇت سىجاڭ كۈلۈپ تاشلىدى:

— شۇڭا خۇداۋەندە كەرىم بەندىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىگە يارىشا مەرتىۋە ئاتا قىلارمىش...

— نەمەت خەلپىتىمنى كۆپ خىل ئىقتىدارلىق قىلىپ يارات- قاندەكما؟

شۇنىڭ بىلەن كۇلكە باشلاندى. باياتىن بېرى ھۆكۈم سۈرگەن جىددىيلىك قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى چاقچاق ئىگىلىدى.

*　　　　　　*

دەرۋەقە نەمەت خەلپەتنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەش ئىشى ئاپرىسېف- نىڭ ئەقلى بىلەن بولۇۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ نەمەت خەلپەتنىڭ ئوچۇق دىل، چېچەن ئادەم ئىكەنلىكىنى خوجىنىياز ھاجىنى ئۇرۇمچىگە ئەكەتكىلى ئاقسۇغا بارغاندا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەردىلا سەزگەن ھەمدە شېڭ دۇبەننىڭ جىمسار پۇتۇمىگە قاتناشقان ئەلچىلىرىدىن نەمەت خەلپەت توغرىسىدا ئاڭلىغان ۋە پۇتۇمنى باش بولۇپ يازغاد- لىقىدىن خەۋەر تېپىپ بۇ كىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا شېڭ دۇبەنمۇ مەخمۇت سىجاڭغا ئىشەنچ قىلالماي، ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنى يېتىم قال- دۇرۇپ مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئىك- كىسىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقىپ قالدى.

— ئۇ دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتا ئۆلىماسىمىش، — دېدى ئاپرىسېف ئاۋۋال سۆز قىلىپ، — مەخمۇت بولسا ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇرىتى، شۇنداق ئىكەن ئۇنى نەمەت خەلپەتتىن ئايرىۋەتسەك كۆڭلى بۆلۈنۈپ بىخۇدلىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

— نەمەت خەلپەت دېگەن بۇ كىشىگە دىنىي ئۆلىما دەپلا باھا بېرىش سەل بالدۇرلۇق قىلىپ قالارمىكىن، — دېدى شېڭ دۇبەن- مۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئۇ دېگەن ئۇرۇش بولغاندا كاتتا

ئەقىلدار، باشقىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا يول كۆرسەتكۈچى كاتتا دانىشمەن، گېزى كەلگەندە يەنە خەلقنى قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا ئۈندەپ شېئىرلارنى يازىدىغان ئۇستا ناتىق ئىكەن. شۇنداق ئىكەن ئۇنى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ مەرتىۋىلىك ئەلدىن تېزرەك يۆتكەپ كېلىشۋالماق تولىمۇ زۆرۈردۇر.

«ئۇيغۇر دېگەن ئاجايىپ خەقكەن، — دەپ ئويلىدى ئاپرىسېق شۇ كۈنى ئۆز ياتاقخانىسىغا بارغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ رۇس يېرىدە سەنمۇجاڭ بولغانلار مەخسۇس ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەنلەر ئىچىدىن تاللىنىدۇ. لېكىن بۇ خەقنى كۆرمەمدىغان، بىر- ئىككى يىل ئۇرۇش قىلىپلا ئۆز ئىچىدىن بىرمۇنچە كاتتا دانىشمەنلەرنى يېتىشتۈردى. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ زادى ئەقلى يەتمەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئېتىقاد مەسىلىسىگە سەل قاراشقا زادى بولمايدىكەن» .

* *

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نەمەت خەلپەتنى سۈيلەپ يەنە تېلېگراما كەلدى.

— ئەمدى ماڭمىسىلا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، خەلپىتىم، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ جىددىي قىياپەتتە، — شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ لومودى ھاجى ئاكامنى ئوسال قىلىپ قويمىسۇن بىكار.

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى قانداق قىلىدىلا، قەشقەردە تۇرغانلارغا ئامراق بولۇپ كەتكەن بولساڭ مانا، دەپ ھەممىمىز ئات سېلىپلا بارىمىزمۇ يا، سىجاڭ؟

—مەن ئۆلسەممۇ شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ لومودىنىڭ قېشىغا بارمايمەن، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ قەتئىي قىلىپ، — ئۆزلىرىنىمۇ ئۈرۈمچىگە بىكاردىن بارسۇن دەۋاتمايمەن، ھاجى ئا- كامنىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان بولسام ئۈرۈمچى دېگەنگە چەمى چۇ-

شۇپ قالغان كىيىنچىمۇ ئەۋەتكۇم يوق مېنىڭ!؟

— ھەي، نەگىلا بارساڭ يەنە شۇ ھاجى ئاكامنىڭ يۈزى، ئەينى چاغدا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قورغۇچىسى بولغان سابىت داموللىمۇ تۇتقۇندىن بوشىنىپ كەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ يەنە خوجىنىياز ھاجى دېگەن شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇنجى بولۇپ شۆھرەت قازانغان كاتتا كىشى، ئەگەر بىز ئۇنى ئۆز جېنىمىز ھېسابىغا قوغدىمىساق شىڭ دۇبەن ئالدىدا تىلى قىسقا بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئۆز ئايىغى بىلەن يېنىپ كەلمىدىمۇ؟

— مانا ئەمدى نۆۋەت نەمەت خەلپەتكە كەلگەندە يەنە شۇ ھاجى ئاكامنىڭ يۈزىنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ، ئەستا، ئەسلىي ھاجى ئاكام ئۈرۈمچىگە بارمىسىلا بوپتىكەنتۇق. لېكىن بولىدىغان ئىش ئالىدىقاچان بولۇپ تۈگىدى، ئەمدى خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپاندىن تارتىپ بىللە جەڭ قىلىپ قەشقەرگىچە بىللە كەلگەن سەپداشلىرى قوغدىمىسا كىم قوغدايدۇ؟ ئۇلار ئاشۇ قېرى، جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان سابىت داموللىچە بولالمىسا ـ ھە!

6 ـ دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابىدىكىلەر ئەنە شۇنداق ئويلاردا بولغاندىن كېيىن، نەمەت خەلپەتنى ئۈرۈمچىگە يولغا سالماقچى بولۇشتى.

— ئۆزلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، — دېدى مەخمۇت سىجاڭ ئۆزۈن يىل بىرگە بولۇش جەريانىدا خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك بولۇپ قالغان نەمەت خەلپەتكە قاراپ، — ھازىر ھاۋا بەك سوغۇق بولۇۋاتىدۇ، يولدا ئۆزلىرىنى ئاسرىغايلا، ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى ئاكىمىزغا بىزدىن سالام دېسىلە ھەمدە ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغايلا، خوجىنىياز ھاجى گەرچە ئۈرۈشتا باتۇر، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ كىشى بولسىمۇ، ساددا بولغانلىقى ئۈچۈن ئوڭايلا باشقىلارغا ئالدىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر ئىش چىقىپ قالغۇدەك بولسا، بىزنىڭ

يۇرىكىمىز قەشقەردە، مەخمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىدا قالغان دەپ ياندۇرۇپ كەلسىلە، خەلپىتىم[1].
شۇنداق قىلىپ نەمەت خەلپەت ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

*                *

نەمەت خەلپەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى نىسبەتەن تۇراقلاشقان چاغلار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولى ئارقىلىق گا سىلىڭ باندىتلىرىنى يوقىتىپ بولۇپ، يەنە شۇلارنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىۋالغان شېڭ دۇبەن ئۆزىنىڭ «خەلقچىللىق» ساختا كوزىرىنى بازارغا سالغان، شۇنداقلا شۇ كوزىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىقتىسادىي ياردەم ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى.
نەمەت خەلپەت ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋاقىت 1934 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە سوغۇق رەسمىي باشلانغانىدى. بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا قارا موۋۇت پەلتو، پۇتىغا بولسا ھەربىيچە ئۆتۈك كىيگەن يوغان ـ يولپى، قىزىل يۈز، شالاڭ ساقاللىق نەمەت خەلپەت ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئىشخانىسىدا ھۆججەت كۆرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ نەمەت خەلپەتنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ۋۇي، بىزنىڭ سەنمۇجاڭ كېلىپ قاپتىغۇ، — ئۇ غولاچلىرىنى كەڭرى يايغىنىچە نەمەت خەلپەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
— سالامەت تۇرۇپتىلا، ھاجى ئاكا؟

① يۇقىرىقى بايانلار مەرھۇم خەلپەتنىڭ قىزى ئىمىنخان ئانىنىڭ ئەسلىمىسى بويىچە يېزىلدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — چاپسان مەشىنىڭ ئالدىغا كېلىڭ، قوللىرىڭىز ئىششىپلا كېتىپتۇ، — ئۇ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى، — ھوي كانىۋاي، قېنى سەن بالا، ماۋۇ ئەزىز مېھمانغا چاي قوي.

شېڭ دۇبەن تەرىپىدىن مەخسۇس قويۇلغان كانىۋاي سىياقىدىكى بىر ياش يىگىت ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قۇلاق سالغاچ چاي دەملەشكە باشلىدى.

— قانداق، قەشقەردىكىلەر، مەخمۇت سىجاڭ ئامان قالدىمۇ؟

كانىۋاي شۇ چاغدىلا بۇ كىشىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن نەمەت خەلپەت دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئىچىدە كۈلۈپ قويدى: «ئالدىرىماي تۇرۇش، ئاز كۈن ئۆتمەي شېڭ دۇبەن تەرىپىدىن ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ».

— ھەممىسى ساق ـ سالامەت ئوبدان قالدى، ئۆزلىرىگە كۆپتىن كۆپ سالام ئېيتتى.

— ئۇلارغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت.

— شۇنداق قىلىپ يەنە بىرگە ئىشلەيدىغان بولدۇق، — دېدى ھاجىم نەمەت خەلپەتكە قاراپ، — ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەك يامانلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان بولغان ھەرخىل ئۇرۇشلارنىڭ مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن پۇقرالار ناھايىتى تەس كۈنگە قالدى. شۇ ۋەجىدىن مەن شېڭ دۇبەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەرز ئېلىپ، پۇقرالارغا قەرز پۇل تارقىتىش يولى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدۇق. سىز كۆپنى كۆرگەن خەلقچىل ئادەم، شۇڭا بۇ ئىشقا سىزنى تازا مۇۋاپىق دەپ قاراپ ئالاھىتەن قەشقەردىن يۆتكەپ كەلدۇق.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ھاجى ئاكا.

گەپ ئايلىنىپ يەنە مەخمۇت سىجاڭغا بېرىپ تاقالدى.

— ۋاي ئىست، — دېدى ھاجى ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە، — مۇشۇنداق كۈنلەردە مەخمۇت يېنىمدا بولغان بولسا كاشكى...
— ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمىكىن، — دېدى نەمەت خەلپەت تولىمۇ تەۋەززۇ بىلەن، — مەخمۇت سىجاڭ ھېلىھەم قەشقەردە بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ساقلاۋاتىدۇ.
— قاراڭە سىزنى، — ھاجى كۈلۈپ تاشلىدى، — ھازىر دېگەن ۋەزىيەت ياخشىلاندى، شېڭ دۇبەن جانابلىرىمۇ كىچە ـ كۈندۈز ئەل غېمى بىلەن بولۇپ، يۇرت ـ يۇرتلاردا مەكتەپ ئېچىپ شىنجاڭنى مەرىپەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇشقا قوشۇلدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن باللار ئىچىدىن تاللاپ بىرمۇنچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئوقۇشقىمۇ چىقاردى. ھازىر بىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىمىزدا ئۈمىد زور. كەلگۈسى ئاز كۈندە بىزنىڭ ئىچىمىزدىنمۇ نۇرغۇن بىلىملىك زاتلار يېتىشىپ چىقىدىغان بولدى.

* *

نەمەت خەلپەت ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ، يىل ئۆرۈلسىلا دېھقانچىلىق ئىشلىرى باشلىنىپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، شۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللانماق زۆرۈر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغان مورى، گۇچۇڭ، جىمسار تەرەپلەرگە ئۆتۈپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدىكى ئۈرۈش ئوتىدا ۋەيران بولغان پۇقرالارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆردى. گاھىدا پىيادە، ئاتلىق، گاھىدا تېز بىلەن تەڭ قار كېچىپ يۈرۈپ يۇرت ئارىلىغان نەمەت خەلپەت تەكشۈرۈشنى تاماملاپ يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.
خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، نۇرغۇن دېھقانلار

يىقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا يەرلەر تېرىلماي ئاق پېتى قالغانلىقتىن، پۇقرالار ئاچ - زېرىن ھالەتتە ئىدى.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى مىخلىمان قاتارلىق مالىيە مەسلىھەتچىلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار نەمەت خەلپەتنىڭ دوكلاتىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل، ئۇرۇق ۋە بىر قىسىم ئات - ئۆكۈز قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. ھۆكۈمەت تەرەپتىن قەرز ھېسابىغا بولسىمۇ بىرمۇنچە ياردەمگە ئېرىشكەن دېھقانلار 1935 - يىلى خېلى ھاللىنىپ، مورى، گۇچۇڭ، جىمسار تەرەپلەردە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى.

نەمەت خەلپەت گۇچۇڭ، مورىلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، يىراق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ دېھقانلارنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان بانكىلارنىڭ بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، مەخسۇس دوكلات تەييارلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىدى. بۇ دوكلاتنى شىڭ دۇبەن ئۆزى شەخسەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، تەستىقلاپ بۇيرۇق چۈشۈردى. نەتىجىدە نەمەت خەلپەت تۇرپان، كۇچا قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئۇ يەرلەردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ تارماق بانكىلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن، ئايانماي تەر ئاققۇزدى.

*　　　　　*

بۇ كۈنلەردە يەنە شىنجاڭدا نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق ھەپتىلىك گېزىت

ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. شۇ چاغلاردا بۇ گېزىتتە شىڭ دۇبەن، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىقلارنىڭ دەبدەبىلىك نۇتۇقلىرى بېرىلگەندىن باشقا، يەنە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىر-لىك زىيالىيلارنىڭ ماقالىلىرىمۇ بېسىلىپ تۇراتتى. نەمەت خەلپەت بىر تەرەپتىن ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇرۇش يىللىرىدا يېزىلىپ تېخى رەتلەشكە ئۈلگۈ-رەلمىگەن شېئىرلىرىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ تۈزۈشكە تەرەددۇت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم جەڭگىۋار شېئىرلارنى يې-زىپ، مەزكۇر گېزىتتە ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ 1936 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە يېڭىچە تۇرمۇش قارىشى، جاھانگىرلىككە قارشى كۈ-رەش قىلىش ئىدىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ مەدەنىيەت ـ مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېڭىچە تۇرمۇشقا يۈزلەندۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان «جاھانگىرلىككە قار-شى» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىندى.

ئۆز چېغىدا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خېلى زور تەسىر قوزغىغان بۇ شېئىر كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ھەرخىل ئىجتىمائىي ئاپەت-لەرنىڭ قۇربانى بولۇپ، بىزگە كەلگەندە تۆۋەندىكى بىرقانچە مىس-رالىرى بىلەنلا كۈپايىلەندى:

بۇ پۈتۈن شىنجاڭ ئارا مەكتەپ ئاچىلغاننى كۆر،
گۈل ئاچىلغان بارچە مىللەت باغۇ بوستاننى كۆر.
ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە پايدىلانغاننى كۆر،
روھلىنىپ، ئادەم بولۇپ ھەم نۇرلۇق بولغاننى كۆر،
بولماقى مۇمكىن يېقىندا، مەدەنىيەت كۈنلىرى.

# تۆرمىدىكى كۆرەش

1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلىغان بولۇپ، نەچچە يىللاردىن بۇيان توۋلاپ كەلگەن ئاتالمىش «ئىلغارلىق» مۇقامىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان ئۈرۈمچىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىگە پايدىسىز دەپ قارىغانلىكى كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى، ئۇ كۈنى شېڭ شىسەي يىغىن بار دېگەننى باھانە قىلىپ خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ قولغا ئالغاندىن كېيىن، شۇ كېچىسى يەنە نەمەت خەلپەتنىمۇ قولغا ئالدى.

ئۇ كۈنى كېچىسى نەمەت خەلپەتنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلغان بولۇپ، ئۇخلاش ئۈچۈن ياستۇققا باش قويۇپمۇ ھېچبىر ئۇخلىيالمىدى. «قارىغاندا ئۇيقۇ دىلبىرىمۇ ماڭا قۇچاق ئاچمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ شائىرانە ھېسسىيات بىلەن، — خوجىسىنىڭ ئاچچىقى كەلسە دېدىكى يىراققا قېچىپتۇ، دېگەندەك ئۇيقۇمۇ شېڭ دۇبەن بىلەن ھەمشىرىك...»

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ لامپۇچكىنى ياندۇردى ۋە يېزىق ئۈستىلى ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغىنىچە يېقىنقى بىر نەچچە كۈندىن بۇيان بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئويلاپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئىشلىرىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، بانكا باشلىقى بولغان ياغاق يۈز خەنزۇمۇ قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان «قەرز پۇل تارقىتىش يولى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرايلى، دېھقان-

لارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايلى» دەپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋاقىرىغان شىلىڭ دۇبەنىنىڭمۇ ئۇنلىرى بېسىققان. نەگىلا قارىسا ئاۋام پۇقرانىڭ كۆڭلىرى ياخشىلىنىش تۇگۇل، سىلىقلار نەچچە قاتلانغان، قەيەرگە بارسا پۇلنىڭ پاخاللىشىش سەۋەبىدىن كىلىپ چىققان ئاقىۋەتلەرنىڭ يامانلىقى، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوق. مەيدە كېرىپ چىقىپ ئىگە بولاي دېسە، ئەمەلىي ھوقۇقلار يىغىۋېلىنغان بولۇپ، ئەمەلدارلىق كۇرسىدا ئولتۇرغانلار قۇرۇق جازىغىلا ئايلىنىپ قالغان، بۇ ئىشلارنى دوكلات قىلاي دېسە يۇرت چوڭلىرىنىڭ بۇنداق قۇرۇق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا قولىقى يوق، ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش...

ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنى ئۆز قېرىنداشى قاتارىدا كۆرۈپ، شىنجاڭ خەلقى گۈللەنسە مېنىڭ بەختىمنىڭ ئېچىلگىنى شۇ، دەپ كاركىراپ يۈرگەن شىڭ دۇبەن ھازىر نېمىلەر بىلەندۇر ئالدىراش...

ئۇ يەنە نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى ئويلىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدا بىر ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ ئۇنى ئۆچتى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئىشىك قېقىلدى:

— فۇ خاڭجاڭ، فۇ خاڭجاڭ (مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، دېمەكچى) ، چاپسان ئىشىكنى ئېچىڭ، سىزنى خوجىنىياز فۇ جۇشى چىللاۋاتىدۇ...

«خوجىنىياز فۇ جۇشى...» شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈركى «قارت» قىلىپ قالدى. چۈنكى يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان خوجىنىياز ھاجى تېرىككەك بولۇپ قالغان، كۈنلىرىنى سودا ـ سېتىق ۋە ئوۋچىلىق ئىشلىرى بىلەن ھەلەك بولۇپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

«بىكار پوق يەپ كەلگەنىكەنمىز، — دېگەنىدى ئۇ تېخى يېقىندىلا نەمەت خەلپەتكە دەرد ئېيتىپ، — ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولىسەن دېۋىدى، خەلقنىڭ يىغىسىنى تېخىمۇ كۆپ يىغلىيالايدىغان، دەرد ـ ھالىغا يېتىپ بەخت ـ سائادەتكە

باشلىيالايدىغان بولدۇم، دەپ بىكارلا خۇش بولغانىكەنمەن. مانا ھازىرقى ھالىتىم مۇشۇ. بۇرۇنلاردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە يىغىن بولسا ئالايىتەن چاقىرغىلى ئادەم كېلىپ، مەجلىسلەردىمۇ سۆزگە تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا قىلغان سۆزۈمنى ئاڭلايدىغان قۇلاق ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن چاپىدىغان ئاياغ بار ئىدى، لېكىن ھازىر «قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب» بولغان ئادەمدەك نامدا بار ئەمەلدە يوق ئادەم بولۇپ قالدىم. ھەي ئىسىت، ئۆز چېغىدا مەخمۇت سىجاڭ بىلەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ ئالتە شەھەردىلا تۇرغان بولسام، بۇ كۈنلەرگىمۇ قالماس بولغىيدىم... ئۇكەم، مەن تېخى ئۆزۈم كەلگەننى ئاز دەپ، شىڭ دۇبەن دېگەن بۇ لومودىنىڭ دېپىغا بىكار ئۇسسۇل ئويناپ، سىزنىمۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىپ بىر مۇنچە دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدىم، ئەگەر ئەتە ـ ئۆگۈنلەردە بىرەر ئىش چىقىپ قالغۇدەك بولسا، خوجىنىياز ھاجى ئاكىڭىزنى ئەپۇ قىلارسىزمۇ...»

ئىشىك يەنە قېقىلدى.

— چاپسان بولۇڭ دەيمەن، خو جۇشى جانابلىرى تېرىكىپ قالمىسۇن بىكار.

ئۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈش ئىستىكىدە ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئىشىك ئېچىلىش بىلەن تەڭ قولىدا تاپانچا تۇتقان ئىككى جاللات باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئۆلگۈردى. ئارقىدىنلا تېخى ئەتىگەندىلا نەمەت خەلپەتنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سەت ھىجىيىپ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاڭ تۈەنجاڭ كىرىپ كەلدى.

— ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇڭلار، بۇ دېگەن خوجىنىيازنىڭ يېقىنى...

نەمەت خەلپەت بىرنېمە دېگۈچە جاللاتلار ئۇنىڭ بېشىغا تاغار كىيگۈزۈپ سىرتقا سۆرىدى. بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن نەرسىلەرنىڭ ئۆرۈلگەن، سۇنغان، چېقىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى...

— ھەممىسى مۇشۇلار ئىكەن، — دېدى بىر چاغدا جاللاتلار-

دىن بىرى ھاسىراپ تۇرۇپ، — مەن تېخى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۆيدە ساندۇق ـ ساندۇق زىخچە ئالتۇن بارمىكىن دېسەم، ساپلا قۇرۇق گەپلەر يېزىلغان كىتاب، گېزىت، قولىيازما دېگەندەك نەرسىلەركەنغۇ...

— ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى بۇ چاغدا ۋاڭ تۇەنجاڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — بىز مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇ ئېرىشەلمىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئىگە بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن...

شۇ كېچىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا 600 گە يېقىن ئادەم تۇتقۇن قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا شېڭ دۇبەننىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولغان شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى، ئۆز ۋاقتىدا شېڭ دۇبەن بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى ياراشتۇرۇشقا كۆچ چىقارغان يەرلىك بايلاردىن خۇسەيىن چانىشىف، تۇرسۇن بابا قاتارلىقلار، خوجىنىياز ھاجى مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن يېزا ئىگىلىك كان ئىشلىرى مىنىستىرى يۇنۇسبەگ، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى تاھىربەگ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بايمۇللا، مەشھۇر زىيالىيلاردىن سوپىزادە، مەرۇپ سەئىدى، ھەيدەر سايرانى، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار شۇ مەزگىللەردە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان داڭلىق كىشىلەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئاممىا ھەيرانلىق ئىلكىدە تېگىرقاپ قېلىشتى.

* *

بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ سۇيىقەست پىلانلاشقا بولغان ماھىرلىقىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان شارائىتتىن پايدى-

لىنىپ، خوجىنىياز هاجى باشلىق تۇتقۇنلارنى «ياپون جاهانگىرلىكىگە سېتىلغان خائىن» دەپ جاكارلاپ، گېزىتلەردە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ماقالە ۋە مۇراجىئەتنامىلەرنى ئېلان قىلىپ، كوچا - كوچىلارغا ئېلان چاپلاپ، خەلقئارا تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتى.

نەمەت خەلپەت تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇدۇل 5 - تۈرمىگە ئېلىپ بېرىلىپ قاراڭغۇ ۋە زەي كىچىككىنە بىر كامېرغا سولاندى. شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن تۈرمىلەرمۇ كۆپىيىپ 10 نەچچىگە يەتكەن، 5 - تۈرمە بولسا شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ خەۋپلىك، دەپ قارىلىدىغان مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمە بولۇپ، بۇ تۈرمە پۇختا، مەزمۇت، قوغداش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغاندىن تاشقىرى يەنە قىيناش ئۇسۇلى باشقا تۈرمىلەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە دەھشەتلىك ئىدى، تىرناق ئاستىغا بىگىز سانجىش، تىرناقنى يۇلۇش، ئادەمنى تىك تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئالىقىنىدىن تامغا مىخلاپ، يالىڭاچ بەدەنگە پورۇقلاپ قايناۋاتقان قىزىق ياغنى چېچىش، بەدەننىڭ خالىغان يېرىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ يېقىش، جان يېرىگە بامبۇك يېرىندىسىنى تىقىشتىن تارتىپ ئىتقا تالىتىپ ئىقرار قىلدۇرۇشقىچە بولغان 150 خىلدىن ئارتۇق قىيناش ئۇسۇلى بار بولۇپ، بۇ تۈرمىگە قامالغان نى - نى ئەزىمەتلەر دەھشەتلىك قىيىن - قىستاق دەستىدىن جانلىرىدىن ئايرىلىشقانىدى. نەمەت خەلپەت تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە سوراققا چۈشتى. سوراق ئۈستىدە شېڭ شىسەينىڭ كاللا كېسەرلىرىدىن لى يىڭچى، سەيىت هاجى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار ياۋۇز كۆزلىرى ئالدىدىكى ماۋۇ «ئولجا» غا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

— سىز، — دەپ سۆز باشلىدى سەيىت هاجى ئاۋۋال سۆز ئېلىپ، — خوجىنىياز هاجىنىڭ يېقىن كىشىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن راست گەپنى قىلىڭ، بولمىسا ئۆز مىللىتىڭلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان بىردىنبىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەختىگە ئۇلتۇرۇپ قويىسىز!...

«خوجىنىياز ھاجى» دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغان نەمەت خەلپەتنىڭ كۆزلىرى روشەنلەشتى:

— قېنى چاپسان سوراڭلار، ھاجى ئاكامنىڭ بېشى ئامان قالىدىغان ئىش بولسا ئۇتقا كىرىشكىمۇ رازىمەن.

شۇ ھامان سوراقچىلار ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— سىزلەر ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ شېڭ دۇبەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى بازا قۇرماقچى، شۇنداقمۇ؟

شۇ ھامان نەمەت خەلپەتنىڭ تەرى تۇرۇلدى.

— ئۆلتۈرەمسەن، چاپامسەن مانا مەن ئالدىڭدا، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — لېكىن يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ بىزگە قارا چاپلاشما!

— سىز ھەرقانچە جاھىللىق قىلغىنىڭىز بىلەن شېرىكلىرىڭىز ئاللىقاچان ئىقرار بولدى، — دېدى سەيىت ھاجى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، — بۇ يەردە قارشىلىشىپ بىھۇدە ئازاب تارتقاندىن كۆرە ئىقرار قىلىپلا قۇتۇلغىنىڭىز تۈزۈك.

— ھاي، تۇرقۇڭغا قارىسا ئەھلى مۇسۇلمان ئادەم كۆرۈنىدىسەن، ئاللادىن قورقمامسەن؟ ئاللانىڭ كالامىدىكى، بىراۋغا تۆھمەت چاپلاشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولماس، دېگەن مەندە پۈتۈلگەن سۈرىلەرنى ئوقۇمىغانمۇ سەن؟

شۇ ھامان سەيىت ھاجىنىڭ قاپاقلىرى لىكىلداپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇرۇڭلار بۇنى، — سەيىت ھاجىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگەن لى يىڭچى دەرھال بۇيرۇق بەردى، — جازا شارابىنى تېتىپ كۆرمىگۈچە ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان نېمە ئوخشايدۇ بۇ!

بۇ چاغدا تەقى ـ تۇرقى خۇددى رىۋايەتلەردىكى قانخور دېۋىلەر-

گىلا ئوخشايدىغان ياغاق يۈز، مەيدىسىنى چۈپۈر بېسىپ كەتكەن ئىككى دارازا پەيدا بولۇپ، نەمەت خەلپەتنى ساۋاشقا باشلىدى.

*　　　　*

كۈندە دېگۈدەك سوراق، قىيناش دەستىدە بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىمۇ دەھشەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش سوئاللار ئىسكەنجىسىدە قىينالماقتا ئىدى.

«ھەي، — دەيتتى ئۇ ئېغىر پۇشايمان ئىلكىدە پۇچىلىنىپ تۇرۇپ، — نېمىشقىمۇ تۆمۈر ئاكامنىڭ پاجىئەسىدىن ئىبرەت ئالمىغاندىمەن، نېمىشقىمۇ نەمەت خەلپەت ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە-نى يادىمدا تۇتمىغاندىمەن، بولمىسا ئۇ ئېيتىپ بەرگەن ‹مايمۇن بىلەن تاشپاقا› دېگەن ھېكايىدىكى يىرتقۇچ شىرنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغى بىلەن بارغان ئېشەككە ئوخشاپ قالارمىدىم؟ تۈلكە ھېلىقى شىرغا توغرا ئېيتقان: ‹ھەي تەقسىرىم، بۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقى بىلەن يۈرىكى بولسا، ئۆز ئايىغى بىلەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلەر-مىدى› دەپ! ئۇ ئېشەكقۇ ئۆزى ئۆلۈش بىلەن كۇپايىلىنىپتىكەن، مەنچۇ، ئۇرۇق - ئەۋلادىم، دوست - يارەنلىرىم تۇرماق چاپىنىم-نىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كاساپىتىمگە كېتىۋاتىدۇ. ئاھ خۇدا، مېنىڭ ئېتىكىم نېمانچە شورلۇقتۇر؟ مېنى نېمانچە شور پېشانە قىلىپ يارىتقانسەن؟»

*　　　　*

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تۇتقۇنلارنى قەتل قىلىش باشلىنىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى بولسا ئېغىر قىيىن - قىستاق دەستىدىن ئۆز ئىسكەتىنى يوقاتقان، شۇنداقلا ئاخىرقى تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزى ھايات تۇرۇۋەرسە، ئۆزىنىڭ كاساپىتىگە كېتىدىغان

ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شېڭ شىسەيىنىڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن يېزىپ تەييارلانغان «ئىقرارنامە» گە قول قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ئىقرارنامىسى موسكۋاغا يوللاندى. موسكۋامۇ بۇ ئىقرارنامىگە جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، خوجىنىياز ھاجى باشلىق خائىنلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ھاشىم ھاجى قاتارلىق بىر تۈركۈم قاتىللارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. بۇ قېتىمدا ھاجى بىلەن بىللە يەنە يۇنۇسبەگ، تاھىربەگ، شەرىپقان قاتارلىق ئوغلانلار ھەق يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى.

— ھېلىقى نەمەت خەلپەت دېگەننىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەيمىزمۇ، — دېدى بىر كۈنى لى يىڭچى قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۆز «خوجىسى» غا تىككىنىچە، — ئۇنىڭ ئاغزى بەك چىڭ ئىكەن، ھېچبىر ئىقرار قىلاي دېمەيدۇ...

— ئىقرار قىلغۇدەك نېمە ئىش بار، — دېدى شېڭ دۈبەن ھېيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ يۈركى ھەرقانچە يوغان بولغان بىلەن خوجىنىياز، تاھىربەگ دېگەنلەرنىڭ ئۆلۈمىدىن ساۋاق ئالماي قالۇرمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر دېگەن بۇ خەق ئۆز داھىيلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندىمۇ موللىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە بەك ئىشىنىدىغان خەق ئىكەن. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرمەي تۈرمىدە نەزەربەند قىلىپ تۇرۇپ، ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىمىزگە مايىل قىلالىساقلا يەنە نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشەلەيمىز.

— قەشقەردىكى ئابدۇغوپۇر (شاپتۇل) داموللامدىن پايدىلانغاندەكمۇ؟

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان باش مەسلىھەتچى پىڭ ئەپەندى يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلدى.

شاپتۇل داموللىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، شېڭ شىسەيىنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ «تۇتقۇن قىلىش»

ھىيلىسىنى بىلىۋېلىپ، خوجىنىياز ھاجى، نەمەت خەلپەتلەر تۇت-
قۇن قىلىنىشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن قەشقەرنى تاشلاپ، ئۆز يېقىنلى-
رىنى ئەگەشتۈرۈپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن مەخمۇت سىجاڭنى
يادىغا ئالغانىدى. ئۆز خوجىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىمەن
دەپ، ئېچىشقان يېرىگە تۇز سېپىپ قويغان پىلىڭ ئەپەندى قورققىنى-
دىن غالىلداپ تىترەپ كەتتى. نېمىشقا دېگەندە ئابدۇغوپۇر (شاپ-
تۇل) دامولللا دېگەن بۇ كىشى قەشقەردە مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ
رەئىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە شېڭ دۇبەنگە ماسلىشىپ، ئۆزد-
ىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى كامىللىقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قايمۇق-
تۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان، شۇنداقلا
1935- يىلى قەشقەر خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا
كەلگەن چاغدا مەجلىس ئەھلى ئالدىدا ھېيىقماي تۇرۇپ، «بىزنىڭ
ئىسلام دىنىمىزدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر
كەلمەيدۇ، دېيىلگەن، ئەگەر كېلىدىغان بولسا شېڭ دۇبەن جاناب-
لىرى پەيغەمبەر بولۇشقا مۇناسىپ» دېگەندەك كۇپۇرانە سۆزلەرنى
قىلىپ، شېڭ دۇبەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. ئۇ قەشقەرگە
قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرىدىن
غەزەپلەنگەن مەخمۇت سىجاڭ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى جەھەننەمگە
يوللىغانىدى.

— قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ، — دېدى شېڭ شىسەي چىرايىغا
كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئۇيغۇر دېگەن ئەنە شۇنداق خەق. بىز نەمەت
خەلپەت دېگەن بۇ ئادەمنى ئۆزلىرى قەتل قىلغان ئابدۇغوپۇر (شاپ-
تۇل) دامولللامنىڭ رولىنى ئېلىشقا قىستىشىمىز لازىم.

*　　　　　　*

بۈگۈن نەمەت خەلپەت يەنە سوراققا ئاچىقىلدى. لېكىن بۈگۈن
سوراقچىلار ئۇستىلىدىكى ئادەملەر ئۆزگەرگەن بولۇپ، سوراقچى-
لار ئۇستىلىدە بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان بىر مويسىپىت كىشى

ئولتۇراتتى. ئۇ نەمەت خەلپەتنى كۆرۈپلا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— نىمانچىۋالا قىلغۇلۇق بۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنغانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپقان شىڭ دۇبەن جانابلىرى سوراقچىلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئەسلى ئۆزى كەلمەكچىدى، لېكىن پۈتۈن شىنجاڭغا ئاتا بولغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولۇپ قېلىپ، ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ مېنى ئەۋەتتى.

— بىز تۇرپانلىقلاردا «يارىمنىڭ تىللىغىنى چىللىغىنى، ئۇرغىنى سىلىغىنى» دەيدىغان گەپ بار، — دېدى نەمەت خەلپەت مەسخىرە ئارىلاش، — لېكىن شىڭ دۇبەن دېگەن بۇ لومودى بىز بىلەن ئەغيار بولۇشقا ئەسلا مۇناسىپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك قىينىسا قىينىسۇن، كەچۈرۈم قىلىشىغا ھەرگىز موھ-تاج ئەمەسمەن!

شۇ ھامان مويسىپىتنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ كىشىمۇ خەلق ئىچىدىكى «ساتقۇن» لاردىن بولۇپ، ئۇ نەمەت خەلپەتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالدى، «قارىغاندا شىڭ دۇبەنگە جاۋاب بەرمىكىم تەسكە چۈشىدى-غان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — شۇندىمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي».

— بىز ئۆزلىرىنىڭ ئىستىداتلىرىغا ئىشىنىمىز، — دېدى گۈندىپايلار نەمەت خەلپەتنى ئاچىقىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭغاندا، — ئۆزلىرى بىلىملىك ھەم دانا كىشى بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارغا ئويلاپراق جاۋاب بېرەرلا.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، — دېدى نەمەت خەلپەت كەينىگە بۇرۇلۇپ، — قېرىغاندا ساقاللىرىنى سۆرەپ يالاقچىلىق قىلىمەن، دەپ يۇرگىچە ئۆز يوللىرىنى تېپىۋالغانلىرى تۈزۈك...

نەمەت خەلپەتنىڭ بۇ سۆزى ھار كەلدى بولغاي مويسىپىتنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتتى، شۇندىمۇ ئۆشىنىسىدە خىزمەت بولغانلىقى

ئۇچۇن ئەلىمنى يۇتۇپ دېدى:

— ئەسلىدە ئۆزلىرى بىلەن بىز ئۇنداق دېيىشىپ كېتىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدۇق. پېقىرغا ۋەزىپە يۈكلەنگەنلىكى ئۇچۇن مۇشۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق، شۇندىمۇ ھەرقانداق تەلەپلىرى بولسا كەمىنىڭىزگە مەلۇم قىلسىلا، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداپ بېرىمەن.

— ماڭا ھېچنېمىنىڭ كېرىكى يوق،— بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت سەل پەسكويغا چۈشكەندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا ساقىلىنى تىترىتىپ بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرغىنى كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان مويسىپىت كىشى ئىدى، — ئۆزلىرىگە ئېيتىمغۇ، ياشلىرى بىر يەرگە بارغاندا شەيتانغا ھەمشىرىك بولۇپ ئۆتكۈچە ئۇدۇل بېرىپ جايىنامازنى تېپىۋالغانلىرى تۈزۈك دەپ… بوپتۇ، ئەگەر شىڭ دۇبەنگە گەپلىرى ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ لومودى مۇسادىرە قىلغان «قۇرئان» نى كىرگۈزۈپ بەرسۇن. ئەھلى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتەي.

شۇ ھامان مويسىپىتنىڭ كۆزى ياشلاندى، چۈنكى ئۇ بۇ يەرگە كىرىشتىن بۇرۇن، شىڭ دۇبەن ئۆتكەن «دەرس» لەرنى قۇلاقلىرى پاڭ بولغۇچە ئاڭلىغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇتقۇن قىلىنغانلار ساپلا مەيدانى يوق ساپ ـ ساپلاردىن ئىدى، لېكىن كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم…

— ماۋۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى كۆرمەمدىغان، — دېدى مويسىپىت بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ،— شىڭ دۇبەن ئۆزلىرىگە بىر «قۇرئان» كىرگۈزگەندى، بۇ ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجى جانابلىرى ھايات چېغىدا ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ئوقۇپ كەلگەن «قۇرئان» ئىكەن، شىڭ دۇبەن جانابلىرى ئۆزلىرىنى خوجىنىياز ھاجىنى كۆرگەن كۆزىدە كۆرسۇن، دەپ ئەۋەتكەندى.

نەمەت خەلپەت قۇرئاننى ئىككى قوللاپ ئالغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەرنېمە بولسا ھاجى ئاكامنىڭ «قۇرئان»ىنى يەتكۈزۈپ بەردىلە، «قۇرئان» نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يەنە شۇنى دەپ قويااي تەقسىر، شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ لومودى ھەرگىز ئادەم ئەمەس، ئەگەر ۋاقتىدا يوللىرىنى تاپمايدىغان بولسىلا ھامان بىر كۈنى ئۆز باشلىرىغا چىقىدىلا.

ئەھۋالدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ تۇرغان گۇندىـ پايلار ھېلىقى بوۋاينى ۋە نەمەت خەلپەتنى سۆرەشتۇرۇپ سوراقخاـ نىدىن ئاچىقىپ كەتتى. نەمەت خەلپەتقۇ بىر «گۇناھكار»، لېكىن ھېلىقى بوۋايچۇ؟ ئۇ ئەسلىدە نەمەت خەلپەتنى سوراق قىلغىلى كىرگەن كىشى ئىدى، بىراق ھەق گەپلەر ئالدىدا تەسىرلىنىپ ئېغىزىدا ئاز ـ تولا تەۋرىنىش بولۇۋىدى، ئۇمۇ بىردىنلا سوراقچىدىن «مەھبۇس» قا ئايلاندى.

مانا بۇ شېڭ شىسەينىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىدى.

* *

شۇ قېتىملىق سوراقتىن كېيىن نەمەت خەلپەت قايتا سوراققا ئاچىقىلمىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتكەن بولۇپ، ئۇنى ھەرقانچە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپمۇ بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن «ساختا مەھبۇس» ھىيلىسى ئارقىلىق مەقسەتكە يەتمەكنى كۆزلەپ، ئىككى يالغان مەھبۇسنى ئەۋەتتى. ئۇزۇن يىللىق تۈرمە ھاياتىدا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان نەمەت خەلپەت ئۇلارنىڭ «ساختا» قىياپىتىنى ئوڭايلا سېزىۋېلىپ، مەھبۇسلارنى تۈرمە تېمىغا ئۇستۇرۇپ «داد» دېگۈزـ گەندىن كېيىن، ئىككىلا قېتىملىق «ساختا مەھبۇس» ھىيلىسىنى مەغلۇپ قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن نەمەت خەلپەت يەنە تۈرمە يۆتكەلدى. بۇ ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان ۋاقتىدىن ھېسابلىغاندا ئۈچىنچى قېتىم تۈرمە يۆتكىلىشى بولۇپ، دەسلەپ تۇتقۇن قىلىنغاندا 5 ـ تۈرمىگە

قامالغان، خوجىنىياز ھاجىلار قەتل قىلىنغاندىن كېيىن 4 ـ تۈرمىگە، ئەمدى بولسا 2 ـ تۈرمىگە يۆتكەلگەنىدى. تۈرمىلەرنىڭ شارائىتى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 2 ـ تۈرمىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. سوئال ـ سوراق، قىيىن ـ قىستاق ئازابىدىن ۋاقىتىنچە بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، سەل ئارام تېپىپ قالغان نەمەت خەلپەت بۇ كۈنلەرنى ناماز ئوقۇش ۋە خوجىنىياز ھاجىدىن يادنامە بولۇپ قالغان «قۇرئان» نى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. نەمەت خەلپەتنىڭ شۇنچە يىل تۈرمە ئازابىنى تارتىپمۇ يەنە ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي، مۈشكۈلۈق ھالدا قىلغان قىرائىتىدىن تەسىرلەنگەن گۇندىپايلارمۇ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ خۇپىيانە ھالدا موم شام، قەغەز، قەلەم دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپ قېلىشتى.

يورۇقلۇق، قەغەز ۋە قەلەمگە ئېرىشكەن نەمەت خەلپەت ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىل بولغان دىلكەشنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىقتا چۆمۈلگىنىچە، ئىلھام دۇلدۇللىرىنى چاپتۇرۇپ نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازدى. كەمىنە مۇئەللىپگىزلەر مۇشۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەمىن ئېتىشى بىلەن ئىگە بولغان «نەقىلاي» ناملىق تۆۋەندىكى غەزەل ئەنە شۇ تۈرمىدە يېزىلغان بىر قاتار شېئىرلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

## نەقىلاي

ئاھۇ يار، رەببەھە ئاھ، ئاھۇ پىغاننى نەقىلاي،
يەتمىگەن مەقسەتكە بۇ پانىي جاھاننى نەقىلاي.
ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر سۆيۈملۈك يارى بار،
سۆيگىنىمنى تاپمىسام قىز ـ جۇۋاننى نەقىلاي.
ۋادەرىغ، جەننەت كەبى شىنجاڭنى ناگاھ باستى قوم،

قۇملىرىدىن پاكلىماي سولغان بوستاننى نەقىلاي.
بىر كۈچلۈك بوران چىقىپ بۇ قۇملارنى كۆچۈرسە،
قۇملىرى كۆچمەيدىغان تەكلىماكاننى نەقىلاي.
قېنىمىزنى كەتتى شوراپ، دانىمىزنى كەتتى يەپ،
دانى يوق ئەمدى بۇ پاخال ـ ساماننى نەقىلاي.
ئەمدى قالدى بىزدە تاتلىق جان بىلەن غەم ـ قايغۇلۇق،
قىينىلىپ كۆپ چىقمىغان بىچارە جاننى نەقىلاي.
ھاۋادا كۈن بولمىسا يۇلتۇز بىلەن يول ئىزدىگىل،
سەئى قىلماي نا ئۈمىد بولسا ئىنساننى نەقىلاي!؟

# تۇرمىدىن چىقىش

نەمەت خەلپەت شىڭ شىسەيىنىڭ «سوپۇن زاۋۇتى» دەپ ئاتال-
غان تۇرمىگە يۆتكەپ كېلىنگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى.
كۈندە 12 — 13 سائەتلەپ مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش، هاك، ماي،
كىسلاتا ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر نەرسىلەرنى ئۇزۇن تاياق بىلەن
ئارىلاشتۇرۇش، شاخار كۆيدۈرۈش، زەهەردەك ئاچچىق قورايىنى
كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن قازاندا پورۇقلىتىپ قاي-
نىتىپ سوپۇن ئىشلەيدىغانغا خۇرۇچ تەييارلاش، مانا بۇ سوپۇن
زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى ئىدى. بۇ دۇنيا مىقياسى-
دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش پارتلاپ،
گېرمانىيە فاشىستلىرى ئۇكرائىنانى بېسىۋېلىپ موسكۋاغا يېقىن-
لىشىپ قالغان، مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جاڭ
جيېشى هۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ،
ئازاد رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە هۇجۇم قىلىۋاتقان هالقىلىق بىر
پەيت بولۇپ، ئىككى يۈزلىمچى جاللات شىڭ شىسەيمۇ بىرلا
دومىلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ هۆكۈمىتى-
نىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، ئۆزىنىڭ يېڭى خوجىسىغا سادىق
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ «قى-
زىللىشىپ» كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىش-
قا باشلىغان چاغ بولغاچقا، سوپۇن زاۋۇتىغا يەنە بىر تۇركۈم
مەهبۇس يالاپ ئەكېلىندى.

تاڭ سۇزۇلەي دەپ قالغان ۋاقىت ئىدى، نەمەت خەلپەت ياتقان
كامېرنىڭ تۆمۈر ئىشىكلىرى شاراقلاپ ئېچىلىپ گۇندىپايلار كې-
چىچە قىلىنغان سوراقتا چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان بىر مەهبۇسنى
دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئەكىرىپ خۇددى ئۆلۈكنى تاشلىغاندەك

داق يەرگە تاشلىۋەتتى ـ دە، ئالدىراشلىق بىلەن چىقىپ كەتتى.

— يەنە قايسى بەختى قارا ئىنساندۇر بۇ،— نەمەت خەلپەت ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ يېڭى سولانغان مەھبۇسنىڭ يېنىغا باردى.

مۇشۇنچىۋالا قىيىنغىنىغا قارىغاندا خېلى مۇھىم ئادەم ئوخشىمامدۇ بۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، چۈنكى يېڭى مەھبۇسنىڭ يۈز- كۆزلىرى يېرىلغان، قوللىرىدىن ئېسىپ قويۇپ قىيىنغانلىقتىن بىلەكلىرى شەلۋەرەپ، قاتتىق تاياق دەستىدىن كىيىملىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

نەمەت خەلپەت دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇلۇڭدا تۇرغان پۈچۈق كوزىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە كىيىملەرنى ھۆل قىلىپ بەدىنىدىن ئاجراتتى. ئۆزى ئۈزۈندىن بۇيان يۈزىنى سۈرتۈپ كېلىۋاتقان لاتىنى ھۆل قىلىپ، يېڭى مەھبۇسنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتۈپ، كۆتۈرگىنىچە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

نەمەت خەلپەت بىلەن بىر كامېرغا سولانغان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئەخمەتجان بولۇپ، ئىلى رايونىدىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ ئىلى رايونىدىكى قولچوماقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ دەسلەپتە ئىلى تۈرمىسىگە قامالغان، ئىلى تۈرمىسىدە قىيناپ ئىقرار قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئىلى تۈرمىسىدىكى باشقا مەھبۇسلار قاتارىدا ئۈرۈمچىگە يالاپ ئەكېلىنگەنىدى.

نەمەت خەلپەتنىڭ ياخشى كۈتۈش ۋە ئىلھامبەخش سۆزلىرى ئاستىدا ئەخمەتجان ئىسىملىك بۇ مەھبۇس ناھايىتى تېز لا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئەسلىگە كەلگەن چاغلار تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن تۈرمىلەر يېتىشمەي قالغان چاغلار بولغاچقا، ئۇلار ياتقان كىچىككىنە كامېرمۇ ئوپچە تۈرمىگە ئۆزگەرتىلىپ، كامېردا سولانغانلارنىڭ سانى 15 — 16 ئادەمگە يەتتى. كۈندۈزى

تەندە مادار قالمىغۇچە سىسىق پۇراق ئىچىدە ئىشلەش، ئۈچ ۋاخ تاماق ئورنىدا ئۈچ دانە كۆكىرىپ بۇزۇلۇپ قالغان قوناق مومىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىدىغان سۇنىڭ قىسلىقى... مەھبۇسلارنىڭ جىنىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. شۇندىمۇ ئۇلار ناھايىتى جەڭگىۋار بولۇپ، كۈندۈزدىكى شۇ ئازغىنە ئارام ئېلىش ۋاقتى ۋە كەچلىكلىرى تارغىنە كامېردا تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى، شىنجاڭنىڭ، مەملىكەتنىڭ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىماي پىكىر يۈرگۈزۈشەتتى. نەمەت خەلپەتلەر ياتقان كامېر ئوپچە تۈرمىگە ئۆزگەرتىلىپ ئىككىنچى كۈنى ئىلى رايونىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بىر مەھبۇس سوراپ قالدى.

— ھەي بوۋاي، سەن نەلىك؟ — دېدى ئۇ ئۇزۇن يىللىق تۈرمە ھاياتىدا چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن نەمەت خەلپەتكە قاراپ.

— مەن تۇرپاندىن، — دېدى نەمەت خەلپەت كۈلۈپ،— خوجىنىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرىدىن بولىمەن.

غۇلجىلىقچىلاپ بېرىلگەن بۇ جاۋاب مەھبۇسلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئەپتىڭگە قاراپراق گەپ قىلساڭ بولمامدۇ، — دېدى ئۇ كىشى يەنە قىزىشىپ،— قارىسا 70 تىن ئاشقان چالدەك كۆرۈنسەڭ، يەنە يىگىتمەن دەيسىنا؟

— ھەممىلىرىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىلى تەرەپلەردە ئىنقىلابقا قاتناشقانلارنى يىگىت، دەپ ئاتايدىكەنغۇ، مەنمۇ شۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابىغا قاتناشقان پىدائىيلاردىن.

— خوجىنىياز ھاجى دېگىنىڭ نان چايناپ بېرىپ باقمىغاندۇر سېنى؟

بۇ چاغدا تۈرمە ئىچىدە يەنە كۈلۈشمەك بولدى.

— تەقسىر، ئالدىرىمىسىلا، ئۆزلىرىمۇ بىر ئايغا قالمايلا بوۋايغا ئايلىنىپ قالىدىلا بۇ يەردە، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزچىل تۈردە نەمەت خەلپەت بىلەن بىر كامېردا يېتىپ كېلىۋاتقان

ئەخمەتجان ئىسمىلىك يىگىت دەرھال چۈشەنچە بەردى، — بۇ كىشىنى بوش چاغلىماڭلار، بۇ كىشى دېگەن ئۆز چېغىدا خوجىنىياز ھاجىغا مەسلىھەتچى بولۇپ، خەلقنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەر تارتىپ ئالتە شەھەرگىچە بارغان كىشى ئىكەن.

— راستما؟ — مەھبۇسلار نەمەت خەلپەتكە قاراشتى.

— راست بولمايچۇ، — خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمگەن نەمەت خەلپەت سۆزگە كىرىشتى، — ئۆز چېغىدا شېڭ شىسەي دېگەن بۇ لومودى بىزگە تەڭ كېلەلمەي، نۇرغۇن قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا خوجىنىياز ھاجى دېگىنىڭمۇ چاغلىقلا ئادەمكەنغۇ، — دېدى مەھبۇسلاردىن بىرى، — شۇنچە ئۇرۇشنى قوزغاپتۇيۇ، ئەمەلگە سېتىلىپ...

— يالغان، — بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى، — خوجىنىياز ھاجى ئاكىمىز ئۆمرىدە مەنسەپكە بېرىلگەن كىشى ئەمەس...

— ئۇنداقتا نېمىشقا شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتىڭلار؟

— ئۇ چاغلاردا بىر تەرەپتىن گا سىلىڭ دېگەن كاساپەتنىڭ پاراكەندىچىلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ لومودىنىڭ لەشكەرلىرى، بىز بولساق خۇددى تۇگمەن تېشى ئاستىدىكى «ئۇگۇت» تەك ئىككى ئوتتۇرىدا قېلىپ قىينالغاندۇق. شۇڭا، بۇ ئىككى كۈچتىن بىرى بىلەن بىرلەشمىسەك زادى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ياردەم سورىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىمۇ ئۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كونسۇلى زىلاتكىن بىزنى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسەڭلار ئاندىن ھەرقانداق ياردەمنى ئايىمايمىز، دەپ سالا قىلىپ تۇرۇۋالغان بولغاچقا، بىز ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن...

— شېڭ شىسەي، — چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ھېلىقى مەھبۇس، — ئۇ تۇرۇپلا نېمىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟

بۇ چاغدا ئەخمەتجان سۆز ئالدى:

— هازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا 1942 ـ يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بېسىۋالدى. گېرمانىيە غەلىبە قىلسا جوڭگودىمۇ جاڭ جيېشى هۆكۈمىتى غەلىبە قىلىدۇ دېگەن گەپ. ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق بولغاچقا شېڭ شىسەي دېگەن بۇ ئىككى يۈزلىمچى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىرلا دومىلاپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان گەپ.

— يا پاناھ،— دەۋەتتى هېلىقى مەهبۇس،— ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەرمىزمۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئەخمەتجان كەسكىن قىلىپ،— دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلىغاندا، هەققانىيەت كۈچلىرى رەزىللىك ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى ۋاقىتلىق ئەھۋال.

— ئۇھ، ئەمدى يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.

— ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۇدەك نېمە ئىش قىلىپ قويغان بولغىيدىڭ؟

— مەنغۇ چالا ساۋات بىر دېھقان، — دېدى هېلىقى مەهبۇس سۆز ئېلىپ،— بەيگە ئۈچۈن بېقىپ كېلىۋاتقان ئېسىل بىر ئېتىم بار ئىدى، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا بىزنىڭ مىڭبېگىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ سورىدى، مەن بەرمىدىم، بولغان ئىش شۇ، بىر چاغدا بىر توپ ساقچى ئۆيۈمنى قورشاپ مېنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى، نەگە ئاپىرىسىلەر دېسەم، سەن خائىن، شېڭ دۇبەنگە قارشى تەشكىلاتقا قاتنىشىپسەن، سېنى قامايمىز، دېيىشتى. مەن ۋاي ئۇنداق ئەمەس، مىڭبېگى دېگەن دۆيۈزنىڭ ئىشى بۇ، هېلىغۇ سولىغۇدەكسىلەر، چېپىۋەتسەڭلارمۇ مىڭبېگىگە بېرىدىغان ئېتىم يوق، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەسلەپ مېنى ئىلى تۈرمىسىگە سولىدى، كېيىن سىلەر بىلەن قارا ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ سولاپ قويدى، شۇ.

ئۇ بىردەم جىمىپ قالغاندىن كېيىن نەمەت خەلپەتكە قارىدى.

— سەن ئۆزۈڭنى يىگىتمەن دەيسەن، قانچە ياشقا كىردىڭ زادى؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل 55 ياشقا كىردىم.

— نېمە؟ مانا ئەمەسمۇ، سەن تېخى مەندىن ئىككى ياش كىچىك ئىكەنسەن، ئەپتىڭگە قارىسا قېرى بوۋايلاردەك.

— بايا دېدىمغۇ، ئۆزلىرىمۇ بىر ئايغىچە بوۋايغا ئايلىنىپ قالىدىلا دەپ.

شۇ ھامان ئەتراپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا مىلتىقلىرىنى چىڭ قاماللىغان گۈندىپايلار ھازىر بولدى.

— ھە، ئىشلىمەي نېمە گەپ؟

— بىزمۇ ئادەم، ھارغاندا ئارام ئېلىشىمىز لازىم.

— ھەممىسى مۇنۇ ئۆزگەرمەيدىغان نەمەت دېگەن ئۇنسۇرنىڭ ئويۇنىغۇ بۇ، شۇنچە يىل تۈرمىدە يېتىپمۇ قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى بۇنىڭدا.

— سەن تۈرمىدە ياتقىلى قانچە يىل بولدى؟

— بۇ يىل ئالتە يىلدىن ئاشتى.

— يا ھەزرەت، مۇشۇنداق قان پۇراپ تۇرىدىغان تۈرمىدە شۇنچە يىل يېتىپمۇ يەنە ھېچنېمە بولمىغاندىكىن جېنىڭ راست چىڭكەن سېنىڭ!

— شۇڭا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرى بىز...

— تولا سۆزلىمەي ئىشلەش، — دېدى گۈندىپايلار شاللىنى چېچىپ، — دەررىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالماڭلار يەنە...

شۇنىڭ بىلەن مەھبۇسلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

* *

شۇ كېچىسى نەمەت خەلپەتنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان بولۇپ، ئەخمەتجاننىڭ ئەتىگەندە قىلغان سۆزلىرىنى ئويلاپ زادى جىم ياتالمى-

دى. بۇ كىچە ئۇنىڭ تەپەككۇرى قاناتلانغان بولۇپ، كىچىچە بىرنىمىلەرنى پىچىرلاپ بارماق ساناپ چىقتى. تۇرمە ئىچىگە يورۇق چۈشكەندە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان دەپتىرىنى ئېلىپ بىرنېمىلەرنى يازغىلى تۇردى.

— نېمە قىلىۋاتىسەنوي، — دېدى ھېلىقى مەھبۇس، — قارىسام كېچىچە پىچىرلاپ چىقتىڭ، تومۇ تېگىپ قالمىغاندۇر دەپ ئەنسىرەپ تۇرسام ئەمدى دۇم يېتىپ بىر نەرسىلەرنى يازغىلى تۇردۇڭغۇ؟!

نەمەت خەلپەت كۈلۈپ قويۇپ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى، بىر كەمدە بېشىنى كۆتۈرۈپ دەپتەرنى ئەخمەتجانغا ئۇزاتتى.

— كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇكام.

— ۋاھ، يارايسىز، — ئەخمەتجان ھاياجانلاندى، — مانا قاراڭلار! خەلپىتىم كېچىچە ئۇيقۇسىنى تەرك ئېتىپ ئېسىل شېئىردىن بىرنى يېزىپتۇ.

— شېئىر دېگىنىڭ قوشاقمۇ، ئوقۇپ باقە قېنى، نېمىلەرنى يازدىكىن.

ئەخمەتجان شېئىرنى يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

## ۋادەرىخ

ئەي پەلەك، چەرخىڭ ئەجەب چۆرگىلىدى ھەريان، ۋادەرىخ،
كاج رەۋىش چۆرگىلىگىنىڭگە ئەقلىم ھەيران، ۋادەرىخ.
كىم ئېسىل، كىم دىندار، كىم پىكرى بار، كىم مالدار،
ھەربىرى بولدى گۇناھسىز بەند زىندان، ۋادەرىخ.
كىمكى دانا، رەنج ـ مېھنەت بىرلە كۆلپەت چەكتى ئۇ،
ئەيش ـ ئىشرەت بىرلە خوش، ھەر كىمكى نادان، ۋادەرىخ.
باشىمىزغا كەلدى قانتىق كۈن ئەجەب غەم ـ قايغۇلۇق،

چۈشتى تەپرىق زىلزىلىگە ئەھلى شىنجاڭ، ۋادەرىخ.
ياخشىلاردىن قالمىدى زىندانغا چۈشمەي بىر كىشى،
بۇ نېچۇك، بىرەھىملىك ئەي چەرخى گەردان، ۋادەرىخ.
سەنمۇ ئەي نەمەت كەمى زىندانغا چۈشتۈڭ ئەل بىلەن،
ئانچە كۆپ قايغۇرمىغىن تەقدىر ـ سۇبهان، ۋادەرىخ.
ياخشىلارغا ھەمنەپەس بولساڭ ئەگەر زىنداندا سەن،
ھېچ كېرەك يوق ئەيلىسەڭ جانىڭنى قۇربان، ۋادەرىخ.

شېئىر تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مەھبۇسلار چاۋاك چېلىشتى.

— ئەجەب قاملاشتۇرۇپ يېزىپسەنغۇ هوي، شېئىرىڭدا دېيىلگەن كاتتا ئادەملەر بىزمۇ؟

بۇ چاغدا تۇرمە ئىشىكى شاراقلاپ ئېچىلدى ۋە گۇندىپايىلار ئۇلارنى ئىشقا ھەيدىدى.

— ھەي، — دېدى ئەخمەتجان چىقىپ كېتىۋېتىپ،— بىر ئېسىل شېئىرنى ئارامخۇدا ئوقۇغىلى قويمىدى ـ دە!

— ئەجەب يامان نېمىكەن، — دېدى ئەخمەتجانغا سۈگدىشىپلا چىقىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى مەھبۇس،— خوجىنىياز ھاجى دېگەننىڭ مەسلىھەتچىسى بۇنچىلىك تىرەن موللا بولسا، ئۆزى زادى قانچىلىك بولغىيدى ـ ھە!

— شۇڭا ئۇلار شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا نام ـ نىشان قالدۇرغۇدەك ئىزلارنى قالدۇرغان باھادىر ـ ئەزىمەتلەر...

— ئۇنداقتا بىزچۇ؟

— بىزدىنمۇ قالىدۇ، بىز تېخى شىنجاڭدىكى قارا كۈچلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىمىز.

— ئىلاھىم، ئېيتقانلىرىڭ كەلسۇن!

*　　　　　　　　　*

شىنجاڭدا 10 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈم سۈرگەن قانخور جال-
لات شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەۋرىنىپ قالغىلى خېلى
كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز
ئۆرۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن جاڭ جيېشىغا 50 مىڭ سەر ئالتۇن پارا بەرگەندىن كېيىن،
جاڭ جيېشى شىنجاڭدىن ئىبارەت «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» نى
ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشنى ئويلاپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ-
نىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى قۇرغان، شۇنداقلا يۇقىرى
دەرىجىلىك گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي،
شېڭ شىسەينى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ
مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دوبەن
مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي
جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان چىلبۆرىدەك ۋەھشىيلەشكەن بو-
لۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىقى
مول، ئادەملىرى ساددا گۆھەر زېمىنغا «مەڭگۈلۈك پادىشاھ»
بولۇش چۈشىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەندىن كېيىن،
قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سوپۇن زاۋۇتىغا تىكتى. چۈنكى
ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي مەھبۇسلار بولۇپ، ئۇلار
شېڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، باشقىلاردىن بالدۇر ئويلىنىپ، ئۆزد-
نىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھ بولۇش ئارزۇسىغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلار
بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشنىڭ بەدىلد-
گە ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەكچى بولدى.

1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، لى يىڭچىنىڭ
تۆيۇقسىز تېلېفونى ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋەي، سىز كىم؟— لى يىڭچىنىڭ تۇرۇپكا تۇتقان قوللى-
رى تىترەشكە باشلىدى، چۈنكى تېلېفون شېڭ شىسەيدىن كەلگە-
نىدى.

— ھە، مەن شېڭ شىسەي، — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — چاپسان ھەرىكەتكە كېلىپ سوپۇن زاۋۇتىغا بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋېتىڭلار...

— بۇ... بۇ... بۇ...

— تولا تىلىڭنى چاينىما، چاپسان بۇيرۇقنى ئىجرا قىل!

تېلېفون ئۈزۈلۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ بىر-دىنبىر ئىشەنچلىك ئادىمى، ئىككى قولى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قانخور جاللات لى يىڭچىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن بولۇپ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا، سېنى بىللە ئەكېتىمەن، دەپ ئۇرغۇن قېتىم ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياۋۇز قىياپىتىنى ھەممىدىن بەك ئوبدان چۈشىنىدىغان بۇ قانخور خۇددى ساراڭغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، جېنىنى ئېلىپ قېچىش ھەلەكچىلىكىدە بۇ ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. شېڭ شىسەيمۇ ئۆز تەييارلىقى بىلەن ھەلەك بولۇپ، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا 11 يىلدىن بۇيان توپلىغان مال - دۇنياسىنى 36 ماشىنىغا قاچىلاپ بىر روتا ئەسكەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يېڭى مەنسەپكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى «قۇرۇق ئۆستەڭ» گە مىراب قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ موڭغۇل، تىبەت كومىتېتىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، شىنجاڭغا يولغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ گومىنداڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ۋۇ جۇڭشىنمۇ ئەسلىدە دۇنياپەرەس كىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىنغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزى قىزارغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئوشۇقى چو چۈشكەن بولۇپ، بۇ كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى شۇ يىلى 8 - ئايدا ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلاپ،

ئىنقىلاب ئوتى پۈتۈن ئىلى رايونىغا تۇتاشقان بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان، تېزرەك ئازادلىققا ئېرىشىشنى ئىستەپ كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا شېڭ شىسەيچە يول تۇتسا باي بولۇش تۇگۇل، ئۆز جېنىنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپلا ئىشنى تۈرمىلەرنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆز ئارزۇسىغا تېزرەك يېتىشنى ئويلاپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى، دىنىي مۆتىۋەرلەرنى ئالدىن قويۇپ بەردى.

بۇ كۈنلەردە تۈرمە ئىچىمۇ جانلانغان بولۇپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ تۈرمىگە قاراشقا قويۇلغان گۇندىپايلار ئۆز «خوجىسى» دىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ مەھبۇسلارغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغان، سىرتتا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىدىغان هالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كىبىرى ئاللىقاچان ئۆز خوجىسى بىلەن تەڭلا غايىب بولغانىدى.

— بىزمۇ ئەسلىدە دېھقانلارنىڭ باللىرى، — دېدى ئۇلاردىن بىر ـ ئىككىسى نەمەت خەلپەتلەر ياتقان تۈرمىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ، — هازىر شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. چۈنكى شېڭ دۇبەن ئەملى ئۆسۈپ ئىچكىرىگە كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن ۋۇ جۇڭشىن دېگىنى خەلقچىل ئادەمدەك قىلىدۇ، بىز ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا سىلەرنى قويۇۋېتىش ئۈچۈن يىغىن ئېچىپتۇدەك...

— بىزمۇ سىلەرنى قويۇۋەتسىلا بۇ يەردىن كېتىمىز، — دېدى يەنە بىرى مەيۈس هالدا، — يۇرتىمىزغا قايتىپ بېرىپ دېھقانچىلىقىمىزنى قىلىمىز.

— ئاغزىڭغا ناۋات، ئۇكا، ئەمدى ئادەمدەك گەپ قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوپسەن...

شۇ كۈنلەردە يەنە ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلاپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانلىق خەۋىرىمۇ تۈرمىگە ئۇچۇپ كىردى.

— ۋاھ، بىزنىڭكىلەر قوزغىلىپتۇ ـ دە، تۈرمىدىن چىقىدىغان بولسام ھېچ ئىشقا يارىمىسام ھېچبولمىغاندا ئات باقار بولسىمۇ بولىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، ھوي كاتتا شائىر، — دېدى زوۋاندار مەھبۇس نەمەت خەلپەتكە قاراپ، — بىزنىڭكىلەر قوزغىلىپتۇ، ئەگەر تۈرمىدىن بوشانساق بىز تەرەپكە ئۆتەمسەن؟

— جان دەپ ئۆتىمەن، تەقسىر!

— ياشاپ كەت، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، چوقۇم ئۆتۈش كېرەك، ئەگەر ئۆتىدىغان بولساڭ مەن سېنى مىڭبېگىنىڭ ئالدىلىق بېغىدا بىر قوللۇق مېھمان قىلىمەن.

مەھبۇسلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەر پەيتى ئىدى، مەھبۇسلار تەيەممۇم قىلىشقاندىن كېيىن، نەمەت خەلپەتنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى. بىراق ئۇلارغا بۇ كۈنى بىرگە ناماز ئوقۇش نېسىپ بولماي قالدى. تۈرمىنىڭ ئىشىكى شاراقلاپ ئېچىلىپ، ئۇچىسىغا گومىنداڭ فورمىسى كىيگەن ئىككى ئەسكەر كىرىپ كەلدى ۋە ۋارقىرىدى.

— ئەخمەتجان قاسىمى دېگەن قايسىڭ؟

— مانا مەن، — ئەخمەتجان ئۈنلۈك جاۋاب بەردى.

— تازا بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ قالدى ـ ھە، بىكارلا نامازنى قازا قىلىپ...

— چاپسان نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ بىز بىلەن ماڭ!

— بىزچۇ، بىزنى قويۇپ بەرمەمسىلەر؟ — ھېلىقى مەھبۇس

ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — بىزمۇ ئىنقىلابچى، ئىلىدىن ئىنقىلابچى دەپ تۇتقۇن قىلىپ ئەكەلگەن بىزنىمۇ...
— ساڭا تېخى بۇيرۇق يوق! — ئەسكەرلەر تېرىككىنىدىن ئۇنى سىلكىۋەتتى.
— ئەخمەتجاندىن ئايرىلىپ قالساق زېرىكىپ ئۆلىمىز بىز...
— بىر ئادەم بولسىمۇ قۇتۇلسۇن، — دېدى نەمەت خەلپەت ئېغىر تىنغىنىچە، — بىزگىمۇ خۇدايىمنىڭ پۈتكىنى باردۇر...
بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۈرمە هاياتىدا نەمەت خەلپەتكە ئېچىـكىپ قالغان ئەخمەتجان ئۇنىڭغا قارىدى.
— خوش، خەلپىتىم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا، — سىز بىلەن ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولۇپ خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشتەك مېهرىلىك بولۇپ قالغانىكەنمەن. ئەگەر تۈرـمىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كەتسىڭىز بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈڭ، هەرىكەتنى بىرلىكتە داۋاملاشتۇرىمىز.
ئۇ يەنە باشقىلارغا قارىدى:
— خەير خوش، ئەزىز قېرىنداشلار، ئۆزۈڭلارنى ياخشى ئاسـراڭلار!...
مانا ئەخمەتجان چىقىپ كېتىپ بىر كېچىمۇ ئۆتتى. بۇ چاغدا مەهبۇسلارنىڭ قاپاقلىرى سىلىنغان، خۇددى مۇهىم نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىلەردەك خىيالچان هالەتتە بىر ـ بىرىگە ئۈنسىز باقماقتا ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى يەنە هېلىقى مەهبۇس بۇزدى.
— مەن زادى چىدىيالمايۋاتىمەن، هوي خەلپىتىم، تىلىڭنى قاغا چوقۇۋالمىغاندىكىن بىرنېمە دېمەمسەن، بۇرنۇمغا ئۆلۈم پۇرـغان بىلەن كۆزۈمگە ئىلىنىڭ ئالمىلىق باغلىرىدىكى مەشرەپ سوـرۇنلىرى كۆرۈنۈپ بوغۇلۇپ قالغىلىۋاتىمەن.
— قوشاق قاتامسەن، ناخشا ئوقۇمسەن، بىرنېمە دېسەڭچۇ، ئاكا، جىم ئولتۇرۇپ تۈگىشىپ كەتمەيلى بىكار...
بۇ چاغدا خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئۆرتىنىپ بولالماي قالغان

خەلپىتىمىنىڭ پىغانى تېشىپ چىقتى ـ دە، دەرھال ناخشا باشلىدى:

ئىلىخو دېگەن يەردە،
ئىنقىلابلار بولۇپتۇ.
ئۇرغۇنلىغان پىدائىي،
يارەسۇل، دەپ چىقىپتۇ...

— پاھ، پاھ، ئۆلمە ھوي ئۆلمە، كارامەتقۇسەن، بىردەمدىلا بىزنىڭكىلەرنى ناخشىغا قېتىۋالدىڭغۇ ئەمدى، خوجىنىياز دېگىنىڭ بىكارغا ئەتىۋارلىماپتىكەن سېنى...
— شۇ، ئەخمەتجانمۇ بىكارغا چىللىمىغان خەلپىتىمنى...
مەھبۇسلار قىي ـ چۇ كۆتۈرۈپ تۈرغاندا تۆرمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.
— ئەمەت خەلپەت دېگىنىڭ قايسىڭ؟
— مەن بولىمەن...
— نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ بىز بىلەن ماڭ!
— نېمە، ئەمدى بىز پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولىدىغان بولدۇق...

* *

ئەمەت خەلپەت تۆرمە ھويلىسىغا چىققاندا ئۇنى بىر قارا رەڭلىك پىكاپ ساقلاپ تۇراتتى.
— قېنى چىقە، بىز سېنى ھامماڭغا ئېلىپ بارىمىز...
ماشىنا قوزغىلىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر يەردە توختىدى.
— قېنى كىرە، — دېدى ئەسكەرلەردىن بىرى، — ئوبدان يۇيۇنۇپ چىق...
— قېچىپ كەتمە ـ ھە، — دېدى ئارىدىن بىرى، — قاچىمساڭمۇ سەن بەربىر قويۇپ بېرىلدىڭ.

نەمەت خەلپەت يۈيۈنۈپ بولغاندىن كېيىن هاممامغا قارىغۇچى ئۈنىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم بەردى. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ساتىراش ئۈنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۈستىرا تەگمىگەن چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ قويدى.

— قېنى چىقە، — دېدى ئەسكەرلەردىن بىرى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، — ئەمدى ئادەم ئىسكەتىگە كەلدىڭ. بىز سېنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتكە ئېلىپ بارىمىز…

ماشىنا غۇيۇلداپ ماڭغىنىچە بىرمۇنچە كوچىلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت قورۇسىدا توختىدى. ئۇ يەردە ئۇنى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى قىزغىن قارشى ئالدى.

— يۈرۈڭ، ئىشخانىغا كىرەيلى، — دېدى ئۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن.

ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن هېلىقى كىشى سۆز ئالدى:

— بىز سىزنىڭ ئەهۋالىڭىزدىن تامامەن خەۋەردار بولدۇق. سىز شىڭ دۇبەننىڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىل بىهۇدە ئازاب چېكىپسىز، ۋۇ جۇڭشىن جۇشى سىزنىڭ ئەهۋالىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن سىزگە كۆپ هېسداشلىق قىلدى. ۋۇ جۇشى شىڭ دۇبەنگە ئوخشاش قانخورلاردىن ئەمەس. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭمۇ هەر مىللەت خەلقىگە ئورتاق مۇئامىلە قىلىدىغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاتىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئېسىل كىشى. ۋۇ جۇشى بولسا جاڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلغارلىقنى ياقىلايدىغان خەلقچىل كىشى. شۇڭا جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئۇ كىشىنى شىڭ دۇبەننىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدە قالدۇرغان جاراهەتلىرىنى تەلتۆكۈس ساقايتىش ئۈچۈن مەخسۇس شىنجاڭغا ئەۋەتتى. سىز ئەمدى ئەنە شۇ كىشىنىڭ خەيرخاهلىقى بىلەن تۈرمىدىن ئازاد بولدىڭىز. تۈرپانغا بارغاندىن كېيىن خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەزكۇر هۆكۈمىتىمىز بىلەن يەرلىكتىكى ئاما ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىشكە كۈچ چىقارغان بولسىڭىز، ۋۇ جۇڭشىن جۇشى بۇ

ئەجرىڭىزگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتى.

ئۇ يەنە يانچۇقىدىن بىر كىچىك بولاقنى چىقىرىپ نەمەت خەلپەتكە ئۇزاتتى.

— بۇ ئاز بولسىمۇ ۋۇ جۇڭشىن جۇشىنىڭ كۆڭلى، يولدا خىراجەت قىلارسىز.

شۇنىڭ بىلەن نەمەت خەلپەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن چىقىپ دۆڭكوۋرۇككە قاراپ يول ئالدى. چۈنكى شۇ چاغدا ئۇنىڭ قورسىقى راسا ئاچقانىدى.

# تۇرپان خەلقىدىن سالام

«نەمەت خەلپەت قايتىپ كەپتۇ، ئۇ تېخى هايات ئىكەن» دېگەن بۇ خەۋەر ناهايىتى تېزلا ئەتراپقا يېيىلىپ تۇرپان خەلقىنى قاتتىق هاياجانغا سالدى.

— توۋا، جېنى تۆمۈركەن، — دېيىشەتتى ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىپ بارغانلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندىن كېيىن، — يەتتە يىل تۈرمىدە ئازاب چېكىپمۇ هېچنېمە بولماپتۇ...

— بەللىرى سەل مۈكچىيىپ قاپتىمۇ نېمە؟

— سەل ئورۇقلاپ قالغاندەكلا...

— هاي ئاداشلار، سىلەرمۇ خەلپىتىمگە ئوخشاش قان پۇراپ تۇرغان تۈرمىدە يەتتە يىل ئەمەس، يەتتە كۈنلا سولىنىپ بېقىڭلار- چۇ قېنى، سىلەر نېمە بولۇپ كېتەرسىلەركىن؟

تۇرپان، ئاستانە، سىڭگىم، قارىغوجا، ياڭخى، لۈكچۈن، تۈيۈق، لەمجىن ... قاتارلىق يۇرتلاردىكى كىشىلەر ئۆزۈندىن بۇيان دېرىكى بولماي كېلىۋاتقان بۇ ئەزىز قېرىندىشىنىڭ يەتتە يىلدىن بېرى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئازاب چەككەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن مۈرتۈق تامان سەلدەك ئاقتى.

بۇ كۈنلەردە مۈرتۈق قايناق بازارغا ئايلىنىپ قالغاندەك، ياق، خۇددى رىۋايەتلەردە سۆزلىنىدىغان ئۇلۇغلار ماكانىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ناهايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ هەق راست، مۈرتۈق دېگەن ئەزەلدىن ئۇلۇغلار يۇرتى، ئەنە ئاۋۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى هەزرىتى ئابدۇلهەمىد مەۋلانە غوجام مازىرى، كىشىلەر- نىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بولسا خوجىنىياز هاجى، مەخسۇت مۇهىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەخمۇت مۇهىتى قاتارلىقلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئاخىرىدا شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە

چۇشۇپ، خۇددى تۇگمەنگە چۇشكەن «ئۇگۇت» ساق قالغاندەك سالامەت ھالدا قايتىپ چىققان پىداكار ئەزىمەت ئىدى.

نەمەت خەلپەتنىڭ تۇرمىدىن ساق ـ سالامەت قايتىپ چىقىپ، مۇبارەك قەدىمىنىڭ مۇرتۇققا يەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان خەلق ئاممىسى خوشاللىق دەرياسىغا غەرق بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە يەرلىكتىكى بىر قىسىم زومىگەرلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. نەمەت خەلپەتنىڭ تۇرمىدە تارتقان كۇلپەتلىرى بىرگە ئون قوشۇلۇپ، تېخىمۇ بېيىغىنىچە ئەتراپقا تاراپ، نەمەت خەلپەتنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى.

— نەمەت خەلپەتكە خۇدايىم شۇنداق بىر كارامەت ئاتا قىپتۇدەك، خوجىنىياز ھاجى، تاھىربەگلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن، تۇيۇقسىزلا نەمەت خەلپەتنىڭ پېشانىسىدە نۇر پارلاپتۇدەك، بۇنىڭدىن ئەقلى لال بولغان قاتىللار، بۇ دېگەن خۇدانىڭ يېقىن كىشىسى ئىكەن، ئەگەر بۇنى ئۆلتۈرسەك ئاقىۋىتىمىز ياخشى بولمىغۇدەك دەپ قورقۇشۇپ ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇدەك.

— تۇرمىدە تۇرۇپمۇ «قۇرئان» نى ئوقۇۋەرگەنلىكتىن، قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ خاسىيىتىدىن تۇرمىنىڭ تورۇسىدا يورۇقلۇق پەيدا بوپتۇدەك، خەلپىتىم شۇ نۇرنىڭ يورۇقىدا قۇرئان ئوقۇپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ يەتتە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇدەك...

* *

— نېمە، نەمەت خەلپەت تېخى ھاياتمىكەن! — ئۆزىنىڭ دالانكارىزدىكى ئوردىسىدا يېتىپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لۈكچۈننىڭ ئاتاق ۋاڭى مەتسايىت (سا چىڭۋاڭ) نىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ھايات ئىكەن، غوجام، — دېدى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن خىزمەتكارلاردىن بىرى، — ئاڭلىسام ئۇ كىشىنى شېڭ دۇبەن تۇرمىسىدە يەتتە يىل ئازاب چېكىپتۇ دەيدۇ.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — دېدى مەتسايىت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— يەنە بار، — دېدى خىزمەتكار پۈكلىنىپ تۇرۇپ، — خەلپىتىمنىڭ تۇرمىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىغان لۈكچۈندىكى گادايلاردىن بىرنەچچىسى مۇرتۇققا بارغانىكەن، ئۇ كىشى قىلچە ھېيىقماستىن، ھازىر ھۆكۈمەت ئالماشتى، لېكىن بۇ ھۆكۈمەتمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ، چۈنكى بۇ ھۆكۈمەتنىڭمۇ شېڭ دۇبەن ھۆكۈمىتى بىلەن قىلچە پەرقى يوق. ھازىر ئىلى تەرەپتە يېغىلىق بولۇپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى، شۇڭا ئۇلار ئىلاجسىزلىقتىن بىزنى قويۇۋەتتى. پات ئارىدا ئىلىلىقلار قوزغىغان يېغىلىق تۇرپانغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا تۇرپان ئازاد بولۇپ بىز ئەركىنلىككە ئېرىشىمىز، كىم بىلىدۇ تېخى، ئۇ چاغدا ساچىڭۋاڭنىڭ ئوردىسىدا ئازادلىقنى تەنتەنە قىلىپ مەشرەپ ئوينايمىزمۇ تېخى! دەپتۇدەك.

— شۇنداق دەپتۇمۇ تېخى، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ، شېڭ دۇبەن دېگەن كالۋازە، خوجىنىياز، تاھىربەگلەرنى بوغقاندەك تۇرمىدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلا بولماسمىدى، — مەتسايىت بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ۋارقىرىدى، — سەن چاپسان چىقىپ ئېغىلدىكى تورۇق ئاتنى توقۇ، ئاندىن لۈكچۈنگە بېرىپ يېقىنلىرىمدىن بىر - ئىككىگە خەۋەر قىل، بىز شۇ ئاتنى قۇربانلىق قىلىش بەدىلىگە ئۇنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى، مەشرەپ ئوينىغۇچىلىك ھالى بارمىكىن ئۇنىڭ!

بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇرپان خەلقىنىڭ يىلكىنى شوراش ھېسابىغا ئۆزلىرى قېپىنىپ، تۇرپان خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ كېلىۋاتقان ۋاڭ ئەۋلادى مەتسايىت ئۆز ۋاقتىدا بىرلا يۇمىلاپ ئىنقىلابچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن قومۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىنى پىچانغا چىللاپ ئاچىققاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ «خوجىنىياز ھاجى ئاكام دې-

گەن تاغ قاپلىنى، شۇڭا شەھەرگە كىرمەي چالقان تاغلىرىدا ئىس-تىھكام قۇرسۇن» دېگەن سۆزىگە قوشۇلماي، ئۇلارنى لۈكچۈنگە چىللاپ تۇرۇۋېلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بولغان لۈكچۈندىكى جەڭ-دە مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا دامولللامىلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقارغان بولسا، خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەتلەر قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، گا سىلىڭ قوشۇنلىرى تۇرپاندا تۇرغان كۈنلەردە يۇقىرىقى ئىشلارنى پەش قىلىپ ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولۇۋالغان، گا سىلىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولۇپ خوجىنىياز ھاجى، نەمەت خەلپەتلەر ئۇرۇمچىگە كەلتۈرۈلۈپ، تۇرمىگە تاشلانغان كۈنلەردە بولسا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى قوللىغۇچىلار قاتارىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ تۇرپاندىكى ئىلغار كۈچلەرنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان، شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ مەزكۇر پىرقىگە ئەزا بولۇۋېلىپ، لۈكچۈن ۋاڭلىقى ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ ئۇ يەنە ئۆزىنى «سا چىڭۋاڭ» دەپ ئاتاپ، قولىدىكى زېمىن، سۇ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان ئېلىۋاتاتتى.

— ئاتلار تەييار بولدى، غوجام، لۈكچۈندىنمۇ پەيزۇل بەگ، ئەندىن بەگلەر يېتىپ چىقتى، — خىزمەتكارنىڭ سۆزى تېخى تۈگە-مەيلا لۈكچۈن بەگلىرى كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋاڭ ھەزرىتىم، چاقىرتقانىكەنلا...

— ھە، — دېدى مەتسايىت ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ، — نەمەت خەلپەت دېگەن يالاڭ تۆش يەنە پەيدا بوپتۇدەك، شۇڭا ھەرقايسىلىرى بىلەن بىرلىكتە بېرىپ تاماشا كۆرۈپ كېلەي-لى، دەپ چاقىرغان.

— قۇللۇق، قۇللۇق، — ئۇلار دەرھال ئۆز ماقۇللۇقلىرىنى بىلدۇرۇشتى.

ئۇلار مۇرتۇققا يېتىپ كەلگەن چاغدا نەمەت خەلپەتنىڭ ئۆيىدە

پاراڭ قىزىغان بولۇپ، تۇرپاندىكى ياقۇپ ھاجى، باۋۇدۇنباي قاتار-
لىق تىجارەتچىلەر ئۇنى يوقلاپ چىققانىدى.

— ھازىر تۇرپانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئو-
ساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى پاراڭ ئارىلىقىدا باۋۇدۇنباي، —
تۇرپاندا گومىنداڭچىلار پەيدا بولغاندىن كېيىن باج تېخىمۇ ئېغىر-
لاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ماللىرىمىزنى بىكارغىلا ئېلىۋېلىپ،
پۇل بەر، دېسەك خۇددى ئېلىشى باردەك ھۆرپىيىپ...

— بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلماي زادى بولمىدى، خەلپىتىم...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، غازى قېرىنداشىم، — خۇددى ئاسمان-
دىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان مەتسايىتلارنى كۆرگەن مېھمانلار
جىمىپ قېلىشتى.

— ھەرنېمە بولسا ساق - سالامەت قايتىپ كەپتىلا، —
مەتسايىت ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قېرىندىشى بىلەن كۆرۈشكەن-
دەك غۇلاچلىرىنى كەڭرى يايغىنىچە نەمەت خەلپەتكە قاراپ
كەلدى.

— خۇداغا شۈكرى، — نەمەت خەلپەت ئۇلار بىلەن كۆرۈ-
شۈپ تۆرگە باشلىدى. ئۇلار كۆرپىلەرگە ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن
كېيىن قىسقا پاتىھە قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. بۇ چاغدا
نەمەت خەلپەتنىڭ ئايالى مەخان چاي دەملەپ، داستىخان راسلىدى.

— شۇنداق قىلىپ شېڭ دۇبەنىنىڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىل
ياتتىم دېسىلە، — دېدى مەتسايىت ئېچىنغان قىياپەتتە، — ئادەم
ئەمەس توڭگۇزكەن شېڭ دۇبەن دېگەن، بۇ توڭگۇز ئۆز چېغىدا
ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ بىر ئوبدان سەلتەنەت يۈرگۈزۈپ
كېلىۋاتقان ئېگىز ئوردىغا ئوت قويۇپ ئاتامنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈ-
ۋەتتى، — ئۇ چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن يەنە سۆزگە كىرىش-
تى، — شېڭ دۇبەن دېگەن بۇ مەلئۇنىنىڭ دەۋرىدە مەخسۇتباي،
خوجىنىياز ھاجى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئەل ئوغلانلىرى
ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىمۇ تۈرمىگە چۈشكەندىلە.
مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ، ئورنىغا

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھوقۇق تۇتتۇۋىدى، يۇرتىمىز ئاۋاتلىشىشقا باشلاپ، خەلقىمىز خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. مانا ھەم ئۆزلىرىنى ۋۇ جۇڭشىن جۇشى ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۈرمىدىن ئازاد قىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئادالەتپەرۋەر ھۆكۈمەت، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغان ۋۇ جۇشىمۇ خەلقچىل ئادەم. شۇڭا ئۆزلىرى بىلەن بىز بۇ دانا رەھبەرنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرمىقىمىز لازىمدۇر.

ئۇنىڭ بۇ پاراڭلىرى تۇرپاندىن چىققانلارغا ياقمىدى بولغاي، مېڭىش تەرەددۇتىغا چۈشتى:

— سا چىڭۋاڭ ھەزرىتىمىنىڭ مۇبارەك قەدىمى مۇرتۇققا يەتكەن يەردە تۇرپانلارغىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى ئۇلار كىنايە ئارىلاش، — بولسا بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈپ بىر مېھمان بولۇپ كېتەرلا.

— قۇللۇق، قۇللۇق، — دېدى سا چىڭۋاڭ كىنايىنى چۈشەنمەستىن، — ھەرقايسىلىرى شۇنداق دېگەندىكىن چوقۇم بېرىپ قالىمىز.

ياقۇپ ھاجىلار كەتكەندىن كېيىن مەتسايىت نەمەت خەلپەتكە ناھايىتى «مۇھىم» بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى قەدىناسلاردىن خەت كېلىپتۇ، — دېدى ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن، — ئۇلار مېنى ۋۇ جۇڭشىن جۇشىغا مەسلىھەتچىلىككە كۆرسەتكەنىكەن، ئۇ زات ئىپادە بىلدۈرۈپ ماقۇل بوپتۇ. شۇڭا پات ئارىدا ئۈرۈمچىگە ماڭىمەن، ئەگەر قوبۇل كۆرسىلىرى بىللە بارسىلا، خەلپىتىم، مەن ئۇ كىشىگە دەپ ئۆزلىرىنى ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ جاۋابەن، — ئۇزۇن يىل تۈرمىدە يېتىپ كەم ماغدۇر بولۇپ قالدىم. ھازىر ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇدەك ۋاقتىممۇ يوق.

شۇڭا ئۆيدە خوتۇن ـ باللار بىلەن قوشۇلۇپ، جامائەت بىلەن بىرگە بولۇپ، ئارام ئالغىنىم تۈزۈكمىكىن.

— زورلاش يوق، زورلاش يوق، — دېدى مەتسايىت يەنە ھىيلىگەرلىك بىلەن، — ئۆزلىرى دېگەن مەرھۇم ئاتام ئىمىن چىڭۋاڭ ھەزرەتلىرى بىلەن قەدىناس بولۇپ ئۆتكەن ئادەم. شۇڭا ئۆزلىرىنى زورلاش ھەددىم ئەمەس. ئۇنداقتا بىزمۇ يانايلى، ئۆزلىرىنى تۈرمىدە ئۇزۇن يېتىپ كاردىن چىقىپتۇ، دېگەندەك پاراڭلار يۇرتمۇ يۇرت تارقىلىپ يۈرگىلى نېكەم. شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ بىر ئات ئەكەلدىم. بولسا شۇ ئاتقا مىنىپ يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا بىر نامايان قىلسىلا بوپتىكەن، خەلپىتىم.

مەتسايىت بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى يۇقىرىدىكى پاراڭلار يالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە قىلىنىۋاتقان گەپلەر ئىدى.

— ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەرلا، خەلپىتىم، — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىنى چىققان نەمەت خەلپەتكە قاراپ، — ئەگەر ماغدۇرلىرىغا كېلىدىغان بولسىلا چوقۇم مېنى ئىزدەپ تاپسىلا، ئۇرۇمچىدە بىللە ئىشلەيلى.

— ئاۋۋال بىر ماغدۇرۇمغا كېلەي، خۇدايىمنىڭ پۈتكىنىچە بىرئىش كۆرمەيمىزمۇ...

شۇنىڭ بىلەن مەتسايىتلار لۈكچۈنگە قايتىپ كەتتى.

* *

1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلىدا ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن كېيىن، ئىنقىلاب ئوتى ناھايىتى تېزلا ئەتىراپقا كېڭىيىپ 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئازادلىققا ئېرىشتى. بۇ چاغدا گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا يەتتە ۋىلايەتتە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈۋاتقان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، تۇرپاندىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى چېكىگە يەتكەنىدى.

1946 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرىدىن تەن رىمى، چىن يىڭجاڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تۇرپان ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئۇلار تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن ھەربىي مەشىق قىلىمىز، دېگەننى باھانە قىلىپ خەلقنىڭ ئېتىزلىقىدىكى زىرائەتلەرنى دەسسەپ چەيلىدى، تۇرپان خەلقىنى قوغدايمىز دېگەننى باھانە قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ تۇرپان شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق سىڭگىم ئېغىزى، پىچاننىڭ شور بۇلاق دېگەن جايلىرىغا پوتەي سالدۇردى. شۇ چاغدا سېلىنغان پوتەيلەرنىڭ سانى تۇرپان يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەردە 26، سىڭگىم ئېغىزىدا تۆت، شوربۇلاقتا ئىككى بولۇپ، جەمئىي سانى 32 گە يەتتى.

ئەسكەرلەر تۇرپان شەھىرىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شەھەردە تىجارەت قىلىۋاتقان سودىگەرلەرنى، سودىلىق ئۈچۈن كىرگەن پۇقرالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ھېسابلىنىپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى روناق تاپقان تۇرپان شەھىرى خۇددى ۋابا تەگكەندەك چۆلدەرەپ قالدى. بۇ كۈنلەردە يەنە گومىنداڭ دائىرىلىرى كۆزىنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا تىككەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ خەلقتىن تارتىۋالغان بۇ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىچكىرىدىكى خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەشتىكى شوتىسى قىلىۋالغانىدى.

مانا مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق پەيتتە، تۇرپاندا «تۇرپان شىركىتى» ئۆز جامالىنى خەلققە كۆرسەتتى. بۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرى نەمەت خەلپەت، ياقۇپ ھاجى، باۋۇدۇنبايلار بولۇپ، شىركەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، تۇرپاندىكى تىجارەتچىلەرنى

بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ قانۇنسىز سودىسى- نى چەكلەش ئىدى. شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن تىجارەتچىلەر ئۆز ئارا ئۇيۇشۇپ، نەمەت خەلپەتنى مەزكۇر شىركەتنىڭ دىرېكتور- لۇقىغا كۆرسەتتى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئىلى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغان چاغلار بولغاچقا، گومىنداڭچىلار بۇنىڭغا غىڭ قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان شەھىرىدە سودا ئىشلىرى يەنە روناق تېپىشقا باشلىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قانۇنسىز سودىسىنى چەكلەشتە نەمەت خەلپەت مۇھىم رول ئوينىدى.

*　　　　　　*

ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلاپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدىن مەخسۇس ۋەكىل ئەۋە- تىپ، ئىلى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ 1945 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرى- لىرىدا ئىلى تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتكە چۈشتى. 1945- يىلى ئۆكتەبىردە باشلانغان سۆھبەت تاكى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە داۋام قىلىپ «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالاندى ۋە بىتىم- نىڭ روھىغا ئاساسەن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى (گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىلى) يېڭىدىن قۇرۇلغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈ- مەت» نىڭ رەئىسلىكىگە، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل قىلىندى. بۇ چاغدا تۇرپاننىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا قىيىن ئەھۋالدا بولۇپ، گەرچە «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ روھىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاساسەن ئابدۇراخمان مۇھىتى ھاكىم، باۋۇدۇن يۇسۇپ مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلانغان بولسىمۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەلپازى يەنىلا بۇزۇق بولۇپ، تۇرپاندا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى بولۇۋاتاتتى. ئابدۇراخمان مۇھىتى ھاكىم بولغاندىن كېيىن نەمەت خەلپەتنى تۇرپان ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ مەسئۇللۇقىغا كۆرسەتتى ۋە بۇ ھەقتە يولىيورۇق سوراپ ئۈرۈمچىگە تېلېگىراما ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى تەرەپتىن ناھايىتى تېزلا جاۋاب كېلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن نەمەت خەلپەتنىڭ سىياسىي ھاياتى يەنە باشلاندى. بۇ كۈنلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يولسىزلارچە قىلغان ھۆكۈمرانلىقىدىن جاق تويغان تۇرپان خەلقى ئارىسىدا:

تۇرمۇش كەچۈرۈش قىممەتلىك بەك،
مۇھەببەت ئىشقى ئاندىن يۈكسەك.
ئازادلىق ئۈچۈن بولسا مەگەر،
ھەر ئىككىسىدىن كېچىش كېرەك.

دېگەن ناخشىلار تارقالغان بولۇپ، «بىز ئىلگىرى نامازنى مەككىگە قاراپ ئوقۇيتتۇق، ئىلىدا ئىنقىلاب قوزغالغاندىن كېيىن بىر ۋاخلىق نامازنى ئىلىغا قاراپ ئوقۇيدىغان بولدۇق»① دېگەندەك پاراڭلار ئېقىپ يۈرەتتى.

نەمەت خەلپەت ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇرپان خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ، ئۈرۈمچىگە — ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىغا چىقتى.

— بولسا شۇ كىشىنى بىر چىللاپ كەلسىلە، — دېدى ئابدۇراخمان مۇھىتى نەمەت خەلپەت يولغا چىقاردا، — تۇرپان خەلقى

① غەيرەت ئۆمەر تۈزگەن «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا» ناملىق كىتابنىڭ 368 ـ بېتىگە قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

بۇ زاتنىڭ مۇبارەك چىرايىنى قانغۇدەك بىر كۆرۈۋالسۇن!

— خۇدايىم بۇيرۇسا چوقۇم دىگىنىڭىزدەك قىلىمەن، ئۇكەم.

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتنى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئىچىدە سىراجىدىن زۇپەر ئەپەندىمۇ بار ئىدى.

— مەن تېخى يېقىندىلا ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. تۇرپانغا قايتىشىمدا ئابدۇكېرىم ئاببارسوفقا «مۇمكىن بولسا ئەخمەتجان ئەپەندى بىلەن سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى تۇرپان خەلقىگە ئالغاچ كەتسەم» دېسەم، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن: «مېنىڭ بوۋام ئەسلىدە كونا تۇرپانىنىڭ لەمجىن كەنتىدىن، رەخمەتجان ئاكامنىڭ بوۋىلىرىمۇ تۇرپان سىڭگىملىك ئىكەن، تېيىپ هاجى ئاكامنىڭمۇ تېگى ئەسھابۇلكەھىبتىن ئىكەن. شۇڭا بىز تۇرپانغا زىيارەتكە بارماقچى. شۇ باھانىدە بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىمىز، سۈرىتىمىزنى ئاپىرىشىنىڭ هاجىتى يوق»① دېدى.

بۇ كۈنلەردە ئەخمەتجان قاسىمى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ، يەتتە ۋىلايەتنى تېزرەك ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، كۈنىگە 11 ـ 12 سائەتلەپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. نەمەت خەلپەت ئۇرۇمچىگە بېرىپلا ئۇدۇل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باردى، لېكىن ئۇ يەردىكى قاراۋۇللار ئۇنى كىرگىلى قويمىدى.

— هازىر ئەخمەتجان ئەپەندى بەك ئالدىراش،— دېدى قاراۋۇللاردىن بىرى مۇلايىملىق بىلەن،— نېمە گېپىڭىز بولسا بىزگە دېسىڭىز، بىز يەتكۈزۈپ قويىمىز.

— ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ،— دېدى ئۇ قەتئىي قىلىپ،— چۈنكى مەن ئەخمەتجاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم تۇرپان خەلقى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمەن…

① «قەدىمكى ديار — پىچان» (پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى)، مەخسۇس توپلام، 14 ـ قىسىم 209 ـ بەتكە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراۋۇللار ھەرخىل سۆزلەر بىلەن ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۇرەل-
مىگەندىن كېيىن، ئەخمەتجانغا دوكلات قىلدى.

— ئۆزىنى تۇرپاندىن چىقتىم، دەۋالغان بىر بوۋاي ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، دەپ سىرتتا غوۋغا كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ گەپكە كىرگۈزەلمىدىم.

— قانداق كىشىكەن؟— سورىدى ئەخمەتجان.

— بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن، ئېگىز بوي، شالاڭ ساقاللىق كىشى ئىكەن.

— چوقۇم شۇ، خەلپىتىم، نەمەت خەلپەت چىقىپتۇ-دە،— قاتتىق ھاياجانلانغان ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا، نەمەت خەلپەت قورۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئەخمەتجاننىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

دانا داھىي ئەخمەتجانغا تۇرپان خەلقىدىن سالام،
باشلىرىدا ئوتلار كۆيگەن كۆلپەت تاغىدىن سالام.
قۇش، كەپتەرلەر ئۇچۇپ كەتكەن سولغۇن باغدىن سالام،
يېڭى تاڭغا ئىنتىلگۈچى نەمەت كەمىنىدىن سالام.

— بارىكاللا، خەلپىتىم، بارىكاللا، ئەزىز قېرىندىشىم، تىنچ- ئامان تۇردىڭىزمۇ، تۇرپان خەلقى ئامانمۇ؟

ئەخمەتجان قاسىمى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قوللىرىنى كەڭرى يايغىنىچە بۇ پېشقەدەم ئەزىمەتنى باغرىغا باستى.

بۇنداق تەسىرلىك كۆرۈنۇشلەرنى پەقەت كىچىك چاغلىرىدا بوۋىلىرى ئېيتىپ بەرگەن جەڭنامە، ھېكايەتلەردىنلا ئاڭلاپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان قاراۋۇللارنىڭ ئېغىزلىرى ئېچىلىپ، كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى قۇيۇلماقتا ئىدى.

*                              *

شۇ كۈنى كەچتە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن نەمەت خەلپەت ئەخمەتجاننىڭ ياتىقىدا تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ چىقتى.

— تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەيەرلەردە بولدىڭىز؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۇدۇللا تۇرپانغا كەتتىم، — دېدى نەمەت خەلپەت جاۋاب بېرىپ، — چۈنكى مەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ تۈرمىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا توققۇز يىللار ئۆتۈپتۇ. تۈرمىدىن بوشانغاندىن كېيىن ئايالىم مەخان ۋە بالىلىرىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىچارىلەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇر، بالىلىرىم قانداقراق چوڭ بولغاندۇر دېگەن خىياللار مېڭەمگە كىرىۋېلىپ، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، بۇ بىر. ئىككىنچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرپان ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغاچقا، ئۈرۈمچىدە بىرەر ئىش بولسىلا ئاخىرى تۇرپاندىن چىقىدۇ، ئىلى تەرەپلەرگە ئۆتەي دەپمۇ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئىلىدا سىزلەر بار، تۇرپان بولسا ئوت يۈرەك ئىنقىلابچىلارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ ئۆزۈمدە يېتىلدۈرگەن «قەيەرگە ئادەم لازىم بولسا، شۇ يەرگە بېرىش» پىسخىكام بويىچە ئىلىغا بېرىش ئارزۇيۇمدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ، تۇرپانغا قاراپ يول ئالدىم.

— ناھايىتى توغرا قىلىپسىز، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازاد بولۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتى، لېكىن تۇرپان قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت خەلقى ھېلىھەم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىدا قاڭشىماقتا. ئەھۋال مانا شۇنداق ئىكەن، يەتتە ۋىلايەت خەلقى سىزگە ئوخشاش بالدۇر ئويغانغان، ئالدىن كۆرەر تەشكىلاتچىلارغا موھتاج. شۇنداقلا بىزمۇ يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» نى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان سىزگە ئوخشاش باتۇر ئەزىمەتلەرگە موھتاجمىز.

— تۇرپـان خەلـقى سىزنـىـڭ مۇبارەك دىدارىڭىزغا بەك تەشنا،— دېدى نەمەت خەلپەت پاراڭ ئارىلىقىدا يەنە،— ھازىر تۇرپان خەلقى ئارىسىدا «بىز ئىلگىرىلەردە ناماز ئوقۇساق مەككىگە قاراپ ئوقۇيتتۇق، ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن بىر ۋاختـ لىق نامازنى ئىلىغا قاراپ ئۆتەيدىغان بولدۇق» دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ، سىزلەرگە بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بولسا بىر ۋاقتىڭىز يەتكەندە تۇرپانلارغىمۇ چۈشسىڭىز بوپتىكەن، ئۇـ كەم!

— بىز چوقۇم بارىمىز، — دەرھال ئىپادە بىلدۈردى ئەخمەتـ جان قاسىمى،— بىز خەلقنىڭ ۋەكىلى بولغانىكەنمىز، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز، ئۇلار يولۇققان قىـ يىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپان دېگەن مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى، مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەرھۇم تاھىربەگ ئەپەندى ۋە سىزگە ئوخشاش ئىنقىلابچىـ لارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇلۇغ زېمىن تۇرسا، تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ ئوتلۇق زېمىننى تاۋاپ قىلىش مېنىڭلا ئەمەس، يۈرىكى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن سوقۇۋاتقان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى…

ئەتىسى نەمەت خەلپەت ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئوتلۇق سالىـ مىنى ئېلىپ تۇرپانغا قاراپ يول ئالدى.

*  *

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە يەنە ئۆلكىلىك ھۆـ كۈمەت رەھبەرلىرىدىن رەخىمجان سابىرھاجى، قالى ئاباكوف، نۇرىدىن بەگ ۋە ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىقلار بار بولۇپ، تۇرپان خەلقى ئۇلارنى ناھايىتى زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى.

بۇ 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، شىمالىي

شىنجاڭدا تېخى قارلار ئېرىمىگەن، ھەممە ياق ئاق لىباسقا ئورال-
غان، لېكىن دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئانا
زېمىن تۇرپاندا بولسا ھاۋا ئىللىشقا باشلاپ، باھارنىڭ ئىللىق
شاملى يېنىك سوقماقتا ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇرپانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپ-
قان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىا بىر يەرگە توپلاشقان بولۇپ، ئەخمەت-
جان قاسىملار تۇرپانغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار چۈشكەن
پىكاپنى كۆتۈرگىنىچە تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىي قوۋۇقى ئالدى-
دىكى كەڭ سەيناغا ئاچىقتى. ئەخمەتجان قاسىمى ماشىنىدىن چۈ-
شۈپ، خەلققە ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەشكە
باشلىدى:

— مەن ئەخمەتجان قاسىمى، يەنى سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلار-
سىز «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» گە قول قويغان خەلق
ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئاممىا قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئالقىش ياڭراتتى.

— شىنجاڭ خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان چىرىك ھاكىمى-
يەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس زۇلمىغا ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتات-
سىيىسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر بولماي پارتلاپ چىقتى،
چۈنكى پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى. ئىلى، تارباغاتاي،
ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەركىنلىك - ھۆرلۈك
ئۈچۈن ئىستىبداتلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلدى. تۇرپان
خەلقىمۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ئوخشاشلا زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسى-
يىگە ئۇچراپ كەلدى. دېمەك، تۇرپان قەدىمدىن بۇيان ئەكسىيەت-
چىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىگە ۋە باستۇرۇشىغا
ئۇچرىغان جاي. لېكىن تۇرپان، تۇرپان خەلقى ئۆزىنىڭ
ئېگىلمەس - سۇنماس قەيسەرانە روھى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.
تارىختىن بۇيان بۇ جاي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ ماكانى بولۇپ
كەلدى... بىز بارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچلىقنى قوغ-
داپ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرىغىچە دا-

ۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز، بۈگۈنكى خائىن ئەته خەلق ئالدىدا رەسۋا بولماي قالـمايدۇ. بىز خەنزۇلارغا قارشى ئەمەسمىز، بىز مۇستەبىتلەرگە، خەلققە زۇلۇم سالغۇچى ئىستىبدات ھۆكۈمەتكە قارشىمىز. بىز تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن تەشكىللەنگەن يېڭى ھاكىمىيەتنى ھىماـيە قىلىمىز. «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ ھەقىقىي ئىجراسى ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئالدىمىزدىكى پوتەيلەرنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى بار؟ خەلق ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدۇ، ھۆكۈمەت خەلقنى ئاسرىشى كېرەك. ئەگەر خەلق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىسا بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. بىز ئەزەلدىن سەۋرچان خەلق. بىز تىنچلىقنى سۆيگۈچى خەلق. تۇرپان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي جاساردىتى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. سىلەرنىڭ مۇشۇ ئىنقىلابىي جاسارىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت. سىلەرنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىقىڭلارغا مىڭ رەھمەت. سىلەرنىڭ باتۇر، جەسۇرانە روھىڭلارغا مىڭ رەھمەت. سىلەرنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ھىممىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن تىنچلىقنى ھىمايە قىلىدىغان ئارزۇيىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ ئازاد، ئەركىن ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن چېلىشىۋاتقان قورقماس روھىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دوستانە ھەمكارلاشقىنىڭلارغا مىڭ رەھمەت، ياشىسۇن خەلق!

ئەخمەتجاننىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن شوئار توۋلاندى:

«ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!»

«ياشىسۇن ئازادلىق!!!»

* *

ئەخمەتجان قاسىملار ئابدۇراخمان مۇھىتى، نەمەت خەلپەتـ

لەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاستانىگە باردى. بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پەرىجە كىيىۋالغان ئاستانە خەلقى ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

— تووۋا، مۇشۇ ئاددىي ـساددا كىيىنىۋالغان كىشى بىزنىڭ دانا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ـ ھە؟

بۇ كۈنى جۈمە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمى جۈمە نامىزىنى ئاستانە خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇدى، ئاندىن لۈكچۈنگە بېرىپ ئۆزىنى قارشى ئېلىشقا توپلاشقان ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، تۇيۇققا بېرىپ ئەسھابۇلكەھف مازىرىنى تاۋاپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىملار لۈكچۈن خەلقى بىلەن خوشلىشىپ پىچانغا ئۆتۈش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، ئۇرۇمچىدىن، يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئەخمەتجان ئۇرۇمچىگە قايتمىسا بولمىغۇدەك، ھازىر ئۇرۇمچى ۋەزىيىتى بەك يامانلىشىپ كېتىپتۇدەك...

— خوش، خەلپىتىم، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپانغا كەلگەندىن بۇيان ئىزچىل ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان خەلپىتىمگە قاراپ، — ھازىر ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن بىز ئۇنى ئوڭشاشقا تىرىشىمىز. ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە ئۆتۈپ تۇرارسىز...

— خۇدايىم بۇيرۇسا، — نەمەت خەلپەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجانلار ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلىدا ئۆتكەن كۈنلەر

گومىنداڭ تەرەپ تىنچلىق بىتىمىغا ئىمزا قويغىنى بىلەن، خەلق قوزغىلىڭىغا مۇنداق كەڭ يول قويۇشقا ئىچ ـ ئىچىدىن نارازى ئىدى. شۇڭا ئۇلار 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇپ، ئۇنى يوققا چىقىرىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاشقا خۇپىيانە ھالدا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھەربىي دىكتاتورىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي مەشىق، مانېۋىرلارنى كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان تەھدىت مۇھىتى ياراتتى. بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن جايلاردا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان دېموكراتىك سايلامنى باھانە قىلىپ، دېموكراتىك كۈچلەرنى باستۇرۇشقا كىرىشتى. يەتتە ۋىلايەتكە ھەدەپ ئىشپىيون ئەۋەتىپ جاسۇسلۇق تورلىرىنى قۇرۇپ، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى ھەدەپ قىسماققا ئېلىشقا باشلىدى.

بۇ كۈنلەردە پۈتۈن شىنجاڭ ئېغىر تەھلىكە ئاستىدا قالغان بولۇپ، ھەممە ياقتىن خەلقنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىمىز، دەپ جار سېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۆزى يەتمەي خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىش ئۈچۈن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئىستىپانامە يوللىدى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۇنىڭ ئىستىپانامىسى تەستىقلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇد سەبىرى رەئىسلىك ئورنىغا چىق-

تى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنـ
داڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل قىلمىشىغا نارازىلىق بىلـ
دۈرگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ
پىكرىنى ھېچبىر ئېلىككە ئالمىدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىـ
نىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى قورشاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن ئوينىـ
شىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا پۇتلىكاشاڭ
بولغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلاجسىز غۇلجىغا قايتىپ
كەتتى.

دەرۋەقە بۇ كۈنلەردە گومىنداڭچىلار قاتتىق ۋەھشىيلەشكەن
بولۇپ، ئەنۋەر يۇسۇپ مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىشى بىلەن يەكەنگە
بارغاندا، ئۇنى يەكەن ۋالىيسى مەخپىي قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرگۈزۈـ
ۋەتتى. مىرزا يۇسۇپ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بۈگۈرگە بارغاندا،
كورلا باشئەگىمدە ھەربىيلەر تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇقادىر
ھەسەننى خوتەن خەلقى ھاكىملىققا سايلىۋىدى، ھەربىيلەر ئۇنى
قولغا ئالدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ ۋەھشىيلىرى تېخى تۇرپاندا كۆرۈـ
لۈشكە باشلىدى. كېچىلىرى تۇيۇقسىزلا ئادەم يوقىلىپ كېتىدىـ
غان، ئۆي ئاختۇرىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى. كىشىلەر ئۆيلىـ
رىدە خاتىرجەم ياتالماس بولۇپ قالدى.

پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇساسى يۇسۇپ باقىـ
نى، شۇنگوەن زىيەرنى، ساقچى باشلىقى ياسىن رىقىپىنى، سودىگەر
يۇسۇپ تۇردىنى، خاندو يېزىسىنىڭ ساقچى باشلىقى مەمەت قاسىمـ
نى، لەمجىن يېزىسىنىڭ ساقچى باشلىقى ئابلىمىت يۇسۇپنى،
خوجا ئابدۇللانى قولغا ئالدى. پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىـ
نىڭ باشلىقى ئابلىمىت ھوشۇر، لۈكچۈن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارـ
تىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەتنىياز داۋۇتلار قېچىپ قۇتۇلـ
دى.

دېمەك، يەتتە ۋىلايەت دوزاخقا ئايلانغان بولۇپ، مانا مۇشۇنداق
بىر ھالقىلىق شارائىتتا، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىكى ئەزىمەتـ
لەر زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. قوزغىلاڭغا تۇرپان ناھىـ

يىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈچ ناھىيىدىن توپلانغان ئەزىمەتلەر تۇرپاننىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى سىڭگىم ئېغىزىغا ۋە توقسۇننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى كۇمۇش بازىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. سىڭگىم ئېغىزى ئۈرۈمچىدىن شەرقىي شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى ئىستراتېگىيىلىك جاي ئىدى. كۇمۇش بازىرى بولسا جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇشۇ ئىككى جاي كونترول قىلىنسا، ئۈرۈمچىگە تەھدىت سالغىلى بولاتتى.

لۈكچۈندە ئەخمەتنىياز داۋۇت باشچىلىقىدا قوزغالغان خەلق ساقچى ئىدارىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ساقچىلارنىڭ قورال‌لىرىنى تارتىۋالدى. ياڭخىلىق ئىمىن ئاخۇن خەلقنى قوزغاپ، تۇتسوقما كارىزدىكى گومىنداڭنىڭ ئەسكەر، ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، 11 تال قورالنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ لۈكچۈن، ياڭخى خەلقىنىڭ قولىدىكى قورال 71 تالغا يەتتى (ئەخمەتنىياز داۋۇتلار ساقچىلاردىن تارتىۋالغان ۋە لۈكچۈن خەلقىنىڭ قولىدىكى قورال‌لار بولۇپ، لۈكچۈن خەلقىنىڭ قولىدىكى قورال 60 تالغا يەتكەنىدى). ئاستانىلىك مۇئەللىم رەجەپ توختى ئاستانە، قاراغوجا خەلقىنى قوزغاپ، ئەخمەتنىياز داۋۇت، ئىمىن ئاخۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە «يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل» دەپ سىڭگىم ئېغىزىدىكى زامانىۋى قورال‌لار بىلەن قورال‌لانغان گومىنداڭنىڭ بىر باتالىيون ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. پىدائىيلارنىڭ سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇرۇشقا رەسمىي قاتناشقان ئەرلەردىن باشقا يەنە تاماق توشۇۋاتقان ئاياللارمۇ، كىچىك بالىلارمۇ بار ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ سۇنىڭ بېشىدا بولغانلىقتىن ئۇلار سۇنى توسۇپ، قۇملۇقتا قويۇۋەتكەنلىكتىن پىدائىيلار ئۇسسۇزلۇقتىن كۆپ قىينالدى. بۇ چاغدا بالىلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇلار كارىزلاردىن قاپاقلار بىلەن سۇ توشۇپ كېلىپ، پىدائىيلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى، لېكىن بۇ كۈنلەردە تۇرپاندا ئىسسىق

تازا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ھەممە يەر چوغقا ئايلانغانىدى. توپىلىق چوغ، قۇملۇق چوغ، ئەزىمەتلەر بولسا ئەنە شۇ چوغ ئۇستىدە يېتىپ، ئۆز ۋاقتىدا تەن رىمى، چىلىك يىگىتلار تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان پوتەيدە دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. سىڭگىم ئىبىدىزىدىكى جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولۇپ، پىدائىيلار «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەندەك سادالار ئىچىدە پوتەيلەرگە ھۇجۇم قىلماقتا، ئۆزىنىڭ كەتمەن - گۈرجەكلىرى ئارقىلىق گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ ۋەھشىي ئۇۋىسىنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەدەپ ئالغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى. پىدائىيلاردىن گۈلى ئىسىملىك بىر يىگىت پوتەيگە ھۇجۇم قىلىپ كېتىۋاتقاندا، ئوق تەگدى.

— بولالمىدىم، قورالىمنى ئېلىۋېلىڭلار! — دېدى ئۇ «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دېيىشنىڭ ئورنىغا قورالىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى ئويلاپ.

پىدائىيلاردىن ھەسەن تۆمۈر ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈۋىدى، ئۇنىڭمۇ ئوق تېگىپ يىقىلدى. ئابدۇرازاق ئۇنىڭ ئىزىنى باستى. بىر پوتەيگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا 11 ئادەم مەردلەرچە قۇربان بولدى. تۇرپان خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان:

سىڭگىملەردە جەڭ قىلغان،
ھاكىم بىلەن ئىمىنجان.
قوللىرىدا تاياق - توقماق،
قۇربان بولدى ئون بىر جان.

دېگەن قوشاق ئەنە شۇ قانلىق جەڭنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

*　　　　　　　　*

خەلق ئۆز ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇ ئىنقىلاب دۈشمەنلەرگە دەستەك بولۇپ بەردى، ئۇلار قومۇل،

www.uyghurkitap.com

قاراشەھەر، ئۈرۈمچىلەردىن زور قىسىم ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ كې-
لىپ تۇرپان خەلقىنى قىرىشقا باشلىدى. تۇرغۇن ئەزىمەتلەرنىڭ
جەسەتلىرى چۆل - جەزىرىلەردە قالدى. بۇ قېتىمقى قىرغىندا
پىدائىيلاردىن ۋە بىگۇناھ پۇقرالاردىن بولۇپ بىرنەچچە مىڭ ئادەم
قىرىلىپ تۈگىدى. پىدائىيلاردىن ئامان قالغان 200 دىن كۆپرەك
كىشى ئابدۇراخمان مۇھىتى ۋە لۈكچۈنلۈك شىربەگ غوجىنىڭ
(شاكىر تەنجاڭ دەپمۇ ئاتالغان) باشلامچىلىقى بىلەن تەڭرىتاغلىرى-
نى بويلاپ مېڭىپ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇراخمان مۇھى-
تى ئىلىغا كەتكەندىن كېيىن، تۇرپاننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى يەنە
گومىنداڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

تۇرپان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭچى-
لار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆيمۇ ئۆي چارلاپ يۇرۇپ ئادەم
تۇتۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بۇ كۈنلەردە ئۆز سەپداشلىرىدىن ئايرى-
لىپ قالغان نەمەت خەلپەت تۇرپاندا تۇرۇپ خەلقنى قايتىدىن قوز-
غىلاڭغا تەشكىللەۋاتقان بولۇپ، ئۇمۇ بۇ قېتىمقى تۇتقۇندىن مۇس-
تەسنا بولالمىدى، لېكىن بۇ چاغدا مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەتئى-
مىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپ تېكىنلەر شىنجاڭدا ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ
پانتۇركىزملىق ئىدىيىسىنى بازارغا سالغان چاغلار بولۇپ، مەس-
ئۇدنىڭ قارىشىچە نەمەت خەلپەتمۇ پانتۇركىست ئىدى. ئۇمۇ مەس-
ئۇد ۋەكىللىكىدىكى پانتۇركىستلارغا ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى-
غا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماددىي ياردەم قوبۇل قىلغان ئۈچ ۋىلا-
يەت ھۆكۈمىتىگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى گومىنداڭ ھۆكۈمى-
تىگە ئەجەللىك زەربىلەرنى بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنى ئازادلىققا
ئېرىشتۈرۈش يولىدا كۈرىشىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىگە ئۆچ ئىدى. شۇ چاغلاردا يەنە نەمەت خەلپەتنىڭ ئەل ئارىسى-
دىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ، مەسئۇد سەبرى ئۇنى ئۆزىنىڭ
پانتۇركىزملىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتىكى قورالى قىلىشنى
ئويلاپ، شىنجاڭ ھەربىي گارنىزونىنىڭ باشلىقى سۇڭ شىليەن
ئارقىلىق تۇرپاندىكى چىڭ يىڭجاڭغا تېلېفون بېرىپ، نەمەت خەل-

پەتنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كەلدى. نەمەت خەلپەت كوچا ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن تالاغا چىقتى ۋە دۆڭكۆۋرۈككە يېتىپ باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خەلپىتىم.

يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن خەلپىتىم ئالدىغا قارىدى، بىر كىشى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام…

ئۇ كىشى كېلىپلا نەمەت خەلپەتنى بىر بۇلۇڭغا تارتتى.

— ئەھۋاللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولدۇم، ھازىر جانلىرى قىل ئۈستىدە قاپتۇ. چاپسان جەنۇبىي گۈللۈك (نەنخۇايۈەن) كە بارسىلا، ئۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە رەخىمجان سابىرھاجى قاتارلىق رەھبەرلىرى سىلىگە ئوخشاش زاتلارنى غۇلجىغا يولغا سېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتىدۇ.

نەمەت خەلپەت ئۇ كىشىگە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، دەرھال جەنۇبىي گۈللۈككە قاراپ يول ئالدى. دەرۋەقە ئۇ يەردە ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە رەخىمجان سابىرھاجىلار خەلپىتىمگە ئوخشاش يەتتە ۋىلايەتتىن قېچىپ چىققان ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى غۇلجىغا يولغا سېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇلار نەمەت خەلپەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

— ئەخمەتجان ئەپەندى ئاتايىتەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلغاندى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، — ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كۆرۈڭ، خەۋىرىنى ئۇققان ھامان، ئۇ كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ غۇلجىغا ياندۇرۇپ كېلىڭ، دېگەن. ئاڭلىسام ئەتىگەندە مەسئۇد سەبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا بوپسىز…

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قىلغان چاقچىقىدىن باشقىلار كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلار مېنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتمۇ كۈلۈپ، — لېكىن مەن دېگەن بىر يولۋاس، مۇمكىن بولسا مېنى ھازىرلا يولغا سېلىۋېتىڭە،

بولدى.

— ئىلىخودا چارۋا كۆپ دەپ ئۇ يەرگە كۆز تىكىپسىز ـ دە، لېكىن ئۇ يەردىكى چارۋىلار يولۋاسقا يەم بولمايدۇ جۇمۇ، — رەخىمجان سابىرھاجىنىڭ قىلغان بۇ چاقچىقىدىن يەنە بىرمۇنچە كۇلۇشمەك بولدى.

نەمەت خەلپىتىممۇ ياندۇرۇپلا:

— مەن دېگەن كۆندۈرۈلگەن يولۋاس، مال چارۋىلارغا تەگ-مەيمەن، بەلكى مال ـ چارۋىلارغا كۆز تىككەن چىلبۆرىلەرنى ئۇۋلايمەن... — دېدى.

— ھازىر ئۇچۇش تەييارلىقى پۇتۇپ قالدى، — دېدى ئابدۇكې-رىم ئابباسوف جىددىي قىلىپ، — مەن تېخى يېقىندىلا غۇلجىدىن قايتىپ كەلدىم، رەخىمجان ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئايروپىلانىنى ئۇقۇشۇپ تەييار قىلىپ قويدۇق. يەنە بەش مىنۇت كېچىككەن بولسىڭىز ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتەر ئىدى...

*　　　*

— ئۇكەم، ماڭىمۇ قورال بەرسىلە، بولسا گومىنداڭچىلار بىلەن ئاخىرقى نەپسىم قالغۇچە بىر ئېتىشاي...

شۇ ھامان توپ ئىچىدە كۇلكە كۆتۈرۈلدى.

— غەيرىتىڭىزگە ئاپىرىن، جاسارىتىڭىزگە تەشەككۇر، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۇلۇپ، — سىز تېخى غۇلجىغا ئەمدىلا كەلدىڭىز، شۇڭا بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىشىڭىز لازىم...

نەمەت خەلپەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىسھاقبېك سۆز ئالدى:

— ئاخمات، — دېدى ئۇ جىددىي رەۋىشتە، — سېنىڭ ھۆرمى-تىڭگە مۇنچە سازاۋەر بولغۇدەك كىم ئادەم بۇ؟

— مەن سىلەرگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن تۇرپانلىق نەمەت

خەلپىتىم دېگەن كىشى مۇشۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى خۇش-خۇيلۇق بىلەن، — ئۆز ۋاقتىدا خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت سى-جاڭلار بىلەن خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئەسكەر تار-تىپ جەنۇبىي شىنجاڭغىچە يۈرۈش قىلغان كىشى. ئۇ تېخى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان...

— نىجاتكارىم دېگىن، — ئىسھاقبېك قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئۇ مېنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھازىرغىچە ئېزىلىۋاتقان يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ نىجاتكارى دېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كەسكىنلىك بىلەن، — چۈنكى ئۇ يېقىندا مەسئۇدنىڭ يۇ-قىرى مەرتىۋە ئىنئام قىلىمەن دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي بىز تەرەپكە قېچىپ كەلدى.

— يارايدۇ، باھادىر ئەزىمەت!

نەمەت خەلپەت ئەخمەتجان قاسىمنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىق-قاندىن كېيىن، ئىچ پۇشۇقىنى بېسىش ئۈچۈن يالغۇز كوچىغا چىقتى.

بۇ ئۆكتەبىر ئايلىرى بولۇپ، گۈزەل غۇلجا شەھىرى كۈز پەسلىگە قەدەم قويغان، قورشاۋ تاملىق باغلاردىكى كۆزلۈك ئالمى-لار مەڭزىلىرىنى قىزارتقىنىچە ئۆزىنىڭ ئېگىز ئۆسكەن شاخلىرى بىلەن قورشام تام ئۈستىدىن مارىلاپ، «مېھمان، قېنى كەلمەم-سىز» دېگەندەك مارىشىپ، يېنىك شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەتنىڭ يېنىدىن بىر ئادەم ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتۈپ كەتتىيۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلدى:

— ھوي، توختىچۇ، ھېلىقى تۇرپانلىق نەمەت خەلپەتمۇ سەن؟

نەمەت خەلپەتمۇ كەينىگە ئۆرۈلدى:

— ئۆزلە...

— مېنى تونۇيالمايۋاتامسەن، تۈرمىدىكى چېغىمىزدا ئاغزى بېسىقمايدىغان قېرى مەھبۇس مەن بولىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
— غۇلجىغا قاچان كەلدىڭ؟
— تېخى تۈنۈگۈن.
— ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟
— ھازىر ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن چىقتىم.
— ئۇنداقتا يۈرە... — ئۇ نەمەت خەلپەتنىڭ قولىنى تارتتى.
— نەگە بارىمىز؟
— ھەي، مەن ساڭا تۈرمىدە غۇلجىغا ئۆتۈپ قالساڭ سېنى مىڭبېگىنىڭ ئالمىلىق بېغىدا مېھمان قىلىمەن دېمىگەنمىدىم، تو-ۋا، شۇ چاغدا ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىزنىڭ كەنجىتاينىڭ تويىغىلا ئۇلگۇرۇپ كەپسەن ئەمەسمۇ!
ئۇلار سۆرىشىپ يۈرۈپ ئېگىز قورشاۋ تاملىق بىر ئالمىلىق باغقا كىرىپ كەلدى.
— مانا بۇ مېنىڭ بېغىم، — دېدى ئۇ نەمەت خەلپەتكە باغنى تونۇشتۇرۇپ، — ئىلىدا ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى مىڭبېگى دېگەن دۆيۈز ئۆز گۇناھىدىن قورقۇپ قاياقلارغىدۇر قې-چىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئەخمەتجانغا دەپ يۈرۈپ بۇ باغلىق ھويلىنى سېتىۋېلىپ مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتىم.
باغقا سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىگە راسلانغان سورۇندا نەغمە ـ ناۋا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئىلى خەلقىنىڭ پەخىرلىك سازەندىلىرى بار ئىشقى بىلەن ناخشا توۋلىماقتا ئىدى.
— مەن سىلەرگە بىر مېھمان باشلاپ كەلدىم، — ناخشا ئا-خىرلاشقۇچە ھۆرمەتتە تۇرغان ئۆي ئىگىسى سورۇن ئەھلىگە دېدى، — بۇ كىشى تۇرپانلىق نەمەت خەلپىتىم بولىدۇ.
سورۇن ئەھلى قوزغىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى، لېكىن سورۇندىكى ئىككى سازەندە تۇمشۇقلىرىنى ئۈچ-لاشقىنىچە پېتىنى بۇزماي مەغرۇر ئولتۇرۇۋەردى. ئۇلار غۇلجا شەھىرىدىكى بايلاردىن بولۇپ، غۇلجىدا ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنى قوللاپ پۇل ئىئانە قىلىپ خەلق

تەرەپكە ئۆتكەن، شۇنداقلا ئەزەلدىن سەنئەتخۇمار، سازەندە كىشى-
لەردىن بولغاچقا، غۇلجا خەلقىمۇ ئۇلارنى يۇقىرىقى تۆھپىلىرىگە
ئاساسەن ئارىغا ئېلىپ، سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ ئىززە-
تىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇلار ئەسلىي تەبىئىتىدىن باي-
لارغا مەنسۇپ بولغاچقا، ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايتتى. بۇ كۈنلەردە
غۇلجىغا كېلىپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن نارازى بولۇپ تۇرغان بۇ
بايلار دىماغلىرىنى قاقىقىنىچە: «ھىم، ناھايىتى بىر كەلگۈندى
ئىكەنغۇ» دەپ قويۇشتى.
نەمەت خەلپەت سورۇن ئەھلىنىڭ سالا - سۆلھ قىلىشى بىلەن
سورۇننىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن نەغمە - ناۋا
يەنە باشلاندى. ئىلىنىڭ بىر يۇرۇش كوچا ناخشىلىرى ئورۇندىلىپ
بولغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى بىر سازەندىنىڭ قولىدىكى دۇتار-
نى ئېلىپ نەمەت خەلپەتكە ئۇزاتتى.
— قېنى بىر چالە، تۇرمىدە ئېيتقان ناخشاڭدىنلا سىنىڭمۇ
سازەندە ئىكەنلىكىڭنى پەملىگەنىدىم.
شۇنىڭ بىلەن چاقچاق باشلاندى:
— ئالامەت بۇرنى يامان قاۋان - دە بۇ، — دېدى ئارىدىن بىرى
قوپۇپ، — ئۆزى ئىلىدا تۇرۇپ تۇرپانلىقنىڭ سازەندە ئىكەنلىكىنى
پۇراپ بىلىۋالىدىغان.
— شۇڭا ئۆزى يېزىدا تۇرۇپمۇ مىڭبېگىنىڭ قاچقانلىقىنى
پۇراپ بىلىۋالغان - دە!
ئۆي ئىگىسىنىڭ «قاۋان» لەقىمىگە كەلتۈرۈپ باشلانغان چاق-
چاق بىر پەس داۋاملاشقاندىن كېيىن، سورۇن ئەھلى چاقچاقنى
بولدى قىلىپ، نەمەت خەلپەتكە قارىدى.
— قارىساق موللام سۆپەت كۆرۈندىلا، ناخشا ئېيتتىم دەپ
مۇناجات ئوقۇپ سالمىسىلا جۇمۇ...
بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىلىغا كېلىپ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇش
ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ۋە ئىلى خەلق ناخشا - چاقچاقلى-
رىنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان

نەمەت خەلپەتمۇ ئانچە تارتىشمايلا دۇتارنى قولىغا ئالدى.

— چالالامسەن؟

— دۇتار دېگەن ئاچ قالغانلار كېلىپ خالىغانچە ئاش ئۇسۇپ ئىچىدىغان چۆمۈچ ئەمەس.

بايلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

— چالغىلىمۇ بولۇر، — ئۇلارنىڭ ياپتىسىنى چۈشەنگەن نەمەت خەلپەتمۇ ئارتۇق سۆز قىلماي دۇتارنى تىرىڭلىتىپ تارلىرىنى تەڭشىگەندىن كېيىن تۇرپاننىڭ يەرلىك ئاھاڭلىرىدىن «زېمىن» غا چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دۇتار تارىغا ئۇرۇلغان يېنىك قوللىرى، دۇتار پەدىلىرىنى سىيرىپ بېسىشلىرى سورۇن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

— يېتۈك سازەندە ئىكەنغۇ!

— ماھارىتى ئاجايىپ ئۈستۈن ئىكەن!

تۇرپاندىن ئىبارەت ئوتلۇق زېمىندىكى ھارارەتلىك قەلبلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بۇ مۇڭلۇق كۈي ھېلىقى بايلارنىڭمۇ يۈرەكلىرىنى ئېرىتىپ سۇ قىلىۋەتتى.

— بولدى چالما، — ئۇلاردىن بىرى نەمەت خەلپەتنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — مۇزىكاڭنىڭ تەسىرىدىن جېنىمىز چىقىشقا ئازلا قالدى.

— خەقنى كۆزگە ئىلمىغاندىكىن سىلەرنى ئۆلتۈرگىلى چېلىۋاتىمەن...

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت چاقچاقلىق بىلەن ئاھاڭنى يۆتكىدى:

تال چىكەنلەپ مايسا بولدى،
قول سىلىپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ يار...

— ئۆلمە، ھاي ئۆلمە، ياشاپ كەت زادى! ! !

سورۇن قىزىقچىلىق ئىلكىدە يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

*　　　　*

— ئۇكەم، مېنىڭ تەلىپىمنى ئويلىشىپ كۆردۈڭلارمۇ؟
— ئويلىشىپ كۆردۇق، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ ئىنقىلابقا بولغان ئاكتىپچانلىقىڭىز يۇقىرى، بۇنىڭغا مەن ئەمەس، ئارمىيىمىزدىكى ئىسھاقبېككە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارمۇ قايىل بولۇشتى، لېكىن بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز قانداقتۇر ھەممە ئادەم قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىش بىلەنلا غەلىبىگە ئېرىشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئارقا سەپ خىزمىتىمۇ مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىلىغا يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. خەلق بىزنى پاناھ تارتىپ، بىزگە ئىشىنىپ كەلگەنىكەن، ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىساق بولمايدۇ. شۇڭا بىز مەسلىھەتلىشىپ سىزنى بىز يېقىندا قۇرماقچى بولغان «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللىرى تەشكىلاتى» غا مەسئۇل بولۇشنى بېكىتتۇق. سىز كۆپنى كۆرگەن، ئىنقىلابىي ھاياتىڭىزدا پۇتۇن شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان خەلقچىل كىشىسىز. بۇ تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىشقا سىزدىنمۇ مۇۋاپىقراق نامزات بولمىسا كېرەك.

شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن ئۇزاق ئۆتمەيلا غۇلجىدا «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللىرى تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ، نەمەت خەلپەت مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى. نەمەت خەلپەت «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللىرى تەشكىلاتى» غا مەسئۇل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك بارغانچە ئېغىرلاشتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە خۇددى ئەخمەتجان ئەپەندى ئېيتقاندەك، غۇلجا ئازاب چېكىۋاتقان يەتتە ۋىلايەت خەلقى تەلپۈنىدىغان ئەزىز ماكانغا ئايلانغان بولۇپ،

يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇنمۇ نۇرغۇن ئىقتىساد كېتەتتى، لېكىن بۇ چاغدا مىللىي ھۆكۈمەت يېڭى قۇ- رۇلغان، شۇنداقلا ئارمىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بى- لەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ھۆكۈمەتمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىمغا ئۇچرىغانىدى. شۇڭا مەبلەغ ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى يەنىلا خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ئىدى.

بىر كۈنى، نەمەت خەلپەت مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتاردا كوچىدا جۇل - جۇل كىيىنگەن بىر يىگىتكە ئۇچراپ قالدى. بايلارنىڭ بىر توپ بالىلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ ئۇنى ھەدەپ مەسخىرە قىلماقتا ئىدى. نەمەت خەلپەت بالىلارغا تەنبىھ بېرىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىتتىن سورىدى:

— ئۇكەم، نەدىن كەلدىڭ؟

— كورلىدىن.

يىگىت يىغلاپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ يىگىت كورلا شەھىرىدىكى مەلۇم بىر تىجارەتچىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، گومىنداڭ ئەسكەر- لىرى ئۇلارنىڭ دۇكىنىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت باشقىلارنىڭ «ئىلىدا نامراتلارنى، يېتىملارنى يۆلەيدىغان بىر ھۆكۈمەت بار» دېگىنىنى ئاڭلاپ بىر يىل بۇرۇن يولغا چىقىپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ مۇبارەك دىيارغا قەدەم بېسىپتۇ.

«بىچارە خەلقىم!» نەمەت خەلپەت دەرھال ئۇ يىگىتنى باشلاپ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلدى ۋە پاكىز يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆ- زىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ باش شتابقا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت يېڭى ئەسكەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئىنقى- لابىي كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇ يىگىتقۇ مىللىي ئارمىيە قوينىدىن ئورۇن ئالدى، لېكىن ئىلىغا ئازادلىق ئىزدەپ كېلىۋاتقان يالغۇز مۇشۇلا بىر يىگىت ئەمەس - دە!

شۇنىڭ بىلەن نەمەت خەلپەت يەنە جاپالىق كۈرەشكە ئاتلاندى.

ئۇ خەلقنى ئويغىتىپ، خەلقنىڭ خەيرخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشـ
ـنى كۆزلەپ پۈتۈن ئىلىنى كېزىپ چىقتى. بۇ چاغلاردا ئىلى
رايونىمۇ ئازاد بولغىلى ئۇزۇن بولمىغاچقا نامراتلارنىڭ قولىدا
تۇزۇكىرەك بىر نەرسە يوق ئىدى، لېكىن ئۇلار خەلپىتىمنىڭ يەتتە
ۋىلايەت خەلقى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى قۇرۇق يولغا
سالغۇسى كەلمەي، پۇلى بارلار پۇل، مېلى بارلار مال، ھېچنېمىـ
ـسى يوقلار بىرەر قۇر كىيىم ياكى ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ،
ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىشتى. ئۇ جاپالىق يول يۈرۈپ كۈنەسكە
بارغان كۈنى ئاجايىپ بىر تەسىرلىك ئىش يۈز بەردى. كۈنەس
ئەسلىدە قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، ئۇلار
نەمەت خەلپەتنى كۆرۈپلا سوراشتى:

— ئەي سارت، نەدىن بولىسەن؟

— تۇرپاندىن كەلدىم، — دېدى ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە
ئېلىپ سالام قىلىپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا يول بويىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان بىر چال ئورنىـ
ـدىن تۇرۇپ نەمەت خەلپەتنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۇنداقتا مويدىن خەلپەتنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، — بىردىنلا نەمەت خەلپەتنىڭ يادىغا ھېلىگەر
تۇلكە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان تۇرپان دېھقانلار
قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى مويدىن خەلپەت كېلىۋېـ
ـلىپ، دىماغلىرى ئېچىشىپ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرـ
ـغىپ چۈشتى.

— قانداق، ئۇ كىشى ئامانمۇ؟ — سورىدى يەنە چال.

— مەرھۇم مويدىن خەلپەت شېھىتلىك مۇقامىغا يەتكىلى 30
يىلدىن ئاشتى...

شۇ ھامان چال ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئەتراپنى بېشىغا كەيـ
ـدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مويدىن خەلپەت كۈـ
ـنەسكە كەلگەن چاغدا ئۇ 30 لاردىن ئاشقان يىگىت ئىكەن. نامراتـ
ـلىق دەستىدىن كۈن ئېلىش ئېغىر كېلىپ تۇرغان بۇ يىگىت

يامۇلدىن يېڭىلا قويۇپ بېرىلگەن مويدىن خەلپەتنىڭ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ شۇ چاغدىكى قازاق ئاخۇنلىرىدىن جاندار ئەلى مۇپتى، شىبلى ئەلەم ئاخۇنلارنىڭ ھۇزۇرىدا بولغان كىشى ئىكەن.

ئۇ كىشى نەمەت خەلپەتنى دەرھال كىگىز ئۆيگە باشلاپ، قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە تاي سويۇپ مېھمان قىلدى. بۇ قېتىم باشلانغان مېھماندارچىلىقتىن كېيىن بىرنەچچە كۈنلەرگىچە مېھماندارچىلىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھەربىر ئۆيدە بىردىن قوي سويۇلاتتى. قازاق ئاقىنلىرى دومبىرانى سازلىغىنىچە قازاق خەلق ناخشىلىرىنى توۋلاپ، سورۇننى چاڭ كەلتۈرۈۋېتەتتى.

— مەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كەلدىم، — دېدى بىر كۈنى نەمەت خەلپەت ھېلىقى چالغا ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ، — ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئورنىدىن دەرس تۇرغاندىن كېيىن، ئىلى رايونى ئازاب چەككۈچىلەر تەلپۈنىدىغان ئەزىز جايغا ئايلاندى. ھازىر كۈندە دېگۈدەك بىر توپ ئادەم كېلىپ ئىلىغا توپلىنىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا مەن ھەرقايسىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ چىقتىم. بولسا مېھماندارچىلىقنى مۇشۇ يەردە توختىتاساق، ماڭا ئاتاپ سويۇلۇۋاتقان شۇ قويلارنى ياردەم ھېسابىدا ھۆكۈمەتكە بەرسىلىرى، بىز ئىلىنى پاناھ تارتىپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلەتسەك!

— ئۇمۇ بولىدۇ. ئېركەش، قالىبەك، ئامانتاي ئۈچقۇرلىرىم، قېنى سىلەر؟

شۇ ھامان بۇركۈت كەبى ئۈچ ئەزىمەت بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— لەببەي ئاتا، بىرەر تاپشۇرۇقىڭىز بارمىكىن؟

— چاپسان بېرىپ يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ كېلىڭلار، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار!

ئۇلار چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا ئۆي ئىچى ئادەم بىلەن تول-

دى. چال ئۇلارنى شىرداق ئۈستىگە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن نەمەت خەلپەتنىڭ تەلەپلىرىنى بايان ئەيلىدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇرت قوزغىلىپ بايلار 10 دىن، قولى قىسقىلار بىردىن دىگەندەك قوي ـ ئۆچكە دىگەندەك جاندارلارنى يېتىلەپ كېلىپ بىر جايغا توپلىدى.

— بىزدىن خاپا بولىما، — دېدى چال نەمەت خەلپەت قايتاردا، — بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىكلا ئىكەن.

— ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلدىم، كۇنەس خەلقىنىڭ، قازاق خەلقىنىڭ ھىممىتىگە مىڭ رەھمەت!!!

چالنىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان دۇئاسىدىن كېيىن، قويلار قازاق چارۋىچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن غۇلجىغا يەتكۈزۈلۈپ، غۇلجىغا كېلىۋاتقان يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلىنىڭ يۇلتۇزى ئۆچتى

ھەش ـ پەش دېگۈچە 1948 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىمۇ بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئورنىدىن دەرس تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن بولۇپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىن مول ھوسۇل خەۋەرلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. دېمەك، بۇ يىل بەرىكەتلىك بىر يىل بولغان بولۇپ، دېھقانلار زىرائەتلىرىدىن مول ھوسۇل ئالغان بولسا، ئاۋۇل، يايلاقلاردىكى چارۋىچىلار ئۆز چارۋىلىرىدىن ھەسسىلەپ تۆل ئېلىشقانىدى.

— مەن نەمەت خەلپىتىمنى ئىزدەيتتىم، — پاكىز كىيىنگەن بىر قازاق يىگىت ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ باش شتاب ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى، — مەن نەمەت خەلپىتىمنى ئىزدەپ كەلگەن...

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت باش شتابتا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەئىدۇللا سەيپۇللايوف قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، نەمەت خەلپەت قاراۋۇل يىگىتنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن تالاغا چىقتى.

— ھوي، ئامانتايمۇسەن ئوغلۇم، — نەمەت خەلپەت ياتسىراپ تۇرغان يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، — ئاتاڭ ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ، كۈنەس خەلقى ئامانمۇ؟

— ياخشى، — دېدى يىگىت تارتىنىپ تۇرۇپ، — بۇ يىل چارۋىلاردىن ھەسسىلەپ تۆل ئالدۇق. شۇڭا ئاتام خەلپىتىم كېلىپ قويلىرىنى كۆرۈپ كەتسۇن دېۋىدى...

خەلپىتىمنىڭ كەينىدىن چىققان ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال چاقچاق قىلدى:

— بەللى، خەلپىتىم، كۈنەسكە بېرىپ چارۋىدار بولۇپ كەپ-

تىكەنسىز ـ دە!
شۇ ھامان ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشتى. بۇ چاغدا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان نەمەت خەلپەت قازاق يىگىتكە تىكىلدى. بۇ چاغدا قازاق يىگىتمۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك پىسسىڭىدە كۈلۈپ تاشلىدى ۋە سۆزگە كىرىشتى:
— سىز ھېلىقى چاغدا كۈنەسكە بېرىپ غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، سىزنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۇقماي قالغان بىر قىسىم چارۋىچىلار سىزنى مېھمانغا چىللاپ كەپتۇ. ئۇلار سىزنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۇققاندىن كېيىن، بىز بەرىبىر بۇ قويلارنى خەلپىتىمگە ئاتىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىدا بېقىپ تۇرايلى دەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزئارا يىغىش قىلىپ 40 ـ 50 تەك قوي قىلغانىدى. مانا بۇ يىل شۇ قويلار تۆللىگەن قوزىلار قوشۇلۇپ، قويلارنىڭ سانى بىرەر يۈزگە يەتتى. شۇڭا ئاتام ھازىر خەلپىتىم ئىشلەۋاتقان خىزمەتكە يەنە ئىقتىساد لازىم بولۇۋاتقاندۇر، بولسا خەلپىتىمنى چىللاپ چىقساق يايلاقتا بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ شۇ قويلارنى ئەكەتكەي، دەپ مېنى ئەۋەتتى.
— رەھمەت، خەلقنىڭ ھىممىتىگە مىڭلاپ تەشەككۈر! — نەمەت خەلپەت ئاران شۇ سۆزنىلا دېيەلىدى.
— شۇنداق، خەلقنىڭ ھىممىتىگە مىڭلاپ تەشەككۈر ئېيتماق لازىم، — بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە قوشۇلدى، — خەلق بىزنى چۈشىنىدۇ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى سۆيىدۇ، — ئۇ يەنە نەمەت خەلپەتكە چاقچاق قىلدى، — خوش، خەلپىتىم، سىز بۇ قويلارنى قانداق قىلماقچى، كۈنەسكە چىقىپ چارۋىدار بولاي دەمسىز ـ يا!؟
— سۇللا بىر گەپنى قىلدىلاغۇ، ئۆكەم، — دېدى نەمەت خەلپەت بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، — ھازىر ئىقتىسادنىڭ كەملىكىدىن يېڭىدىن كېلىۋاتقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قېرى جېنىمنى سېتىشقا ئاز قېلىۋاتسام، نەدىكى چارۋىدار بولۇشكەن ئۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپتىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— چېقىشىپ قويىدۇم، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ، — قىرىغاندا خىزمەتلەر ئېغىر كېلىشۋاتامدۇ ـ يا؟

— يائاللا، نېمىلەرنى دەيدىغاندۇر، بۇ ئۇكەم، — بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدى، — قېرىلىقنى ئاللىقاچان گومىنداڭچىلارغا تاشلاپ بەردۇق. غۇلجىغا قەدەم باسقان كۈندىن تارتىپ ئۆزۈمنى مەڭگۈ 18 ياش دەپ ھېسابلاپ يۈرمەن دېسىلىرا!

— يارايسىز، خەلپىتىم، جاسارىتىڭىزگە ئاپىرىن!

شۇ كۈنىلا نەمەت خەلپەت قاۋۇل بەش ئەزىمەتنى باشلاپ كۈنەسكە قاراپ يولغا چىقتى ۋە قازاق خەلقىگە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، قويلارنى ئەكېلىپ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى.

* *

بۇ كۈنلەردە غۇلجىدا تارقىلىۋاتقان خۇش خەۋەرلەر بولا ئەمەس بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئىنقىلاب پېشۋالىرى ئۆز ۋۇندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن بولغان كۈرەشلىرىگە دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە جەڭگىۋار مىللىي قوشۇن ئارىسىدا ئاخبارات توردىن پايدىلىنىپ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېسىل ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى يولغا قويغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن باشقا، يەنە ھەرقايسى قىسىملار ئارا چىقىدىغان «كۈرەش»، «قورالىق بۈركۈت»، «قەھرىمان»، «جەڭ خەۋەرلىرى» قاتارلىق 10 نەچچە خىل شاپىگراف گېزىتىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» كەبى ئېسىل ئەنئەنىلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئارمىيە ـ خەلق ئارىسىدا ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىش توغرۇلۇق چاقىرىقلار قىلىنىغاندىن تاشقىرى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ «ئۈچ ئەڭگۈش-

تىسرى» دىن بىرى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ ئىجرا قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئارىسىدا «ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سەپ» قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، بۇ ساھەدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مىللىي بىر- لىك سەپكە ھەر مىللەت خەلق ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، يۇقى- رى قاتلام جامائەت ئەربابلىرى، دىنىي زاتلار، سودا ـ سانائەتچى- لەر، ھەرخىل كەسىپلەردىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر، تەرەققىيپەرۋەر يەر ـ سۇ ئىگىلىرى، كونا ئەمەلدارلار… قاتارلىق ھەرخىل تائىپە كىشىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا بولغان قىزغىنلى- قى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

نەمەت خەلپىتىمۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، شۇنداقلا ئىلغار پىكىرلىك زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئابدۇمۇتائالى خەلپەم، مۇھەممەتجان مەخسۇم، داموللا رازىيوف، ھىلالىدىن ھاجىم، ما- زاروف، موگۇنتوف، ئەنۋەر مۇساباييوفلار بىلەن بىر قاتاردا ئىنقى- لابىي مىللىي بىرلىك سەپكە قاتناشقانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇنى بىر خۇشاللىق دەپ قارىساق، خۇشاللىقنىڭ چوڭى تېخى ئەمدى كۆرۈلدى. ئەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىلى ۋەكىل- لىرى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسى- يەتچىلىرى ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ قاتار- لىق جايلاردا ھەربىي بازىلارنى قۇرۇپ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسى- رىنى تۈگىتىش ئۈچۈن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلى- دى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تارقاتقانلىكى كىشىلەرنى، مەيلى ئۇلار چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇردى، قىينىدى، يوشۇرۇن ئۆلتۈردى. بىراق خەلقنىڭ كۆزى ئەمدى ئېچىلىپ كەت- كەنىدى، ئەركىنلىكنىڭ، ئازادلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۆز ھاكىمىيىتى ۋە ھۆكۈمىتى تىكلەنسە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىلى

ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نىڭ ئەمەلىيىتىدىن چوڭقۇر كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار قۇر-
بان بېرىشلەرگە پىسەنت قىلماي، ئارقا ـ ئارقىدىن يوشۇرۇن
تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇ-
رۇشنى ئەۋجىگە كۆتۈردى، لېكىن ئۇلار بىرلىككە كەلگەن بىر
رەھبەرلىك يادروسىغا، بىرلىككە كەلگەن سىياسىي رەھبەرلىك
ئورگىنىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. پۇتكۇل ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك
بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمى پۇتكۇل شىنجاڭ خەل-
قىنى مۇنتىزىم بىرەر رەھبەرلىك ئورگىنىغا، سىياسىي جەھەتتە
دائىمىي يېتەكچى تەشكىلاتقا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە باش قاتۇ-
رۇپ، ئاخىرى يەتتە ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە ئىلىدا
قۇرۇلغان ھەرخىل تەشكىلاتلارنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇ-
رۇپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى تېزرەك قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇ-
تۇپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتى-
پاقى» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كې-
يىن، ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ
قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىل-
لىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى ۋە ھەرقايسى تەشكىلات-
لار مەزكۇر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشتى. «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن
كېيىن دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىلىپ ئەخمەتجان قاسىمى
مەزكۇر «ئىتتىپاق» نىڭ رەئىسلىكىگە، ئىسھاقبېك مونونوف مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. نەمەت خەلپىتىم بولسا «ئىتتىپاق»
نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.
دەرۋەقە بۇ كۈنلەردە نەمەت خەلپىتىم ناھايىتى ئالدىراش بو-
لۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن
مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەلىمىنى سازلاپ، ئازاب ـ
ئوقۇبەت ئىلكىدە خۇددى «ئوتتىكى قىل» دەك تولغىنىۋاتقان يەتتە

ۋىلايەت خەلقىنى تېزرەك ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد بولغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۈلگە قىلىش مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرىشان بولما» ناملىق شېئىرىدا بۇ جەھەتتىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەنىدى:

## پەرىشان بولما

ئىزدىسەڭ سەن ئازادلىق بولما پەرىشان ئەي كەمى،
ھەر يارالغان پىل ئەمەس، دۇنيادا ئىنسان ئەي كەمى.
سەن ھامان قىلساڭ ئىختىيار كەڭلىك زامانىنى دائىما،
لېكىن كەلمەس سەئىسىز[1] ئىلكىڭگە ئاسان ئەي كەمى.

كەچمىگۈنچە جانىدىن جانانغا يەتمەس ھېچ كىشى،
قەھرىمان ھەم پالۋان جانانغا قۇربان ئەي كەمى.
قالمىغۇنچە تامچە قان قالما كۈرەش مەيدانىڭدىن،
ئىجتىھات قىل توختىماي بەخت ـ پاراۋان ئەي كەمى.

ئۈچ ۋىلايەت خەلقى تاپمىش مۇستەبىتلەردىن نىجات،
زۇلۇمدىن يەتتە ۋىلايەت زارى ھەيران ئەي كەمى.
قايغۇرۇپ كۆپ يىغلىما خەلقىڭنى ياد ئەيلەپ تولا،
چۈن ئۆلارنىڭ دائىما ئىمكانى كۈرەش ئەي كەمى.

تاپسا بۇ يەتتە ۋىلايەت خەلقى قۇللۇقتىن نىجات،
ھېچ ئەجەب ئەمەس پاناھىم بەرسە پەرمان ئەي كەمى.
ئول جەنۇب ساھىلدىكى دىلخەستىلەرنىڭ دەردىگە،
ئىزدىگىل تىنماي ھەمىشە دورا ـ دەرمان ئەي كەمى.

---

[1] سەئىسىز — سەۋەبسىز دېگەن مەنىدە.

بۇ ماكان قويدۇڭ قەدەم شۇندىن بۇيان تاپتىڭ ئامان،
ئول جەنۇبتا سەن ئىدىڭ مەھبۇس زىندان ئەي كەمى.
مەيدان ئارا مەردلىكىڭنى كۆرسەت ئەمدى خەلق ئۇچۇن،
ئايلىنىپ كەتسۇن تېنىڭدە مىڭ جان بولسا ئەي كەمى.

بولسا ئازاد ھەربىر كىشى، يۇرسە خۇشال بۇندىن بۇيان،
ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىدە قالمىغاي ئارمان كەبى.
نىئمەتۇللا دەر ئېتىم، مەشھۇل لەقەم ئېتىم كەمى،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدۇر ئۇشبۇ تۇرپان ئەي كەمى.

* *

ھەش - پەش دېگۇچە بىر يىل ئۆتۈپ، 1949 - يىلىمۇ ئاۋغۇست ئايلىرىغا قەدەم قويدى. بۇ كۇنلەردە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئوتلۇق يۇركى دۇپۇلدەپ سوقۇپ، ھاياجانلىق كۇلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ئۇچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە مەخسۇس تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇلارنى يېقىندا ئېچىلماقچى بولغان 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا تەكلىپ قىلغانىدى.

تېلېگراممىا كەلگەن كۇنى ئەخمەتجان قاسىمى نەمەت خەلپىتىمنى ئۆيىگە چاقىرتتى.

— مانا بۇنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن تېلېگراممىنى ئۇنىڭغا ئۇزۇتۇپ، — رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىيجىڭدا تۇرۇپ بىزگە مەخسۇس تېلېگراممىا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ بىزدىن يېقىندا ئېچىلماقچى بولغان 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشىمىزنى تەكلىپ قىلىپتۇ تېخى!

— ئەجەب ئوبدان گەپلەرنى قىلىدىلاغۇ، ئۇكەم، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ كۈلۈپ، — خۇدايىم سەپەرلىرىنى ئوڭ قىلغاي، بىز ھەربىر نامىزىمىزدا ئاللادىن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ تۇرىمىز.

— لېكىن، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى جىددىي قىلىپ، — ھازىر ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازاد بولغان بىلەن يەتتە ۋىلايەتتە زۇلۇم ھەددىپ ئەۋج ئالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىدىمۇ پۈرسەتپەرەس كىشىلەرنى يوق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەگەر بىز كېتىپ قال-ساق، بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ھەي ئۇكىسەم، — دېدى نەمەت خەلىپىتىم ئويچان قىيا-پەتتە، — بۇ دېگەنلىرىمۇ دۇرۇس، «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە»، بۇنىمۇ يوق دەپ كەتكىلى بول-مايدۇ، — ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزگە كى-رىشتى، — ئۇنداق ئەندىشە بولىدىغان بولسا، بىيجىڭغا بارىدىغان ئىشنى ۋاقتىنچە ئاشكارىلىماي، بىرەر يەرگە خىزمەت تەكشۈرگىلى بارىمىز دەپ مېڭىۋەرمەمدىلا!

— ھۇششەرە، خەلپىتىم، ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىز مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بىلەن ئەجەب ئوخشاش چىقتى-يا!

شۇنداق قىلىپ 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سوگۇربايوف، لو جى قاتارلىق رەھبەرلەر غېنى كېرىموف ۋە ئابدۇرېشىتلارنىڭ خىزمەتچىلىكى بىلەن ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بارىمىز، دەپ قويۇپ ماشىنىغا ئولتۇرغىنىد-چە يۈرۈپ كەتتى.

*            *

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىدى، چۈشتىن كېيىن سائەت 2

ده سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىدىن سەيپىدىن ئەزىزىنى جىددىي چاقىرتتى ۋە ھال ـ ئەھۋالمۇ سورىماي، موسكۋادىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى ئوقۇپ بەردى: «ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىركۇتىسكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ، بايقال تاغ تىزمىلىرىغا يېقىنلاشقاندا ھاۋا كىلىماتى ناچارلىشىپ، بەختكە قارشى تاغقا سوقۇلۇپ كەتتى. ئايروپىلاندىكى 17 كىشىنىڭ ھەممىسى قازا قىلدى!»

— يالغان، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سەيپىدىن ئەزىزى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ. ئۇ تېلېگراممىنى مىجىقلاپ تۇتقىنىچە ماشىنا بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇشۇ ۋەكىللەر ئىشى بىلەن غۇلجىغا كەلگەن مەخسۇس ۋەكىلى دېڭ لىچۈننىڭ ياتىقىغا كىردى.

— شۇم خەۋەر، — دېدى دېڭ لىچۈن چۆچۈپ، — مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىمەن!

بۇ خۇددى شائىرنىڭ:

ئىلى يۇلتۇزى لەھەتكە كەتتى،
خەلقىنىڭ پەريادى پەلەككە يەتتى.
ئەركىنلىك ئىدىغۇ ئۇنىڭ ئىزدىشى،
ئارماننى قالدۇرۇپ كەلمەسكە كەتتى.

دەپ يازغىنىدەك، غۇلجا ئاسمىنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سوگۇربايوف، لو جىدەك چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلىرىدىن ئايرىلدى. غۇلجا ماتەم قايغۇسىدا ھۆڭگىرەپ يىغلىدى، ئىلى دەرياسى قەھرلىك ئۆركەشلىدى!

دەرۋەقە، بۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئازادلىققا تەشنا قەلبلەر چوڭقۇر قايغۇدا قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار ـ زار ياش تۆكمەكتە ئىدى.

# ئارمان كۆلگەن كۆنلەردە

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە «جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغانلىقى» نى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىنىڭ برونېۋىك تۆەنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ ئاسمىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇردى. بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بۇرھان شەھىدى ئەپەندى ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىندى. 1910 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن نەمەت خەلپىتىم بۇ ئاسايىشلىق زاماندىن دىلى سۆيۈنۈپ، ئازاد زامانىنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى.

1950 ـ يىلىدىن باشلاپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان نەمەت خەلپەت 1955 ـ يىلى، يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، يەنە شەرەپ بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش» نىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇرپان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئانا يۇرتى تۇرپانغا كېلىپ تۇرپان خەلقى ۋە ئەزىز دوست ـ بۇرادەر، قوۋم ـ قېرىندـ

داشلىرى بىلەن جەم بولدى.
بۇ چاغلاردا ئاللىقاچان موتىسىپىتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان نەمەت خەلپىتىم تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىلىنى چىڭ باغلاپ، تۇرپان، پىچان، لۇكچۇنلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، شۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى ياراتتى.
1955 ـ يىلى 12 ـ ئاي مەزگىللىرى بولسا كېرەك، بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا تاشلىق جۇۋا كىيگەن شالاڭ ساقاللىق بىر كىشى لۇكچۇن دىيارىغا قەدەم باستى. بۇ كىشى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، يېتۈك بىر رەھبەرگە ئايلانغان نەمەت خەلپىتىم بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىم كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز ئانا يۇرتى لۇكچۇنگە ھەم زىيارەت ئۈچۈن، ھەم ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.
نەمەت خەلپەتنىڭ لۇكچۇنگە قەدەم باسقانلىقىنى ئاڭلىغان پۈتۈن يۇرت قوزغىلىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، قەبرىگاھلارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە يۇسۇپبايىنىڭ قورۇسىدا (ھازىرقى پاراۋانلىق دوختۇرخانىسى) پۈتۈن لۇكچۇن خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈردى.
لۇكچۇن قەدىمىي تارىختىن بۇيان ئۆتكەن ھەرقايسى بەگلىك، ۋاڭلىقلارنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەن يۇرت بولۇشى بىلەن بۇ يۇرتتا ۋاڭ، بەگ ئەۋلادلىرى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتكە قارىتا چۈشەنچىسى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس ئىدى. نەمەت خەلپىتىم كېلىپ ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ جايىغا چۈشۈپ، ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندى.

*　　　　　　　　　　　　*

1957 ـ يىلى نەمەت خەلپىتىم ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلىپ بىھۇدە ئازاب چەكتى. ئۇ خىزمىتىدىن مەجبۇرىي ھالدا توختىتىپ قويۇلۇپ سازايى قىلىندى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان ئەسەرلىرى بولسا «جىنايەت پاكىتى» قىلىنىپ مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

بىر ئۆمۈر خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچىنىڭ تارتىۋالغان ئازابلىرىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئاڭلىغان بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئۇيغۇر سايرانى، ياسىن خۇدابەردى ۋە ئىبراھىم تۇردىغا ئوخشاش پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى «تۆھمەت» لەرنى سۈ- پۈرۈپ تاشلاپ، خىزمىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى.

پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىۋاتقان ئۇلۇغ كۈنلەردە، يەنى 1962 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا بۇ زات سۆرەلمە خاراكتېرلىك قان قېتىشىش كېسىلى ۋە يۈرەك سانجىقى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ قېتىممۇ يەنە ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم رەھبەر- لەر بىۋاستە قول تىقىپ ئۇنى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇت قارىمى- قىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىغا ئاچىقتى، لېكىن ئۇزۇن يىللىق تۈرمە ھاياتى ۋە 1957 ـ يىلدىكى ھەرىكەتتە كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن نەمەت خەلپىتىم 1962 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 74 يېشىدا يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۈرۈمچى ئۆلانبايدىكى «قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى» غا قويۇشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاسا- سەن، ئۇنىڭ جەسىتى تۇرپانغا يۆتكەپ كېلىنىپ، تۇرپان مۇرتۇق- تىكى مەۋلانە ئابدۇلھەمىد غوجام قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

مەرھۇم قىسقىغىنە ھاياتىلىق مۇساپىسىدە ئۈچ دەۋر (فېئودال ۋاڭ ـ غوجىلار دەۋرى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ۋە ئازاد- لىق دەۋرى) نى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات پائالىيد- تىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا 20 يېشىدىن باشلاپلا ئەلگە تونۇلغان جاما- ئەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا بىر ئۆمۈر كۈرەشكەن مەنىلىك ھايات ئىدى.

ئۇ يەنە پۈتكۈل ھاياتىدا ئەل ئوغلانلىرى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ، ئېزىلگۈچى خەلق ئام- مىسىنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىققا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئۆزىنىڭ پاساھەتلىك شېئىرىي جۈملىلىرىدە ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەلەمدە ۋە قەلەمدە تەڭ يېتىشكەن ئۇلۇغۋارانە روھىنى نامايان قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ 1935 ـ يىلىغىچە يازغان شېئىرلىرى جاللات شېڭ شىسەينىڭ قولىدا، قالغانلىرى ئازادلىقتىن كېيىنكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، پارتى- يە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەر تەرەپلىمە ئىزدەشلەر ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ خەلق تەرد- پىدىن ساقلاپ قېلىنغان بىر قىسىم شېئىرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان «گۈدۈك» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

# ئاخىرقى سۆز

مەن بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا ئۆزۈم توپلىغان بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن باشقا يەنە ئالىم - ئەدىبلىرىمىزدىن مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن»، مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»، مەرھۇم خېۋىر تۆمۈرنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تارىخىي رومانلىرىدىن ۋە پېشقەدەم يازغۇچى مۇھەممەت شاھنىيازنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»، تۇرسۇن ئەرشىدىنىنىڭ «ئەركىنلىك جەڭچىسى — ئەخمەتجان قاسىمى» قاتارلىق كىتابلاردىن ۋە تارىخچى شېرىپ خۇشتارنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 25 - قىسمىغا بېرىلگەن «دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت (كەمى) نىڭ ھاياتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن مەنبەلەرمۇ ئالدىم.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا مېنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ يېقىندىن ياردەمدە بولغان مەرھۇم نەمەت خەلپىتىمنىڭ قىزى ئىمىنخان ئانىغا، ئابدۇللا پەيزۇللا ئەپەندىگە، تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسىدىكى كېرەم تۇرسۇن ئەپەندىگە ۋە ماڭا يول كۆرسىتىپ مەزكۇر ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە تۆرتكە بولغان دىلكەش دوستۇم، شائىر، يازغۇچى ئۆمەرجان سىدىق ئەپەندىلەرگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەمەت خەلپەت

(رومان)

ئاپتورى: ياقۇپ ئىسمايىل
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرادىل ئابىت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.125
نەشرى: 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—4100
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—10128—3
باھاسى: 21.00 يۈەن